# تارىم

2

AltunOq

1990

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدىن كۆرۈنۈشلەر




ئومۇمي كۆرۈنۈش



ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى تەزىيە نۇتقى سۆزلىمەكتە.



رەھبەرلەر زۇنۇن قادىرنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن ھال سورىماقتا.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى قىيۇم تۇرسۇن

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

2

AltunOq

1990

40 - يىل نەشرى

# بۇساندا

## ماقالىلەر


قەييۇم تۇردى............... زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلەنـ گەن سۆز .............................................. 138
زۇنۇن قادىرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ تىزىملىكى .... 140
ئۈرۈمچىدە ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى .................... 140
ياسىن خۇدابەردى............ زۇنۇن قادىرنى ئەسلەيمىز.................................... 141


## نەسرىي ئەسەرلەر


نۇرمۇھەممەت توختى......... يېڭى قوشنا (ھېكايە) ........................................ 4
جالالىدىن بەھرام............. نومۇسسىزلىق (پوۋېست) ........................................ 41
مۇھەممەت ئىمىن............. كۆتۈلمىگەن پاجىئە (ھېكايە)........................................ 108
مۇھەممەت ئىمىن............. ئاينۇرى (ھېكايە) ........................................ 127


## شېئىرلار


روزى سايىت................ شېئىرلار ........................................ 28
تۇردى ئەخمەت ............. جەننەت بۇ ماكان ........................................ 30
غەنىزات غەيۇرانى .......... شۇ باشلىق ئورنىغا تىكىلگەن كۆزۈم ........................ 33
ئوسمانجان ساۋۇت .......... ئالماشمايدىغان بېكەتلەر ........................................ 34
ياسىنجان قاسىم ............ تۆگىمەس گەپلەر........................................ 36
تۇرسۇن موسا .............. ئىككى شېئىر ........................................ 36
ئۆمەرجان مۇھەممەدى ....... سەھرا ناخشىلىرى ........................................ 37
ئابدۇلئەھەد قادىرى ......... يۈرىكىمدىن چىققان سادالار........................................ 38
تۇراپ دايىم ................. شېئىرلار........................................ 39
ئەركىن داۋۇت ............... سېغىندىمەن، سېغىندىم سېنى ........................................ 96

ئىلھامجان ئابلىز............ ھايات ۋە سۆيگۈ............................ 99
ئەركىن مۇھەممەت............ لىرىكىلار............................ 101
ئۆمەر قادىر............ سۆيگۈ ساھىلىدىكى سىرلار............................ 102
مۇختار سوپى............ گۈگۈم تەبەسسۇمى............................ 103
ئەنۋەر داۋۇت............ ئۇيغۇر يىگىتى............................ 104
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر............ ھەر مۇقامدا ئېيتقان ناخشىلار............................ 105
تۇرسۇنجان ھاشىمى............ شېئىرلار............................ 106
نۇرگۈل يۇنۇس............ ئۈمىدلىرىم قالسۇن چېچەكلەپ............................ 107
ئەلقەم ئەختەم............ سەبر تاقەت يوق............................ 145
رەخىم قاسىم............ ئەلۋىدا، ئۇستاز............................ 145
ھاجى ئەخمەت............ مەرسىيە............................ 146
ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر............ سىزنى ئەسلەپ............................ 146
ماخمۇت مۇھەممەت............ مەن ئوقۇسام مەرسىيەمنى............................ 147
سېتىنىسا لوقمان............ ئەلۋىدا............................ 147
مۇھەممەت روزى............ شاد ئاۋازلار تىندى نېمىشقا............................ 148

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم............ ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ
مەھسۇلى............................ 149
نەبىجان ماخمۇت............ روھىي دۇنياغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلانغان قەدەم...... 153

## سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن

ئەخمەتجان ھاشىرى............ ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن (ھېكايە) ........................ 156

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

* *

بۇ سانىنىڭ رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلىرىنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن

نۇرمۇھەممەت توختى

# يېڭى قوشنا

(ھېكايە)

## 1. ئوچۇق دېرىزە

شەھەرنىڭ غەربىدىكى خىلۋەت كوچىدا باسىت ماشىنىچىنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان ھويلا - ئارامى؛ پاكارغىنە دەرۋازىنىڭ يېنىدا دېرىزىسى كوچىغا ئېچىلىدىغان كىچىككىنە ماشىنىچىلىق دۇكىنى بار. دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ. ئەنە شۇ دېرىزىدىن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى كوچىغا ئاڭلىنىدۇ. قۇياش غەربكە قىيشايغاندا ئۇنىڭ تالا - تالا نۇرلىرى ئەنە شۇ دېرىزىدىن دۇكانغا چۈشىدۇ، دۇكاندىكى ھەممە نەرسىنى — پىچىلغان ۋە پىچىلمىغان رەختلەرنى، تىكىلگەن ۋە يېرىم تىكىلگەن كىيىملەرنى نۇرغا كۆمىدۇ. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ پارقىراق سىرلىرىدىن، توختىماي يۇقىرى - تۆۋەن ئويناپ تۇرغان يىڭنىنىڭ ئۇچىدىن يېرىم ئوگدا قىلىپ قويۇلغان دەزمالنىڭ سىلىق تاپىنىدىن قايتقان نۇرلار دۇكاننىڭ تاملىرىغا كۈمۈشتەك پارقىراق شولىلارنى چۈشۈرىدۇ.

دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ، باسىت ماشىنىچى كوچىدىن ئۆتكەن تونۇش - بىلىشلىرى، يار - بۇرادەرلىرى، خېرىدار - ئۇلپەتلىرى بىلەن ئاشۇ



دېرىزە ئارقىلىق سالاملىشىدۇ، ئەھۋاللىشىدۇ.
شەھەردىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تاپىدۇ.

يەنە ئاشۇ دېرىزە ئارقىلىق بۇيرۇتمىلارنى قوبۇل قىلىپ، تىكىپ، دەزماللانغان كېيىملەرنى ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ. نىمكا ئالىدۇ. يەنە ئاشۇ دېرىزە ئارقىلىق كوچىدىن ئۆتكەن چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ لەۋلىرىنى يالاپ قويىدۇ...

مانا شۇ دېرىزە ئۇستامنىڭ دۇنيا بىلەن، كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىدىغان يولى. يىگىرمە يىلدىن بېرى ئاشۇنداق بولۇپ كەلدى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ چىرايلىق بىر قىز ساۋاقدىشى بىلەن چاتاق چىقىرىپ قويدى. مەكتەپتىن ھەيدەلگەنلىك توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈننىڭ ئەتىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ماشىنچىلىق قىلىدىغان تاغىسىنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇ يەردە ئىككى يىل تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تاق قاناتلىق پاكار دەرۋازىنىڭ يېنىغا مانا شۇ دېرىزىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن بېرى دۇكاننىڭ دېرىزىسى كۈن بويى ئوچۇق تۇرىدۇ. كەچتە قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۇستام ئېلېكتر چىرىغىنى ياققاندا، ئۇنىڭ ئۆلپەتلىرى ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا جەم بولۇشىدۇ، ئاچچىق كۆك تاماكىنى گېزىت قەغىزىگە ئوراپ قېنىپ - قېنىپ شورىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ يەردە قىلىنىدىغان كەيپ تاماكا چېكىشلا ئەمەس، بەزىدە تۆت - بەش رۇمكىدىن قېقىشىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ ۋە بەزىدە نەشىمۇ دۇكاننىڭ ئىچىنى ئۆزگىچە خاس پۇراققا تولدۇرۇپ ئۆتىدۇ.

كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاتمىش - يەتمىش مو چىققۇدەك ياپيېشىل كۆكتاتلىق بار. نېمىشقىدۇر كۆكتاتچىلار بۇ يەرگە ھەر يىلى بىر خىل كۆكتات - يېسىۋىلەك، پەمىدۇر، مۇچ ۋە يېشىل پۇرچاق تېرىيدۇ. ياز ۋە كۈز ئايلىرىدا ئۇستام تاڭ سەھەردە دېرىزىنى ئاچقاندا كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئاشۇ كۆكتاتلىقتىن كۆتۈرۈلگەن كۆكتات ھىدى ئۇنىڭ دىماقلىرىنى يايرىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇستام دېرىزىنىڭ ئالدىدا ماشىنىسىنى شىرىلدىتىپ ئىشلەيدۇ، كۆزلىرى تېلىپ كەتكەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كۆكتاتلىققا نەزەر سالىدۇ. ئۇنىڭغا كۆكتاتلىقنىڭ قىرىدىكى يالغۇز ئاپتاپپەرەسكە قونۇۋېلىپ ئۇنى زوق بىلەن چوقۇلاۋاتقان ئاق قۇشقاچنىڭ ۋىچىرلىشى ئاڭلىنىدۇ، پەمىدۇر، كۆكمۇچ ۋە يېشىل پۇرچاقنىڭ ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ... ئەنە شۇ بىر مىنۇت ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى يېشىللىق تارتۇق قىلغان ئاللىقانداق راھەتتىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ماشىنىنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلايدۇ. كۆزلىرى تالغاندا، يەنە ئاشۇ يېشىللىققا تىكىلىدۇ... ئۇنىڭ كۈنلىرى، ئۇنىڭ تۇرمۇشى، ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى مانا شۇنداق ئۆتىدۇ. ئونبەش يىلدىن بېرى، ياق، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ۋاقىتتىن بېرى ئەنە شۇنداق ئۆتتى، بىر خىل رىتىم، بىر خىل مۇقام داۋام قىلدى...

ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ بۇ خىل رىتىم بىردىن بۇزۇلۇپ كەتتى. ئۇستامنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتىدىغان ۋە دېرىزە ئالدىدا توختايدىغان ماشىنا - تراكتورلار كۆپىيىپ قالدى. ئۇلارنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان دېرىزە ئارقىلىق دۇكان ئىچىگە پۇرقىراپ كىرىشكە باشلىدى، ئۇستام چاڭ - توزاندىن يەتكۈچە

www.uyghurkitap.com

بىزار بولدى، لېكىن ئېمىشقىدۇر دېرىزىنى يەنىلا ياپمىدى.

كۆپ ئۆتمەي كۆكتاتلىقنىڭ ئورنىدا كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان ئون ئېغىزلىق ئۆي قەد كۆتۈردى. يېڭى ئۆي چىرايلىق، ھەشەمەتلىك ئىدى، ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىغىلا ئەمەس، ھەتتا پېشايۋاننىڭ تورۇسلىرىغىچە قېقىلغان رەڭلىك گەج تاختاي كۆزنى قاماشتۇراتتى. ساڭگىلاتما قۇببىلىق دېرىزىلەرگە، پېشايۋاننىڭ يۇمىلاق تۈۋرۈكلىرىگە، تۈۋرۈك ۋە دېرىزىلەردىكى ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەرگە، تۈۋرۈك بىلەن تورۇسنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەگمە كۇنگۇرىلارغا بېرىلگەن ئالتۇن ھەل قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنەتتى. گۈلتاش ئورنىغا قويۇلغان يىگىرمە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنىڭ قىپقىزىل سىرى ئوتقاشتەك چاقنايتتى...

باسىت ئۇستا بۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆينى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيتتى. راستىنى ئېيتقاندا، زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. مۇشۇ مەھەللىلىك، يۈز ياشتىن ئاشقان بىر مويسىپىت كىچىك ۋاقتىدا كۆرگەن مۇشۇ مەھەللىگە سېلىنغان نىياز ھېكىمبەگنىڭ سارىيىنى ئەسلەپ «ئۇمۇ بۇنچىلىك ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى» دېدى. قارىقاشتىن كەلگەن بىر يولۇچى: «ئاقسارايدىكى مەمتىلىخان غوجامنىڭ سارىيىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەن» دەپ ئۆتۈپ كەتتى. يەنە كىمدۇر بىرى 47 - يىلى سىرىغىزغا سېلىنغان خې دىڭباڭنىڭ ئۆيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ: «ئۇ ھېچنېمە سالالماپتىكەن» دېگەن گەپنى قىلدى. يېڭى ئۆينى كۆرۈش ئۈچۈن كىشىلەر يىراق - يىراقلاردىن ئاتايىتەن كېلىشەتتى. ھەشەمەتلىك نەرسە دېگەن ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ جەلپ قىلىدىكەن، كىشىلەر بۇ ھەشەمەتلىك سارايغا خۇددى قىزىلگۈلنى كۆرگەن قىزلاردەك، چىرايلىق قىزلارنى كۆرگەن شەھۋەتپەرەسلەردەك تىكىلىشەتتى... شۇنداق قىلىپ باسىت ئۇستامنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدى بىر مەزگىل بازاردەك ئاۋاتلىشىپ كەتتى. كۆزلىرى تېلىپ كەتكەندە، بېشىنى كۆتۈرۈپ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە نەزەر سالاتتى، لېكىن ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى قىزىل خىشتىن قوپۇرۇلغان ئېگىز ھويلا تېمىدا، ئالتۇندەك سېرىق تۈچتىن نەقىشلەر قىلىنغان ھالقىلار ئورنىتىلغان قوش قاناتلىق ھەيۋەتلىك دەرۋازىدا توختاپ قالاتتى، ئەتىگەن تەرەپلەردە قۇياشنىڭ تۈچ نەقىش ھالقىلاردىن قايتقان نۇرلىرى ئۇستامنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى چېقىپ كېتەتتى. ئۇستامنىڭ ئىككى چېكىسىدە پۈرۈم - پۈرۈم قورۇقلار پەيدا بولۇپ كۆزلىرى ئىختىيارسىز قىسىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇستامنىڭ كۆڭلىدە قانداق پىكىرلەرنىڭ كېزىپ يۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئاشۇنداق كۆزلىرى قىسىلغان ھالدا بىرەر مىنۇتتەك تىكىلىپ تۇراتتى - دە، يەنە ماشىنىنى شىرىلدىتىشنى باشلايتتى.

يېڭى ئۆي پۈتكەن بولسىمۇ كوچىدىن ئۆتىدىغان ماشىنا - تراكتورلارنىڭ ئايىغى يەنىلا ئۈزۈلمىدى، يېڭى ئۆينىڭ ئەتراپىغا يېڭى - يېڭى ئۆيلەرنىڭ، يېڭى - يېڭى سارايلارنىڭ سېلىنىشى توختىمىدى، خىش - تاش، قۇم - شېغىل، سېغىز - سېمونت، ياغاچ - بورا توشۇيدىغان ماشىنىلار توختىماي كېلىپ تۇراتتى. چاڭ - توزان تېخى پىچىلمىغان رەختلەرنى، يېڭى تىكىلگەن كىيىملەرنى بۇلغايتتى، ئۇستام چاڭ - توزاندىن يەتكۈچە بىزار بولدى، لېكىن دېرىزىسىنى ياپمىدى.

## 2. يېڭى قوشنا

كاتتا ئەربابلار بىلەن قوشنا ئولتۇرۇش ياخشى ئىشمۇ ياكى يامان ئىشمۇ؟ باسىت ماشىنچى بۇنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن. ھۈنەرۋەن - تىجارەتچى ئادەم ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئەمدى ئويلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، قوشنا ئولتۇرغان ئىكەنسەن، ئويلاپ قويۇشۇڭ كېرەك. قانداق سالا قىلىشنى، قانداق پاراڭلىشىشنى، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئويلاپ بېقىشىڭ كېرەك... يېڭى قوشنا يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەندە ئۇ راستىنلا ئاشۇلارنى ئويلىدى. «ياخشىلىق يەتمىگەندىمۇ يامانلىق تەگمەس، چىقىشىپ ئىززىتىنى قىلىپ ئۆتكەن تۈزۈك، خۇدا قوشنا بولۇشقا نېسىپ قىلسۇن...»

يېڭى قوشنا ئۆي كۆچكەن كۈنى — باسىت ئۇستا ئوغلىنى باشلاپ چىقىپ ماشىنىدىن چۈشۈرگەن نەرسىلەرنى ھويلىغا توشۇشۇپ بەرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇلارغا ئىش تەگمىدى، ياردەملىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چاققان ئادەملەر ئىكەن. قولى - قولىغا، پۇتى - پۇتىغا تەگمەيلا ماشىنىلارغا لىقمۇلىق بېسىلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى بىر دەمدىلا توشۇپ بولۇشاتتى. ئۇلارغا قاراپ تۇرغان باسىت ئۇستا «بۇلار ئۆي كۆچۈشنى ھۆددە ئالغان بولسا كېرەك ئۇنداق بولمىسا شۇنچىۋالا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشەتتىمۇ» دەپ ئويلىدى، لېكىن ئۇنى بۇ ئايىغى چاققانلارنىڭ سالاپىتى — ئۇلارنىڭ سېپىمگە يېڭى - يېڭى سالاپەتلىكلەرنىڭ قوشۇلۇپ تۇرۇشى ئەجەبلەندۈرەتتى. ئۆي كۆچۈرۈشۈۋاتقانلار ئىشنى كۈندىلىك ھۆددىگە ئالىدىغان مەدىكارلارغىمۇ، قارا ئىش قىلىدىغان ئىشچىلارغىمۇ ئوخشىمايتتى. باسىت ماشىنچى قاراپ تۇرغان شۇ چاغدا ئايىغى چاققانلارنىڭ سېپىدگە قورسىقىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە سەمىرىگەنلەردىن ئىككىسى كېلىپ قوشۇلدى. لېكىن نەرسە - كېرەكلەرنى توشۇشقا كىرىشكەندە ئۇلار ئورۇقلىرىدىنمۇ بەكرەك چاققان چىقتى... ئەگەر بۇلار ئۆي كۆچۈرۈشنى ھۆددىگە ئالغانلار بولسا، ھەممىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىشقا چۈشمەيتتىمۇ؟ ئىشقىمۇ مۇنچىۋالا ياسىنىپ كەلگەن بارمۇ؟ ياق، بۇلار ھۆددىگە ئالغانلار ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا بۇلار كىملەر؟...

شۇ كۈنى بىر كۈن ئىچىدىلا ئۆي كۆچۈش ئاياغلاشتى، باسىت ماشىنچىغا ياردەملەشكۈدەك ئىش چىقمىدى، ئۇ بىرەر سائەتچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن دۇكانغا يېنىپ كىردى، دۇكاننىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ ئولتۇردى. نېمىشقىدۇر قولى ئىشقا بارمىدى. قوشنىلار شۇنچە ئالدىراش ئۆي كۆچۈۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ بىخارامان ئۆز ئىشىنى قىلالىسۇن؟ ئاخىرى ئۇ يېڭى قوشنىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ قويماقچى بولدى. لېكىن ئۇ ئۆي كۆچۈۋاتقان ئاشۇ سالاپەتلىكلەر ئارىسىدىن ئۆز قوشنىسىنى ئايرىۋالالمىدى، ئۇنىڭ قوشنىسىمۇ ئەلۋەتتە سالغان ئۆيىگە لايىق سالاپەتلىك بولۇشى كېرەك. ئۇ زادى قايسى؟ ھەممىسى يېڭى ئۆيگە لايىق سالاپەتلىك، ھەممىسى ئۆز ئىشىنى قىلغاندەك جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ، قوشنام زادى كىم؟ باسىت ماشىنچى ئاشۇ سالاپەتلىكلەرنىڭ بىرسىدىن تارتىنىپراق سوراشتۇرغانىدى، قوشنىسى ئۆي كۆچۈرۈۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ نەدىدۇر بىر يەردە

يىغىنغا ئىشتىراك قىلىۋاتقانمىش...

يېڭى قوشنىلار ئۆي كۆچكەن ئاشۇ
كۈنى باسىت ماشىنىچى ئۇلارنىڭ ئۆي كۆچۈشـ
گە ياردەملىشەلمىدى. كۆڭلىنىمۇ ئىزھار
قىلالمىدى، ھاردۇق ئېشىغىمۇ چىلالىيالمـ
دى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرەلمىدى.
ئۇ پەقەت دېرىزىسىنى تاقاپ، چىراغىنى
ئۆچۈرۈپ بولغاندا كىچىك ماشىنىنىڭ گۈ-
رۈلدىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ھەشىمەتلىك
دەرۋازىنىڭ بوش غىچىرلىشىدىن كىملەر-
نىڭدۇ يېڭى ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى
ھېس قىلدى ۋە قوشنام ئەمدى كەلگەن
بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى.

باسىت ماشىنىچىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى.
ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى بۈگۈن نېمىشقىدۇر دۇكان
دېرىزىسى ئالدىغا يىغىلمىغانىدى. ئۇلار
كەلمىسە ئۇ ھاراقمۇ ئىچمەيتتى. نەشىمۇ
چەكمەيتتى. ھاراق ئىچمىگەن ياكى نەشە
چەكمىگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قاچاتـ
تى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. كۈندۈزدىكى
ئىشلار خىيالىغا كېلىۋالدى. ھەممىسى سىر-
لىق ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئىشتەك
بىلىندى. يېڭى قوشنام زادى قانداقراق
ئادەم؟ بىزگە قانداق مۇئامىلە قىلار؟ ئۇنىڭ
كاللىسىدا مانا شۇ سوئاللار چۆگىلەيتتى،
ھويلىنىڭ ھەشىمەتلىكلىكىگە قارىغاندا، ئۇ
چوقۇم كاتتا ئەرباب. لېكىن زادى قايسى
دەرىجىدىكى كاتتا ئەرباب؟ قايسى ئىدارىـ
نى سوراپ، قايسى دائىرىنى شۇلۇپ يەيدۇ
ۋە ياكى...

ئۇ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى
بىلمىدى، سەھەردە ئويغىنىپلا بىرىنچى
قىلغان ئىشى كۈندىكىدەك دۇكاننىڭ دېرى-
زىسىنى ئېچىش بولدى. ئۇ مۇشۇ سەھەردە
يېڭى قوشنىسى بىلەن سالاملىشىشنى، ھېچ
بولمىسا ئۇ ئىشقا ماڭغاندا يىراقتىن بولسى-
مۇ قارىسىنى كۆرۈپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈككە-
نىدى. ئالاھەزەل ئىككى سائەت ئۆتكەندىن
كېيىن چىرايلىق بىر پىكاپ ئۇنىڭ دېرى-
زىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قوشنىـ
سىنىڭ قوش قاناتلىق، تۈچ ھالقىلىق دەر-
ۋازىسى قىيا ئېچىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن پە-
كاپنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئارقىدىن جاققىدە
قىلىپ يېپىلدى. باسىت ماشىنىچى دەرۋازى-
دىن چىققان ئادەمنىمۇ، پىكاپقا چۈشكەن
ئادەمنىمۇ ئېنىق كۆرەلمىدى، شۇ كۈنى
كەچتىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ
ئوخشاش بولدى. پىكاپ چاڭ - توزان چىـ
قىرىپ كېلەتتى - دە، ئۇستامنىڭ دېرىزىسى
ئالدىدا (ياق، ئەمدى بۇ يەر ئۇستامنىڭ
دېرىزىسىنىڭ ئالدى ئەمەس، كاتتا ئەربابـ
نىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدى بولۇپ قالغانـ
دى) توختايتتى. ئەتىگەندە ئاۋۋال قوش
قاناتلىق دەرۋازا، ئۇنىڭدىن كېيىن پىكاپنىڭ
ئىشىكى ئېچىلاتتى، كەچتە ئاۋۋال پىكاپـ
نىڭ ئىشىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن قوش قانات-
لىق دەرۋازا ئېچىلاتتى، ئېچىلاتتى - يۇ، يەنە
يېپىلاتتى... شۇنداق قىلىپ باسىت ئۇستا
خېلى كۈنلەرگىچە يېڭى قوشنىسىنى كۆرەلـ
مىدى. ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىش، پاراڭ-
لىشىش نىيىتى ئىشقا ئاشمىدى. قوشنىسى
بىلەن دىدارلىشىش پۇرسىتى كەلمىگەنسېرى
ئۇنىڭغا قوشنىلىرى شۇنچە سىرلىق بىلىـ
نەتتى.

گەرچە ئۇ ئەر قوشنىسى بىلەن دىدار-
لىشالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايالىنى
تۇنجى كۈنىلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى.
قوشنىلار كۆچۈپ كېلىپ ئەتىسى چۈشكە
يېقىن دېرىزىگە تېرەپ قويۇلغان كېيىم
يېيىش شىرەسىنىڭ ئۈستىگە ئوتقاشتەك

بىر توپ قىزىل دوخاۋا گۈپپىدە قويۇل ـ
دى. ئۇستامنىڭ كۆزىگە دەسلەپتە راستىنلا
قىپقىزىل ئوت ـ تەك كۆرۈندى. ئارقىدىن
ئۇ ئاشۇ قىيا بېقىشلىرىدا ئۇنىڭ ئوت ئە ـ
مەس قىپقىزىل، نەپىس ۋە يۇمشاق
دوخاۋا ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلدى. ئۇ بېشى ـ
نى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى، ئالدىدا تۇرغان
ئېگىز بويلۇق، بولاق كۆزلۈك ئايالغا كۆزى
چۈشتى. ئايال ئىچكى كىيىم بىلەن ـــ چى ـ
رايلىق كەشتىلەنگەن رۇباشكا بىلەنلا چىق ـ
قانىدى. رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسىدىن
ئۇنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك بويىنى، لى ـ
غىرلاپ تۇرغان كۆكرىكىنىڭ يېرىمى كۆرۈ ـ
نۈپ تۇراتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكى بىردىن
جىغ قىلىپ قالدى. ئايالنىڭ بىلەكلىرىمۇ
يالىڭاچ ئىدى. سۈزۈك، ئاپئاق بۇدرۇق
مۇسكۇل ھېقىقەتەك جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.
ئايال باشياق ئىدى، ئۇنىڭ توم قارا، بى ـ
لىنەر ـ بىلىنمەس بۇدۇر قىلىنغان قىرقىم
چاچلىرى ئاپئاق دولىسىدا يېيىلىپ تۇراتتى.
ئايال ھېچقانداق گىرىم قىلمىغان، بولاق كۆز ـ
لىرى تەبىئىي قارا، لەۋلىرى تەبىئىي قىزىل
ئىدى. سۈزۈك ھۆسنىدە گۈزەللىكىنىڭ يار ـ
قىن نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن
دىماققا ھۇزۇر بەرگۈچى بىر خىل ئەتىر ـ
نىڭ خۇش ھىدى تارقىلىپ تۇراتتى.

ئۇستام تاشتەك قېتىپ تۇرۇپ قالغا ـ
نىدى. ئەقلىمۇ، پۈتۈن ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ
لال. كۆزلىرى بولسا خۇددى چوڭقۇر خى ـ
يالغا غەرق بولغان ئادەمنىڭ كۆزلىرىدەك
بىر نۇقتىغا ـــ ئايالنىڭ ئۇستىدىكى رۇباش ـ
كىنىڭ ئويما ياقىسىغا تىكىلىپ قالغان... ئۇ
ھەممىنى كۆرۈپ ئۇلگۈرگەنىدى. ئايال ـ
نىڭ ۋۇجۇدىدىن يېغىپ تۇرغان ئايدىڭ
كېچىدەك گۈزەللىكىنىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ـ
دىن ئۇچقۇنداپ تۇرغان ھاكاۋۇرلۇقىنىمۇ،
خوجايىنلارچە قاراشنىمۇ كۆرۈپ ئۇلگۈر ـ
گەنىدى. ئۇ يەنە ئاشۇ كۆزلەردىن ئاجايىپ
سىرلىق بىر نەرسىنىمۇ كۆرۈپ ئۇلگۈردى.

ـــ ئۇستام، مۇنۇ دوخاۋىدا پەردە تى ـ
كىدىغان گەپ ئىدى...

ئايالنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.
ئۇ كۆرۈۋاتقان شېرىن چۈش بىردىن ئۈ ـ
زۈلدى. كۆزلىرىنى رۇباشكىنىڭ ئويما ياقى ـ
سىدىن دوخاۋىغا يۆتكىدى. دوخاۋا ئۇستام ـ
نىڭ كۆزلىرىگە راستىنلا قىپقىزىل كۆ ـ
رۈندى.

ـــ تىكىپ بېرەيلى، ئۆلچەملىرى قان ـ
داقكىن؟

ـــ مۇنۇ ئۇدۇلدىكى ئۆي بىزنىڭ،
ئۆزلىرى كىرىپ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئۆل ـ
چەپ چىقسىلا...! پەردىلەرنى ئەتىگىلا تى ـ
كىپ بولمىسىلا بولمايدۇ. ئۆيىمىزگە مېھمان
كۆپ كېلىدۇ. ئىلگىرىكى پەردىلەر ئەمدى
ياراشماي قالدى...

ئايال قېنى ئەممىسە مەرھەممەت دې ـ
گەندەك قىلىپ بېشىنى يان تەرەپكە ئەگ ـ
دى، ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ماڭدى،
ئۇستام ئەگەشتى. ئايالنىڭ قىسقا رۇباش ـ
كىسىدىن چىقىپ تۇرغان يالىڭاچ پاچاق ـ
لىرىمۇ ھېقىقەتەك سۈزۈك ئىدى. كېلىش ـ
كەن ساغرىسى چوڭ ئۆستەڭدىكى قاينام ـ
دەك تولغىنىپ باراتتى. ئۇستامنىڭ يۈ ـ
رىكى يەنە جىغ قىلىپ قالدى. ۋۇجۇدىغا
ئاللىقانداق تىترەك ئولاشقاندەك بولدى.
ئۇ ئۆينىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئۆلچەپ
يۈرگەندىمۇ بۇ تىترەك ئۇنىڭدىن يىراق ـ
لاشمىدى ـ ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ئۆلچىگۈچ تۇت ـ
قان قوللىرى، ئېگىز ئورۇندۇققا دەسسەپ

تۇرغان پۇتلىرى تىترەيتتى، يۈرىكى، ھېس-تۇيغۇلىرى نېمىگىدۇر ئىنتىلەتتى. ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقماقچى، ئۆزى ئارمان قىلغان گۈل شېخىغا، گۈل بەرگىگە قونماقچى، گۈل تاجىنى چوقۇلىماقچى بولاتتى... شۇ مىنۇتتا ئۇستامنىڭ ئەقلى يەنىلا جايىدا ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كونا كېسىلىنىڭ قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئاللىقانداق بىر خىجىللىق ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى يەنىلا قەپەس ئىچىدە تۇتۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ شۇ كۈنى، شۇ كېچە ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاشۇ تىترەك زادىلا يىراقلاشمىدى.

## 3. كەيىپ ئىچىدە

باسىت ئۇستام تۈنجى قېتىم ئۆلپەتسىز ئولتۇرۇپ نەشە چەكتى. يالغۇز بولغاچقا چىلىم بىلەن چەككۈسى كەلمىدى. نەشىنى ئۇششاق-ئۇششاق ئۈزۈپ كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن گېزىت قەغىزىگە ئوتتۇرا بارماقتەك توم ۋە ئۇزۇن قىلىپ يۆگىدى، تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ-قېنىپ شورىدى. ئۇ ھەر قېتىم كۆچەپ شورىغاندا تاماكىنىڭ ئۇچىدىن لاپ، لاپ قىلىپ يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى. «ياغ-دە، كاساپەت، ياغ، بولمىسا يالقۇن كۆتۈرۈلەمدۇ؟ بۇ نۆۋەت سېتىۋالغىنىم ھەقىقەتەنمۇ بەلەن چىقتى...» ئۇ قېنىپ-قېنىپ شورايتتى. ئۇنىڭ شورىغانلىرى كانىيىدىن ياغدەك سىلىق ئۆتۈپ ئۆپكىسىگە توشاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاغزى-بۇرنىدىن كۆپكۆك ئىس بولۇپ يېنىپ چىقاتتى، ئۇ بىر يۆگەمنىڭ ھەممىسىنى چېكىپ بولدى. ئاخىرقى قالدۇقىنى بېگىز بارمىقى بىلەن چوك بارمىقىنىڭ ئۇچى ئىستىن سارغايغىچە، يىڭنە ئىشى بىلەن قېتىپ كەتكەن بارماق مۇسكۇللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆيگىچە شورىدى...

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمالاشتى، ۋۇجۇدى ئاللىقانداق بىر راھەت ئىلكىدە يايرىدى. پۇت-قوللىرى يېنىكلىشىپ، بەدىنى ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقتىن ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. نېمىگىدۇر كۈلگۈسى كەلدى. يۈزىدىكى تېرە مۇسكۇللار تارتىشىپ كۈلۈمسىرىدى.

ئۇ ئوبدانلا كەيىپ بولغانىدى. لېكىن ھوش-كاللىسى جايىدا ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە رەختنى قولىغا ئالدى، دۇكان ئىچىنى يەلپۈپ نەشىنىڭ پۇرىقىنى دېرىزىدىن چىقىرىۋەتتى. ئەگەر بىرەر ساقچى نەشە ھىدىنى سېزىپ قالسا، ئۆزىنىڭ بالاغا قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ ھېلىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. لېكىن كۆزلىرى ئويما ياقىلىق رۇباشكا كىيگەن ئايال قوشنىسى ھېلىلا كىرىپ كەتكەن دەرۋازىغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇستام ئۆلۈشكۈن سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، نېمىشقىدۇر ئۆز-ئۆزىگە قوشنىدەك قوشنا بولمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قوشنىسىنىڭ پەردىلىرىنى تىكىشكە باشلىدى. ئايال قوشنىسى دېگەن قەرەلگە تىكىپ بولالمىغان بولسىمۇ، بۈگۈن چۈشكە تىكىپ بولدى. ئون تۆت چوڭ دېرىزە، ئون تۆت ھاۋادان، ئون ئىشىك ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان پەردىـ

www.uyghurkitap.com

لەرنى ئۇنچىۋالا ئوڭاي تىكىپ بولغىلى بولمايدىكەن. يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇنلۇقى يەرگىچە تېگىپ تۇرىدىغان، قاتلام - قاتلام ۋە كەڭ پەردىلەر ئەمەسمۇ؟ ئۇستام ئاخشاملىرىمۇ ئىشلەپ بۈگۈن چۈشكە ئاران تۈگەتتى. ئىزما بېكىتتى، ھالقىلارنى ئۆتكۈزدى. ھەممىنى تەخ قىلدى. مانا ھېلىلا ئايال قوشنا تىكتىلىپ پۈتكەن، ئۆز تەلپى بويىچە دەزماللانغان پەردىلەرنى ئەكىرىپ كەتتى. ئايال قوشنا پەردىلەرنى ئېلىشقا چىققاندا، ئۇستام نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىمىدى. ئاپئاق بوينىغىمۇ، رۇباشكىسىنىڭ ئويما ياقىسىغىمۇ، ئۇنىڭدىن يېرىمى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاق ئالمىلارغىمۇ قارىمىدى، پەقەت پەردىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ئارقىسىدىن يالىڭاچ ئاپئاق پۇتلىرىغا قاراپ قالدى. بۇغداي تاسقاۋاتقان غەلۋىردەك چۆگىلەپ، تولغىنىپ كېتىۋاتقان ساغرىلىرىغا قاراپ قالدى... قاراپ قالدىيۇ، ئايالنىڭ نېمىشقىدۇر نىمكا ھەققىدە ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى ئويلاپ قالدى، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرىغا، سېمىز سۆڭگەكلىرىگە ھاياسىزلارچە قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى، قوشنىدەك قوشنا بولماقچى بولغان ئادەم قوشنىنىڭ ئايالىغا ئاشۇنداق يامان كۆزدە قارىسا بولامدۇ؟ بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق؟ توۋا قىل، خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەرسۇن...

مانا ئەمدى نەشىنى چېكىپ، ئوبدانلا كەيىپ بولغاندا، كۆزلىرى يەنە قوشنىسىنىڭ تۈچ ھالقىلىق، قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسىغا تىكىلىپ قالدى... ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە جىغىلداپ كەتتى. يۈرىكىدىكى قانلار دولقۇنلاپ مەۋج ئۇردى، ئاللىقانداق بىر خىل تەقەززالىق ۋۇجۇدىنى تىترىتىشكە باشلىدى...

قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى يەنە ئېچىلدى. ئاۋۋال بىلىنەر - بىلىنمەس بۇدۇر قىلىنغان قىرقىم چاچ، ئۇنىڭدىن كېيىن رۇباشكىنىڭ ئويما ياقىسى، يالىڭاچ پاقالچاق ئۇستامنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇستامنىڭ ۋۇجۇدى يەنىمۇ بەكرەك تىترەپ كەتتى، قوللىرى، پۇتلىرى، بارلىق مۇسكۇللىرى قايناق بىر تۇيغۇنىڭ تەقەززالىقىدا تىترەيتتى، ئۇ يەنە نېمىشقا چىققاندۇ؟...

— ئۇستام، پەردىلەرنى ئېسىپ بەرگەن بولسىلا، بويۇم يەتمەيدىكەن. ئورۇندۇققا چىقىشتىنمۇ قورقىدىكەنمەن، يۈرسىلە...

ئايال ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۆتۈنۈش ۋە ئىلتىماستىن كۆرە تەلەپ ۋە بۇيرۇق كۆپرەك ئىدى. ئۇستام ئىختىيارسىز ئورنىدىن قوزغىلىپ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ تۇراتتى.

ئوتقاشتەك قىزىل خۇرۇم دىۋان تام ياقىلىتىپ تىزىلغان مېھمانخانا ئۆينىڭ تۆر تېمىغىمۇ ئوتقاشتەك قىزىل ئەدىيال نۇسخىلىق گېلەم چاپلاپ كەلگەنىدى. ئۇستام مېھمانخانىنىڭ دېرىزە - ھاۋادانلىرىغىمۇ ئوتقاشتەك قىزىل دۇخاۋا پەردىلەرنى ئېسىپ چىقتى. پەردە ئېسىش دېگەن تەس ئىش ئەمەسكەن، ئۇستام، مېھمانخانىدىكى ئىشنى ھەش - پەش دېگۈچە تۈگەتتى. پەردىلەر يېپىۋېتىلگەنىدى. مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىچى قىپقىزىل تۈسكە كىردى. پۈتۈن ئۆيدە

قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكىمۇ يالقۇنلايتتى. ئۇ كەيىپ ئىدى، شۇڭا پەردىلەرنى سۇنۇپ بېرىۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزىگە يېقىملىققىنا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزمىدى:

ئۇلار ئەمدى ياتاق ئۆيگە چىقتى، ياتاق ئۆينىڭ يېرىمىنى ئالغان كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە كەلكۈن ئۇسخىلىق گىلەم چاقناپ تۇراتتى. ئۇستام تامغا قارىدى. تامدىمۇ ئادارگۈللۈك گىلەم ئوت چېچىپ تۇراتتى. پۈتۈن ئۆيدە قىپ-قىزىل ئوت يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇستام بۇرۇلۇپ ئايالغا قارىدى. ئايالنىڭ قوچقىدىكى دۇخاۋا پەردىلەرمۇ يالقۇندەك قىپ-قىزىل ئىدى. بۇلاق كۆزلەردىنمۇ ئوت يېنىپ تۇراتتى، ئايال بىردىن ئۇيلۇغ-كىچىك تىنىۋەتتى...

ئۇستام ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى پەردىلەرنى ئالماقچى بولدىمۇ، قولىنى ئۇزاتتى. لېكىن ئۇنىڭ قوللىرى پەردىنى ئەمەس، ئايالنىڭ سوزۇك، يۇمشاق، ئىسسىق بىلەكلىرىنى تۇتۇپ قالدى. پەردىلەر يەرگە سىيرىلىپ چۈشتى...

باسىت ئۇستا كەيىپ ئىدى. ئۇ كەيىپلىكتە ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنىمۇ، نېمە قىلىپ قويغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ھەر ئىككىلىسى كەيىپ ئىدى...

## 4. قوشنىلاردا خۇشاللىق

يېڭى قوشنىلارنىڭ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولدى بۇ ئالتە ئاي باسىت ئۇستا بىلەن ئۇنىڭ قوشنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ياردەملەشكەن، ئۆزئارا بەخت پايدا يەتكۈزگەن، خۇشاللىق بېغىشلاشقان ئالتە ئاي بولدى.

باسىت ئۇستىنىڭ خۇشاللىقى شۇ ئىدىكى: ئۇنىڭ ئايالى يېڭى خۇشنىلارنىڭ ياردىمىدە تىجارەت كېنىشكىسى ئالدى. بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە دۇكان ئاچتى. يەنە ئاشۇلارنىڭ ياردىمىدە ئەڭ بازارلىق ماللارنى دۇكانغا سېلىپ ئۇرغۇن پايدا ئالدى. ئۇ دۇكىنىدا ھەر خىل چەرچىمەن ماللارنى ساتاتتى، ئەرزان، خىل، بازارلىق ماللارنى بولسا يەنە ئاشۇ قوشنىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئالاتتى. قايسى مالنىڭ باھاسى قاچان ئۆسىدىغانلىقى ۋە قانچىلىك ئۆسىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنىمۇ ئاشۇلاردىن ئاڭلايتتى ۋە ئالدىنئالا ئۇرغۇن مىقداردا بېسىۋالاتتى... باسىت ئۇستىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن، ئۆيدە ئىشسىز ئولتۇرغان ئوغلىمۇ ئاشۇ قوشنىسىنىڭ ياردىمىدە بىر زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئۇلار يەنە باسىت ئۇستىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى. لېكىن باسىت ئۇستا «مېنىڭ ھۈنىرىم بار. ئۆز ھۈنىرىمنى قىلاي» دەپ ئۇنىمىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايال قوشنىسىنىڭ تەۋسىيىسى، ئەر قوشنىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشاتتى، شۇنداق قىلىپ باسىت ئۇستىنىڭ يېڭى قوشنىسى، «ئىككى قولۇڭ ماي بولسا قوشناڭغا سۈۋا» دېگەننى ئوبدان بىلىدىغان ئادەمدىن چىقتى.

يېڭى قوشنىلارنىڭمۇ خۇشاللىقى بار ئىدى، ھەشەمەتلىك ئۆيگە ئۇلارنىڭ ئايىغى ياراشتى. ياق، ئۇلارنىڭ ئايىغى ھەشەمەتلىك ئۆيگە ئەمەس، ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ ئۇلارغا ئايىغى ياراشتى، ئايىغى ياراشقانلىق

دېگەن ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىكەن. نى - نى ئارزۇ - ئارمانلار ئۆزلۈكىدىن ئەمەلگە ئاشىدىكەن... ئۆتكەنكى رەتكە سېلىشتا ئەر قوشنىسى ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتا تەيىنلەندى. ھەشەمەتلىك ئۆي بىلەن ئۇلارنىڭ داڭقىمۇ پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىپ ئىناۋىتى ئۆستى. بىر ئىش ئايال قوشنىسىلا ئەمەس، ئەر قوشنىسىمۇ ئالەمچە خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئون بەش يىلدىن بېرى قورساق كۆتۈرمىگەن ئايالى قوساق كۆتۈردى. شۇنداقكەن، ئۇ قانداقچىسىغا خۇشال بولمىسۇن؟ بۇ يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياراشقانلىق ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭدىن بىرەر ئايچە ئىلگىرى، ئاخشىمى بىر يوتقانغا كىرگەندە ئايالى بۇ خۇش خەۋەرنى ئېرىگە يەتكۈزدى. ئۇ دەسلەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياردىمۋاتقانلىقىنى سېزىپ يۈرەتتى. ئەمدى مۇنۇ كارامەتنى كۆرۈڭ: ئۇ بالا يۈزى كۆرىدىكەن،' دادا بولىدىكەن... ئۇ 25 يىلدىن بېرى بالا يۈزى كۆرۈشنى زارىقىپ كۈتتى. ئۆز بالىسىنى، ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشنى ۋە ئۇنى يېتىلەپ كوچىلاردا ئايلىنىشنى كۈتەتتى. ئۆز بالىسىنىڭ ئات تويىنى، بۆشۈك تويىنى... ئۆتكۈزۈشنى كۈتەتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئاشۇ بەخت ئۇنىڭغا ياش ۋاقتىدا نېسىپ بولمىدى، ئۇ ئاشۇ بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن سەۋەب قىلدى: پال ئاچقۇزدى، ئوقۇتتى، دورا يېدى. ھەتتا ئۈچ قېتىم خوتۇن يەڭگۈشلىدى، `لېكىن ئۇ كۈتكەن بەخت ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلمىدى، كۈلۈپ قارىمىدى، ھەتتا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى...

ئۇ چاغدا ئۇ ئىدارىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىدا ئولتۇراتتى. كېيىنرەك ئەمىلى ئۆسۈپ مەخسۇس سېلىنغان ئۆيگىمۇ كۆچۈپ چىقتى. ئۇنىڭدىن يەنىمۇ كېيىنرەك بولسا، شەھەر مەركىزىدىن بەش فۇڭ يەر ئېلىپ ئۆي سالدى ۋە ئۇنىڭغىمۇ كۆچۈپ چىقتى. ئۇ چاغدا ئۆي كۆچۈشنىمۇ كۆچكەن، ھەي، ئۇ ئۆتكەن كۈنلەرگە ...

كېيىن ئۇ شەھەر ئىچىدىكى ئاشۇ بەش فۇڭلۇق ھويلىسىنىڭ كىچىكلىكىنى، ئۆيىنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە ئۇنى سېتىۋەتتى. يەنە ئۆي سېلىش كېرەك ئىدى. ئۆي سالمىسا نەدە ئولتۇرىدۇ؟ ئىدارىنىڭ ئاشۇ توخۇ كاتىكىدەك ئۆيلىرىگە قانداق پاتىدۇ؟ ئىككى قېتىم تېلېفون ئۇرۇۋىدى، توپ - توغرا بىر مو يەر ئاجرىتىپ قويۇلغانلىق توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ يەر ئالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر سىرتتىمۇ شۇنداق چىقىۋىدى، ھەرقايسى بىناكارلىق ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئىش كېرەك ئىدى، ئىش تاپالماي پايپېتەك بولغانلارغا ئۇنىڭ ئىككى ئىلىك خېتىلا كېرەك ئىدى. ئاشۇ ئىككى ئىلىك خەت بولسىلا ئۇلار بىر يىلدا، ھەتتا ئىككى يىلغا يەتكۈدەك ئىش تېپىۋالاتتى...

شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئۆيى ئۆزلۈكىدىن پۈتتى. ئۇ يەر ئاجرىتىلغاندىن كېيىنمۇ، ئۆي سېلىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ ئاشۇ يەرگە بىرەر قېتىم چىقىپ باقمىدى.

www.uyghurkitap.com

پەقەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئۆيىنىڭ خەرىتىسىنىلا كۆرۈپ چىقتى. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئۇمۇ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆز ئۆيىنىڭ داڭقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى. باشقىلاردىن خېلى كېيىن كېلىپ ئۆز ئۆيىنى كۆردى، خۇشال بولدى ۋە كۆچۈۋالدى.

ئەمدى مانا ئۇنىڭ قەلبىنى پۇشايمانغا ئوخشاش بىر خىل تۇيغۇ چىرماپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئۆيىنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا ئايىغى يارىشىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان؟ ئەگەر ئۇ باشتىلا ئويلىغان بولسا، دەسلەپتىلا چىقىپ كۆرمەيتتىمۇ؟ قۇرۇلۇشنىڭ ئۈستىدە ئۆزى نازارەت قىلىپ تۇرمايتتىمۇ؟ ئۆي پۈتۈش بىلەنلا كۆچۈپ چىقىۋالمايتتىمۇ؟...

ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىق كەلكۈن كەلگەن دەريادەك ئۆركەشلەيتتى. ھەشەمەتلىك ئۆيگە ئىگە بولدى. ئۇنىڭ ئايىغى ياراشتى، ئورنى مۇستەھكەملەندى. ئىناۋىتى ئۆستى، كىرىمى كۆپەيدى. ئەڭ مۇھىمى بالا يۈزى كۆرۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شۇنداقكەن، ئۇنىڭ قەلبىدىكى شادلىق نېمىشقىمۇ دەريا بولۇپ ئۆركەشلىمىسۇن؟

ئۇ ئايالىنىڭ قورسىقىنى بوشقىنا سىيلاپ قويدى، ئۇنىڭ يېنىدا ياتقان ئايالى ئېرىنىڭ قورسىقىنى سىيلاشلىرىدىن، «راستىمۇ؟ نەچچە ئاي بولدى؟» دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى سەزدى. كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان قىزغىنلىق بىلەن ئېرىگە سۆۋاندى، چىڭ قۇچاقلىدى. لېكىن ئېرى شۇ ھامان:

— ھوي، ئاۋايلا، بالىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن، — دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئايالىنىڭ قورسىقىنى ئاۋايلاپ سىيلاشقا باشلىدى...

ئۇنىڭ مانا شۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغىنىغىمۇ بىرەر ئايدىن ئاشتى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇ كۈن بويى خۇشال يۈرەتتى، ھەممىلا يەردە يېڭى ئۆيىنىڭ ئايىغى ياراشقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلەتتى.

قوشنىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىمۇ خۇشال ئىدى. ئەزەلدىن باشقا قوشنىلىرىغا ياردەملەشمەيدىغان باسىت ئۇستا يېڭى قوشنىلىرىغا ياردەملىشىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەر قوشنىسى بىلەنمۇ ئالاقىچان تونۇشۇۋالدى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، سالاپەتلىك ئاشۇ ئادەم كاتتا ئەرباب بولۇشقا قارىماي، ئىللىق چىراي، ئوچۇق سۆز ئىدى. باسىت ئۇنىڭ ئاشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىسىنى كۆكەرتىشكە، خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىشكە، سۇغىرىشقا، چاناپ - ئۆتىشىغا ياردەملىشىپ يۈردى. ئۇنىڭغۇ ياردەملىشىدىغان ئادەملىرى جىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ باسىت ئۇستا ئۆيىنىڭ يېقىنلىقىدىن چىقىراق ياردەملىشەتتى.

ئۇ ئايال قوشنىسىغا ھەر خىل كىيىملەرنى، لازىمەتلىكلەرنى تىكىپ بېرەتتى. كىيىملەرنى كىيىپ بېقىشقا، پەردىلەرنى ئېسىشقا ياردەملىشەتتى، ئەر قوشنا ئەمەلىي ئىشى بىلەن ئۆي ئىشىغا قارىيالمايدىغان تۇرسا، ئۇ ياردەملەشمىسە كىم ياردەملىشىدۇ؟

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ قالدى.

## 5. سومكىلىق مېھمانلار

يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە، ئايال قوشنا: «بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان كۆپ كېلىدۇ» دېگەنتى. بۇ زادىلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن گەپ ئەمەس ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە باسىت ئۇستا، دېرىزىسىنىڭ ئالدىدا ماشىنچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان تالاي ئاخشاملاردا بۇ گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان كۆپ كېلەتتى ۋە شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك ئىدىكى، بۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ چۈشكەندە، كۆز باغلانغان، كوچىدا ئەل ئايىغى شالاڭلىشىغان ۋاقىتتا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پىيادە كەلسە، يەنە بەزىلىرى ھەر خىل قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ، مىنىپ كېلەتتى. باسىت ئۇستا ماشىنا، تراكتور ۋە ھارۋىلاردا كەلگەنلەرنىڭ نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى چۈشۈرۈشۈپ، كۆتۈرۈشۈپ ئەكىرىپ كېتىشكەنلىرىنى كۆرەتتى. كېيىنچە ماشىنا - تراكتور، ھارۋىدا كېلىدىغانلار بارا - بارا ئازايدى. موتسىكلىت، ۋېلىسىپىت ۋە پىيادە كېلىدىغانلار كۆپەيدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا قاراڭغۇ چۈشكەندە كېلىشەتتى. دەرۋازا ئالدىغا قادالغان چىراغنىڭ يورۇقىدا خۇدۇكسىنىشىپ گەۋدىلىرىنى قورۇشاتتى - دە، دەرۋازىدىن غىپپىدە كىرىپ كېتىشەتتى. ئاشۇ موتسىكلىت بىلەن، ۋېلىسىپىت بىلەن، پىيادە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى سومكا كۆتۈرۈشۈپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ كۆتۈرۈۋالغانلىرى ئىچىدە چوڭ سومكىمۇ، كىچىك سومكىمۇ، قارا سومكىمۇ، قىزىل سومكىمۇ بولاتتى.

ئاشۇ قورۇغا كېلىدىغانلار ئىچىدە، باسىت ئۇستا تونۇيدىغان ئادەملەرمۇ، زادىلا كۆرمىگەن، تونۇمايدىغان ئادەملەرمۇ بار ئىدى. بەزىلىرىنى باسىت ئۇستا ئاستا - ئاستا تونۇپمۇ قالدى، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ دەرۋازىدىن بىر نەچچە قېتىم كىرىپ كېتىشكەن. ئۇلار ھەتتا بەزى ھەپتىلەردە ئىككى - ئۈچ قېتىممۇ كېلىشەتتى. ھەر قېتىم كەلگەندە چوقۇم قوللىرىدا سومكا بولاتتى، بەزىدە قارا سومكا كۆتۈرۈپ كەلسە، بەزىدە قىزىل سومكا كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى...

نېمىشقىدۇر ئاشۇ سومكا كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر سومكىلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىشەتتى. قايتا كەلگەندە يەنە سومكا كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى - يۇ، يەنە ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىشەتتى...

باسىت ئۇستا ھەيران ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن «قاراڭغۇدا دوست - يارانلىرىنى يوقلىغان ئادەملەر ئۇنتۇغاق بولىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۆيىگەمۇ، دۇكىنىغىمۇ بەزى ئاخشاملاردا ئۇلپەتلىرى ھاراق قاچىلانغان، نەشە ۋە چىلىم قاچىلانغان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى، لېكىن ئۇلار قايتىدىغان چاغدا كەيىپ بولۇشقانلىرىغا قارىماي ئاشۇ ياغلاش سومكىلىرىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايتتى. مۇنۇ ئادەملەر نېمىشقا ئۇنتۇپ قېلىشىدۇ؟ ئۇلار شۇنچىۋالا ئۇنتۇغاقمۇ؟... ئۇنىڭ ھەيرانلىقى بارغانچە ئاشاتتى. ئۇنىڭغا گويا مۇشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنى ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدىغان ئاجايىپ بىر سېھىر باردەك، ئاشۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ، ئاشۇ قىپقىزىل زىننەتلەنگەن ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە ئادەملەرنى ئۇنتۇغاق قىلىپ قويىدىغان سېھىرلىك بىر خىل دورا چېچىپ قويۇلغاندەك تۇيۇلاتتى، ئۇ كۆپ ئويلايتتى، ھەر كۈنى

www.uyghurkitap.com

ئاخشامدا سومكا كۆتۈرۈپ دەۋازىدىن كىرىپ كېتىۋاتقانلارنى كۆرگەندە مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاپ قالاتتى. لېكىن بۇ سىرنى يېشەلمەيتتى. يېشەلمىگەنسېرى، سىرلىق تۇيۇلاتتى.

باشىت ئۇستا بۇ سومكىلارغا نېمە قاچىلانغانلىقىنى كېيىنرەك غۇۋا ھېس قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەر قېتىم ئايال قوشنىسىغا ياردەملەشكىلى كىرگەندە، مەززىلىك توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، پىشۇرۇلغان بېلىق ۋە باشقا ئېسىل يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان بولاتتى، بەزى كۈنلىرى ئايال قوشنا گېزىت قەغىزىگە ئورالغان توخۇ گۆشىنى ئىشقا مېڭىش يولىدا ئۇنىڭ دۇكىنىغا تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ مەززە قىلغان بۇ نەرسىلەر بىر كېچە قونۇپ قالغان، لېكىن بۇزۇلمىغان نەرسىلەر ئىدى. باشىت ئۇستا گەرچە نەشە چېكىپ يۈرۈيدىغان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن بازاردىن ھېچنېمە، ھەتتا ئاشلىق دۇكىنىدىن ئۇنىمۇ، قاسساپتىن گۆشمۇ سېتىۋالمايدىغان بۇ قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە بۇنداق ئېسىل يېمەكلىكلەرنىڭ قايسى يول بىلەن كېلىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلالمىغۇدەك دۆتمۇ ئادەممۇ ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ پەرىزى ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسپاتلاندى. دەرۋازىدىن خۇرۇم سومكىلار كۆپرەك كىرگەن ئاخشاملىرى قوشنىلىرى باشىت ئۇستىنى ئويغىتىپ ئۇنى ئۆزلىرىگە ياردەملىشىشكە تەكلىپ قىلاتتى، ئالتە - يەتتە توخۇنىڭ گۆشىنى، ئون كىلولاپ تونۇر كاۋىپىنى سېتىۋېتىپ كېلىشكە ئەۋەتەتتى. بۇنداق ياردەمگە تەكلىپ قىلغىلى ئەلۋەتتە يەنىلا ئايال قوشنىسى چىقاتتى. ئۇستامغا تاتلىقىنە ئەركىلەيتتى. ئەگەر ئۇستام بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئېسىلسا، «ئەتە، ئەتە چوقۇم ...» دەيتتى - دە، كاۋاپ ۋە توخۇ گۆشى سېلىنغان سومكىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. ئارقىدىنلا «مېھمان كېلىدۇ دەپ ئالغان ئىكەنمىز، كەلمەي قالدى. ئەتىگە قالسا بۇزۇلۇپ قالغۇدەك، ئۆزلىرى ئېغىر كۆرمەي...» دەيتتى. ئۇستام ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ياردەملىشەتتى، يېرىم كېچىدە قاۋاقخانىلارنى ئارىلايتتى - دە، كەيپلىكتە مەردلىشىپ كەتكەن مەستلەرگە سېتىۋېتىپ كېلەتتى. ئۇ قوشنىلىرى ئۈچۈن يېرىم كېچىدە كاۋاپ ۋە توخۇ گۆشى سېتىشقا بەش - ئالتە قېتىمدەك چىققان. ھەر قېتىم چىققاندا، ئايال قوشنىسىنىڭ ھېلىقى: «مېھمان كېلىدۇ دەپ ئالغان ئىكەنمىز ...» دېگەن يالغان سۆزى تەكرارلىناتتى، لېكىن ئۇنىڭ «ئەتە، ئەتە...» دېگەن سۆزى يالغان ئەمەس ئىدى. ئەتىسى ئۇستام پۇلنى ئەكىرىپ بەرگىلى كىرگەندە، ئۇ ۋەدىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئورۇندايتتى.

يېقىنقى ئىككى ئايدىن بېرى ئۇستام ئۇلار ئۈچۈن توخۇ گۆشى سېتىشقا چىقماس بولدى. چۈنكى ئىككى ئايدىن ئىلگىرى بىر ئاخشامدا كىمدۇر بىرسى ماشىنا بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە توكلاتقۇدىن بىرنى تاشلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇستام گۆش سېتىپ بېرىشكە چىقمىدى. لېكىن ھەر كۈنى ئاشۇ خۇرۇم سومكىلاردا كەلگەن يېمەكلىكلەردىن ياغ چايناپ يۈرۈۋەردى.

ئۇستام ئۇنتۇلۇپ قالغان سومكىلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇستام ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى — مېھمانخانىلارمۇ، ياتاق ئۆيمۇ، ھەتتا ئايال قوشنىنىڭ ھوجرىسىمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئاشخانىمۇ، باشقا ھوجى-

را، قازناقلارمۇ ئۇنىڭغا ئايان ئىدى ... لېكىن ھېچقايسىسىدا ھېلىقى سومكىلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇستام سومكىلار توغرىسىدا ئويلىغاندا، ھەيران بولاتتى. ھەر كۈنى ئاخشامدا كىرىپ كېتىدۇ - يۇ، چىقمايدۇ. زادى نەگە كېتىدۇ؟ ئۆتكەندە كىيىم تىكتۈرگىلى كەلگەن بىر مۇئەللىم، دۇنيادا ئەينەك يەيدىغان، نوغۇچ لامپىنى بىر باشتىن چايناپ يەۋېتەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئولتۇراتتى، قوشنىلاردىمۇ ئاشۇنداق خىسلەت بارمىدۇ؟ ... ئۇستام ئالتە ئايدىن بېرى، ياق، سەككىز ئايدىن بېرى مانا شۇنداق ئويلايتتى.

بۇ ئۇستام ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر سىر، تاپقىلى بولمايدىغان بىر تېپىشماق بولۇپ قالغانىدى. لېكىن دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر - تۈگۈنچەك، تاپقىلى بولمايدىغان تېپىشماق بولمايدىكەن. بۈگۈن ئاخىر بۇ سىر يېشىلدى، تېپىشماق تېپىلدى.

قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى بوش غىچىرلاپ ئېچىلدى، ئەر قوشنا چىقىپ كەلدى. ئۇ باشتاق، كۆڭلەكچان ئىدى، چاچلىرى چۈشۈپ تاقىر بولۇپ قالغان بېشى كەچكى شەپەق نۇرىدا پاششا كاۋىسىدەك پارقىرايتتى. ئۇ باسىت ئۇستىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كەلمىدى، دەرۋازىسىدىن چىقىپلا توختاپ قالدى. قوللىرىنى بەللىرىگە تىرەپ ئاسمانغا، دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە نەزەر سالدى. ئۇ شامالدىغىلى چىققان ئادەمگىمۇ، نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقان ئادەمگىمۇ ئوخشايتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ باسىت ئۇستىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەزەر سېلىپ تۇرغان باسىت ئۇستا قوشنىسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى شۇ زامان چۈشەندى، ئۇ نېمىگە چاقىرىدىكىنە؟ ياردەملىشىدىغان ئىشى بارمىدۇ ياكى بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغانمىدۇ؟ باسىت ئۇستىنىڭ قەلبىدە ئەنسىزلىك بوش داۋالغۇدى. ئۇ دۇكاندىن چىقىپ قوشنىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

دۇكاننى تاقىۋېتىپ بىزنىڭكىگە كىرسىلە، گەپ بار ...

ئۇستامنىڭ قەلبىدىكى ئەنسىزچىلىك كۈچەيدى، ئەگەر ياردەملىشىدىغان ئىش بولسا، ئايال قوشنا ئۆزى چىقاتتى، ئەر قوشنا چىقىپتۇ، زادى نېمە ئىشتۇ؟

باسىت ئۇستا ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، قوشنىسى ھويلىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى ئاشخانا ئۆينىڭ ئىچىدە تۇراتتى، ئۇستام ئۇدۇل شۇ يەرگە كىردى. ئاشخانا ئۆينىڭ ئىچىدىكى كۆكتات ساقلايدىغان يەر ئاستى ئۆيگە چۈشىدىغان پەشتاقنىڭ قاپقىقى ئېچىپ قويۇلغانىدى.

— ئۇستام، سېتىۋېتىدىغان ئازراق بىر نەرسە بار ئىدى، ئۆزلىرى بىلىلا، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەم ئۇياق - بۇياقتا كۆپ بارىدىغان گەپ ئىكەن. ھەر قېتىم ئۇنى - بۇنى ئالىدىكەنمىز، قاچىلىغىلى سومكا بولمىسا بولمايدىكەن، سومكىمۇ ئالىدىكەنمىز ... شۇنداق قىلىپ بىرمۇنچە سومكا يىغىلىپ قاپتۇ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ سومكىلارنى سېتىپ بېرەرمىكىن دەپ چاقىرغانىتىم. ئەرزان باھادا بولسىمۇ سېتىۋەتسەك ...

ئۇستامنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— بولىدۇ، سېتىپ بېرەيلى، دۇكىنىمىزدىمۇ ئاشۇنداق نەرسىلەر سېتىلىدۇ، سىلىگە ياردەملىشىش ئۆز ئىشىمىز. سومكىلار نەدىكىن؟

www.uyghurkitap.com

— يەر ئاستى ئۆيدە.

ئۇستام سېمونت پەشتاق بىلەن تۆۋەنلەپ يەر ئاستى ئۆيگە چۈشتى. يەر ئاستى ئۆيى سومكا بىلەن پەۋەس توشۇپ كەتكەن. سومكىلار بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى، ئۇستام ھەممىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ سومكىلار توغرىسىدىكى گۇمانى بىردىن يېشىلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئايان بولدىكى، قوشنىلاردا سومكا يەيدىغان خىسلەت يوق ئىكەن، ئۇلار سومكىلارنى يېمەيتۇ، يەر ئاستى ئۆيگە يىغىپ ساقلايتۇ...

ئۇستام قوشنىسىنىڭ «بازاردىن سېتىۋالغان» دېگەن گېپىنى ئەسلەپ پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

ئۇستام سومكىلار بىلەن بىرەر سائەتچە ھەپىلەشتى. ئۇ سومكىلارنى ئىلغىماقچى، پۇلغا يارىغۇدەكلىرىنى خىللىماقچى بولغانىدى، لېكىن خىللىيالمىدى، چۈنكى سومكىلارنىڭ ھەممىسى پۇلغا يارىغۇدەك، يېڭى ئىدى. پەقەت قېلىن چاڭ-توزاندىلا بۇلغىنىپ تۇراتتى. ئۇستام ئاخىرى كىچىك سومكىلارنى چوڭ سومكىلارنىڭ ئىچىگە، چوڭ سومكىلارنى بولسا تاغارغا قاچىلىدى، تۆپتوغرا بەش تاغار بولدى. بۇلارنى قانداقمۇ سېتىپ بولغىلى بولار دېگەن خىيالدا كۆڭلىگە لەپپىدە ۋەھىمە چۈشۈپ ئۆتتى. لېكىن شۇ زامان يوق بولدى. كەچتە قاراڭغۇدا سومكا كۆتۈرىدىغانلار تۈگىمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سومكا كېرەك. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا سېتىپ بولغىلى بولمىسۇن؟ ئۇلار كېلىپ سېتىۋالىدۇ ۋە ئاشۇ قورۇدا ئۇنتۇپ قالىدۇ. مەن يەنە ساتقىلى ئېلىپ كېلىمەن، ئۇلار يەنە ئالىدۇ... بۇ ئايلانما سودا ئاياغلاشمايدۇ... ئۇ شۇ مىنۇتتا مانا شۇنداق ئويلىدى، شۇ ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى يوق قىلىپ تاشلىدى.

ئۇستام تاغارلارنى ھارۋىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭغاندا، ئالدىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. يۇلتۇزسىز ئېگىز ئاسمان تەگسىز ھاڭدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ دەرۋازىدىن قاراڭغۇدا كىرگەن سومكىلار يەنە قاراڭغۇدا چىقىپ كەتتى.

## 6. ئامەت

ئۇستام شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا ئايالى ئاچقان چەرچىن مال دۇكىنىدا خېلى ئۇزۇن ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ ھارۋىدىن تاغارلارنى چۈشۈرۈپ بولۇپلا ئايالىنى ئۆيگە قايتۇرۇۋەتتى. دۇكاننى كېچىسى ساقلاپ ياتىدىغان ئوغلى بىلەن ئىككىسى سومكىلارنى تاغاردىن چىقىرىپ بىر-بىرلەپ سۈرتۈپ چىقتى. ئىچىنى ئۆرۈپ قاقتى. گۆش-كاۋاپلاردىن قالغان داغلارنى، مېۋە-چېۋە شاللاقلىرىنى ھۆل لۆڭگە بىلەن سۈرتتى. ئۇلارنى خېلى كۈچەپ ئىسكەتلىدى. ئۇلار دەسلەپتە پەقەت بىر تاغاردىكى سومكىلارنىلا پەشتاختىغا تىزماقچى، قالغان سومكىلارنى تاغار بىلەن كارىۋاتنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويماقچى بولدى، ئۇ بىرىنچى تاغاردىكى ئاخىرقى سومكىلارنىڭ بىرىنى تازىلاۋاتقاندا، ئۇنىڭغا سومكا ئىچىدە بىر نەرسە باردەك تۇيۇلدى. ئۇ سومكىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ ئىچىگە قاراپ باقتى، سومكىنىڭ ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىدى. كىچىك يانچۇقىنىڭ سىرتمىسىنى ئاچتى. قولىنى تىقىپ سۇلياۋغا ئورالغان بىر نەرسىنى ئالدى. ھىم، سېھىرلەنگەندەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى، قوللىرى تۇتسا بولمايدىغان بىر نەرسىنى تۇتۇپ سال-

غاندەك تىترىدى. قولىغا قىپقىزىل چوغنى ئالغاندەك چۆچىدى.

— دادا نېمىكەن ئۇ؟

— پۇل ...

— پۇل؟

ئۇستامنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ قولىدىن سۇلياۋ بولاقنى ئالدى. پۇل سۇلياۋ خالتىنىڭ ئىچىدە ئىدى. پۇلنىڭ رەڭگى، سان - نەقىشلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوغۇل سۇلياۋ خالتىنى تېگىدىن تۇتۇپ دۈم قىلىۋىدى، بىر باغلام ئون يۈەنلىك پۇل يەردە ياتقان سومكىنىڭ ئۈستىگە پوككىدە چۈشتى. ئارقىدىنلا بىر ۋاراق قەغەز ئۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ قوندى.

— خەت؟

ئاتا - بالىنىڭ كۆزلىرى خەتكە تىكىلدى:

«ھۆرمەتلىك رەھبىرىمىز، ئۆتكەن قېتىم كەلگىنىمىزدە، ئوغلۇمنىڭ خىزمەت مەسىلىسىنى ئۆزلىرىگە دېگەنىدىم. بالىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى پەقەت ئۆزلىرىگە قاراشلىق، ئۆزلىرى يوليورۇق بەرسىلىلا دەرھال ئىش پۈتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۇنۇتمايمىز. مەڭگۈ خىزمەتلىرىدە بولۇشقا تەييارمىز. ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرى مەھەممەت». قەغەزگە يېزىلغىنى پەقەت شۇلا ئىدى. ئاتا - بالا قەغەزگە بىر ھازا تىكىلىپ تۇرۇپ قېلىشتى. باسىت ئۇستا ھەممىنى چۈشەنگەنىدى.

«ھەي، بىچارە، ئۇلار پۇلنىمۇ، خەتنىمۇ كۆرمەپتۇ. بالىنىڭ خىزمەت مەسىلىسى ھەل بولغانمىدۇ؟...» ئۇنىڭ قەلبىدە ھەيرانلىقمۇ، ئېچىنىشمۇ، ئىچ ئاغرىتىشمۇ بار ئىدى، كۆزلىرى بولسا سومكا ئۈستىدە ياتقان بىر باغلام پۇلغا تىكىلىپ قالغانىدى. شۇ مىنۇتتا ئۇ پۇلنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ، خەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيتتى. پۇلنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسۇنمۇ؟ ئۇنداقتا پۇلنىڭ ئىگىسى زادى كىم؟ مەھەممەت دېگەن قايسى مەھەممەت؟ جاھاندىكى شۇنچە جىق مەھەممەتلەر ئىچىدىن پۇلنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان مەھەممەتنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ ياكى پۇلنىمۇ، خەتنىمۇ قوشنىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەكمىكىن؟

باسىت ئۇستا ئۇزۇنغىچە ئويلىنىپ قالدى. ئاخىرى ئامەت، ماڭا كەلگەن ئامەت دېگەن يەرگە كەلدى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئۇ ئۆزىگە كەلگەن ئامەتنى قاچۇرۇپ قويىدۇدەك، تەقدىر ئۆز رىسقىغا پۈتكەن نېمەتتىن ۋاز كەچكۈدەك ھاماقەت ئەمەس ئىدى. ئاخىرى پۇلنى ئېلىپ سۇلياۋ خالتىغا سالدى. نېمىشقىدۇر ھېلىقى خەتنىمۇ سېلىپ قويدى. ھەممىنى قوشۇپ قويىنىغا تىقتى. ئۇنىڭ قەلبىدە خۇشاللىق ئارىلاش ھاياجان ئۆركەشلەيتتى. ئۇ قەلبىدە يەنە ئېچىنىشقىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشقىمۇ، ھېسداشلىققىمۇ ئوخشايدىغان بىر تۇيغۇنىڭ شولىسىنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنداق قىلىپ باسىت ئۇستا دۇكاندا ئۇزۇنغىچە خىيال بولۇپ قالدى. ئاشۇ ئامەت ئۇنىڭ قەلبىگە يېڭى قىزىقىش، يېڭى ئۈمىد سوۋغا قىلغانىدى. ئۇلار ئاتا - بالا ئىككىيلەن ھەممە سومكىلارنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇلار سومكىلارنى سۈرتۈشنىمۇ، پەشتاختىغا تىزىشنىمۇ ئۇنتۇپ، سىرتىمىسىنى ئېچىپ-ئىچىگىلا قارايتتى. ھەممە يانچۇقلىرىغىچە قاراپ چىقاتتى. ئاختۇرۇش — ئامەت ئاختۇرۇش ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. لېكىن كېيىنكى سومكىلاردىن ھېچنېمە تېپىلمىدى.

باسىت ئۇستا ئۆيىگە قايتىۋاتقاندا، ئاللىقاچان ئەل ئايىغى بېسىققانىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇنداقتىمۇ ئۇ كوچىلاردا شادلىقتا چۆمگەن كىشىلەرنى كۆرگەندەك كۆلۈمسىرەپ باراتتى. قوينىدا تومپىيىپ تۇرغان ئامەت ئۇنى خۇشال قىلاتتى: ئۇ كېتىۋېتىپ يېڭى قوشنىلىرىدىن كەلگەن ياخشىلىقلارنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ ماڭدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق بېلىقتەك ئاپئاق ئايال قوشنىسىنى، ئۆز ئايالىنىڭ تىجارەت كېنىشكىسى ئېلىپ دۇكان ئاچقانلىقىنى، پايدا تاپقانلىقىنى، ئوغلىنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقىنى، بۈگۈنكى ئامەتنى ... ھەممىسىنى ئويلاپ ماڭدى. يېڭى ئۆينىڭ يېڭى قوشنىلارغا ئايىغى ياراشقاندەك، يېڭى قوشنىلارنىڭ ئۇلارغىمۇ ئايىغى ياراشقاندى. ئۇستام مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەمنۇن ئىدى. خۇشال ئىدى. يەنە ئۇستامنىڭ قەلبىدە بىر خىل غەشلىكمۇ بار ئىدى. ئاشۇ ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى، ئاشۇ دەرۋازىدىن تۈن قاراڭغۇلۇقىدا كىرىپ كېتىۋاتقان سومكىلارنى، ئاشۇ ئۆيلەردە يېيىلىۋاتقان، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان نەرسىلەرنى ئويلىسىلا ئۇستامنىڭ قەلبىدە ئاللىقانداق بىر خىل نەپرەت ئويغىناتتى. بۇ ھەسەتمۇ؟ چىدىماسلىقمۇ؟ ئۇستام بۇنى بىلمەيتتى. لېكىن ئۇنىڭغا ئاشۇ ئاق بېلىقتەك چىرايلىق ئايالىنىڭمۇ ئەركىلەشلىرىمۇ نەپرەتلىك بىلىنەتتى، ھەتتا قوشنىسىنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىمۇ نەپرەتلىك بىلىنەتتى.

## 7. بەختسىزلىك

«بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەن گەپ راستمۇ؟ بىرەر ئىلمىي ئاساسى بارمۇ؟ بۇنىڭغا ھازىر ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇ يەردە ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ۋەقە يۈز بەردى.

يېڭى قوشنىنىڭ تويلاشقىلى ئون بەش يىل بولغان خوتۇنى بىرىنچى قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن توققۇز سائەت، توققۇز دەقىقە تولاي دەپ قالغان چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ خۇشاللىقى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئارمىنى چېچەك ئاچاي دەپ قالغان چاغدا، بەختسىزلىك يۈز بەردى. خۇدا پۈتكەن قىسمەت بىلەن بەندىدىن كەلگەن كەلمىش بىرلا ۋاقىتتا ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئالدى بىلەن بەندىدىن كەلگەن كەلمىش، ئارقىدىن خۇدادىن كەلگەن كەلمىش يېتىپ كەلدى. خۇددى «بالا كەلسە قوش، ئامەت كەلسە تاق» دېگەننىڭ ئۆزى بولدى.

باسىت ئۇستا قوشنىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پىكاپنىڭ توختىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى. قوشنىسىمۇ خىزمەتكە بارمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۆيدىن تالاغىمۇ چىقمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاخشاملىرى ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. باسىت ئۇستا مانا شۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ يۈرگەندە كىملەردۇر ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئەتىۋارلىق ماللارنى سېتىپ بېرىش توغرىسىدىكى بەش-ئالتە پارچە تەستىق، ئوغلىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىق ... دېگەندەك قەغەزلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ «بۇنى سىزگە تەستىقلاپ بەرگەنمۇ؟» دەپ سوراشتى. باسىت ئۇستا «ھەئە!» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ بۇلارنى ئىنكار قىلىشقا ئاجىز ئىدى. چۈنكى ئاشۇ قەغەزلەردە ئۇنىڭ ئىسمى بار ئىدى. كەلگەنلەر خاتىرىلىرىگە ئاشۇ «ھەئە» نى يېزىپ، ئۇنى قول قويدۇرۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇستا قوشنىلىرىغا

كېلىۋاتقان بەختسىزلىكنى غۇۋا سەزگەندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئۇلارغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بەختسىزلىكنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى زادىلا ئويلىمىدى.

قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئېدى. باسىت ئۇستا قوشنىدارچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ ئەتىگەندىلا ئۇلارنىڭكىگە ھېيتلاپ كىردى. ئۇ كىرگەندە ئەر قوشنىسى مېھمانخانىدىكى قىپقىزىل ساپاغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ھېلىلا پىشۇرۇلغان ئىسسىق گۆشتىن يەۋاتقانىكەن. ئايال قوشنا ئاشخانىدىمىكىن، كۆرۈنمەيتتى. ئۇستامنى ئەر قوشنا ئۆزى كۈتۈۋالدى. ساپاغا تەكلىپ قىلدى. ئالدىدىكى گۆشنى ئۇستامنىڭ ئالدىغا قويدى. لىگەندىكى گۆش — بىر قوينىڭ يېرىمىنى ئون پارچىلاپلا پىشۇرغاندەك كۆپ ئىدى. قوشنا ئۇستامنى گۆشتىن بېقىشقا، ئازادە ئولتۇرۇپ ھېيتلاشقا ئۈندىدى، ئۆزىمۇ بىرلىكتە لىگەنگە قول ئۇزاتتى ...

بۇ باسىت ئۇستىنىڭ بۇ يىلقى ھېيتتا تۇنجى قېتىم باشقىلارنىڭكىگە ھېيتلىشى ئېدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇ ئۆيدە زادىلا قورۇنمايتتى، شۇڭىمۇ تارتىنمىدى. گۆشتىن تويغۇچە يېدى. يوغان بىر پارچە سانىنى پۈتۈن يەپ بولدى. گۆشكە تويغاندا ئاندىن بولدى قىلدى. ئاغزىنى، قوللىرىنى سۈرتۈپ بۇ يىلقى ھېيتنىڭ تولىمۇ باياشات بولغانلىقى، شۇغىنىسى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، گۆشنى ساقلىماق تەس بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئولتۇردى. ئۇ قوشنىنىڭ «بۇگۈنچە ئىشلەتمەيدىغان گۆشلىرىنى بىزنىڭ توڭلاتقۇغا ئەكىرىپ قويسىلا» دېيىشىنى كۈتكەنىدى، لېكىن قوشنىسى ئۇنداق دېمىدى. ئۇ «ھە، ھە» لا دەيتتى، ھە دەپ گۆش يەيتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن، ئۇزۇندىن بېرى گۆش يېمىگەن ئادەمدەك گۆش يەۋاتاتتى. ساڭزا يېگەچ گەپ قىلىپ ئولتۇرغان باسىت ئۇستا دەسلەپتە ئۇنىڭ گۆش يېيىشلىرىدىن ھېچ نېمىنى ھېس قىلمىدى. كېيىن لىگەندىكى گۆشنىڭ پاك - پاكىزە يېيىلىپ بولغانلىقىنى كۆرگەندە بولسا ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ئىشتىھايى، ھەزىم قىلىش ئىقتىدارى، ئاشقازىنى بەلكىم ئاشۇنداق ياخشىدۇ. يېرىم قوينىڭ گۆشىنى يەپ بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئۇنىڭدەك ئىشتىھالىق ئادەملەر جاھاندا ئازمىدى؟ بۇنچىلىك ئىشتىھالىق بولمىسا، مۇنچىلىك سەمرىگىلى، قورساق سالغىلى، قوش ئېڭەك چىقارغىلى بولاتتىمۇ؟

ئىككىسى كونا - يېڭى قوشنىلارنى بىرلىكتە ھېيتلاشقا كېلىشتى. بۇنداقتا ھەر ئىككىلىسىگە ئاسان بولاتتى. بىرسى تونۇمىغاننى يەنە بىرسى تونۇشتۇراتتى. ھەر ئىككىلىسىمۇ تونۇشمىغان قوشنىلىرى بىلەن تونۇشۇۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرلىكتە يولنىڭ شەرقىدىكى كونا قوشنىلار بىلەن يولنىڭ غەربىدىكى يېڭى قوشنىلارنى ھېيتلاشقا باشلىدى.

بىرىنچى ئۆيدە، لىگەن پاكىزە قۇرۇقدالدى. ئىككىنچى ئۆيدىكى لىگەنمۇ پاك - پاكىزە قۇرۇقدالدى. ئۈچىنچى ئۆيدىمۇ شۇنداق بولدى. باسىت ئۇستىنىڭ يېڭى قوشنىسى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ھېيتلىرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن» دېگەن سۆزلەردىن كېيىنلا لىگەندىكى گۆشلەرگە تۇتۇش قىلاتتى، تاكى لىگەندىكى گۆش تۈگىمىگۈچە توختىمايتتى. ئۇ ساڭزىمۇ چاينىمايتتى، ياغلىق توقاچ يەيتتى. شورپا ئىچەتتى. قوغۇن - تاۋۇز يەيتتى. ئۈزۈم - شاپتۇلغا باقاتتى، ئاغزى زادىلا جىم تۇرمايتتى. ئاغزى چاينايتتى،

www.uyghurkitap.com

گېلى يۇتاتتى، يۇتۇپ توختىمايتتى. خۇددى مەڭگۈ تويماس لەھەڭدەك توختىماي يۇتاتتى.

باسىت ئۇستىنىڭ ھەيرانلىقى ئىككىنچى ئۆيدىلا ئەجەبلىنىشكە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۈچىنچى ئۆيدە ئۇنىڭ ئەجەبلىنىشى ئاجايىپ ئەجەبلىنىشكە كۆتۈرۈلدى.

ئۇلار ئۈچىنچى ئۆيدىن ئۇزىغاندا، باسىت ئۇستا «ئەمدى قايتىپ چۈشتىن كېيىن ھېيتلىساقمىكىن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، لېكىن بۇ رەت قىلىندى. ئۇنىڭ قوشنىسى ئۆزلۈكسىز ھېيتلاشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇستام ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆتىنچى ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ ئەجەبلىنىش ئەمدى قورقۇنچلۇق بىر ئەندىشىگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىۋاتاتتى. بىچارىنىڭ قورسىقى يەل كۆپ ئۇرۇلغان بالوندەك پاڭگىدە يېرىلىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ، ھەرە يۇتۇپ سالغان پاقىدەك ئېتىلىپ كەتمىسە بولاتتىغۇ دەپ ئويلايتتى. تۆتىنچى ئۆي تېۋىپنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇلار كىرىپ كەلگەندە تال بوستانلىق ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. دەرۋازىنىڭ يېنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇ جۈمەكنىڭ ئاستىدا لىقمۇلىق سۇ قاچىلانغان بىر چېلەك تۇراتتى. ئەر قوشنا ئۇنىڭ پاكىزە سۇ چېلىكى ئىكەنلىكىنىمۇ ياكى پاسكىنا چېلەك ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقماستىنلا ئۆزىنى چېلەككە ئاتتى. چېلەكنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن چېلەكنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تۇتتى ـ دە، بېشىنى چېلەككە تىقىپ سۇنى غۇرتىلدىتىپ سۈمۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ياستۇقتەك يوغان قورسىقى تېخىمۇ ساڭگىلىدى. سۇ ئىچىۋاتقان كالىغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەن دەپ ئويلىدى باسىت ئۇستا. شۇنچىۋالا سۇ ئىچكەنمۇ بارمۇ؟ يېگەنلىرىگە قارىغاندا ئىچكىنى تېخى ئانچە جىق ئەمەس، بىراق ... ئۇستا ھەيرانلىق، ئەنسىزلىك ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. چېلەكتىكى سۇ ئوبدانلا يېرىمداپ قالدى. ئۇنىڭ قوشنىسى ئوق تەگكەن قوتازدەك چېلەكنىڭ يېنىغا گۈپپىدە يىقىلدى. چېلەك ئۆرۈلۈپ سۇ ئۇنىڭ ئاستىغا يالاپ كەتتى.

— ھوي، نېمە بولدىلا؟ نېمە بولدىلا؟ — باسىت ئۇستا ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ قوشنىسىنىڭ بېشىنى يۆلىدى. قۇلىقىغا خۇددى چالا بوغۇزلانغان كالىنىڭ خارقىرىشىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭ نەپەس يوللىرى بوغۇلۇپ جان تالىشىۋاتقانلىقىنىمۇ ياكى ئۇخلاپ خورەك تارتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

— ھوي، ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ بىرسىڭلار چىقىڭلار ... — ئۇستا ۋەھىمە ئىچىدە تووۋلىدى. ئۆيدىن پاختەك تۈكى سارجىدا يەكتەك كىيگەن تېۋىپ ئاخۇنۇم پالاخشىپ چىقىپ كەلدى. ئۇستا بىلەن تېۋىپ ئاخۇنۇم ئۇنى كۆتۈرۈپ سۇپىغا ئاپىرىپ ياتقۇزدى. ئۇ ھېلىمۇ دەھشەتلىك خارقىراپ ياتاتتى.

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى تۇتتى، چىرايىغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. كۆز ـ قاپاقلىرىنى يېرىپ كۆزىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن خورسىنىپ بېشىنى چايقىدى.

— نېمە بوپتۇ ئاخۇنۇم؟

— ھېچنېمە، ھېچنېمە بولماپتۇ، ئۇخلاپ ئويغانسىلا تۈزۈلۈپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭدا ھېچقانداق كېسەل يوقمىكەن؟

— باردكەن، بولغاندىمۇ دەھشەتلىك كېسەل، ئۇ دۆي كېسەلگە مۇپتىلا بوپتۇ.

— دۆي كېسەل؟ — باسىت ئۇستا ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۇ خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇخلايدىغان، بىر ئولتۇرۇشىدا قىرىق ئادەمنىڭ گۆشىنى يەپ بولىدىغان، بىر سۈمۈرۈشتىلا قىرىق دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ بولىدىغان دەھشەتلىك مەخلۇق دېۋىنى دۆي دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن دۆي كېسەل دەپ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى، ئۇ تېۋىسىپ ئاخۇنۇمنىڭ ئاغزىغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

— ھەئە، دۆي كېسەل، ئۇ دۆي كېسەل بوپتۇ، بۇنداق كېسەل يېسە - يېسە قورسىقى تويمايدىغان، بىر تونۇر نانى، بىر قوينىڭ گۆشىنى يەپ بولۇپمۇ قورسىقىنىڭ تويغىنىنى بىلەلمەيدىغان، چېلەكتىكى سۇنى ئىچسە بىردىن كىم چېلەكنى قولىدىن تارتىۋالمىغۇچە توختىماي ئىچىۋېرىدىغان كېسەل. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ باقسىلا، بۇنداق كېسەللەرنىڭ چىرايى ئاپئاق ئاقىرىپ پاختىدەك يۇمشاپ كېتىدۇ. خۇددى يەل بەرگەن قويغان توپتەك بوردىلىپ سەمرىيدۇ، ئاشقازان - ئۈچەيلىرى، قورساق تېرىلىرى رېزىنكىدەك سوزۇلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، لېكىن ھەر قانداق سوزۇلۇشچانلىقنىڭمۇ چېكى بولىدۇ. بۇنداق كېسەللەرنىڭ ئاقىۋىتى قورسىقى يېرىلىپ ئۆلۈش ... بۇنداق كېسەل ئۇزۇن مۇددەت نەپسىنى يىغماسلىقتىن، ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئوزۇقلىنىشتىن، تائىلىق تۇرۇملارنى يېيىشكە ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدۇ. بۇ داۋاسى يوق دەھشەتلىك كېسەل. خۇدا بەندىسىنى بۇنداق كېسەلگە نېسىپ قىلمىسۇن ... ھېلىمۇ ياخشى ئۇ سۇ ئىچىۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، بولمىسا دەھشەتلىك ئاقىۋەت بۈگۈنلا يۈز بېرىدىكەن ...

باسىت ئۇستا ئەمدى بىرئاز چۈشەنگەندەك بولدى. لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر تۈگۈن باردەك تۇيۇلاتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ سۇپىدا خارقىراپ ياتقان قوشنىسىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ سامان قاچىلانغان خالتىدەك بوش ۋە يوغان قورساقلىرى ئىككى يېنىدىن ساڭگىلاپ، سۇپىدىكى بۆز گىلەمگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇستامنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاشۇ ساناقسىز ئاخشاملاردا دەرۋازىدىن كىرىپ كەتكەن نەرسىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. تاغارلار، سومكىلار، ساندۇق - يەشىكلەر خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك بىر - بىرلەپ ئاشۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتەتتى. ئاشۇ تاغارلارغا قاچىلانغان پۈتۈن - پۈتۈن قوي گۆشلىرى، ئاشۇ سومكىلارغا قاچىلانغان توخۇ گۆشى ۋە تونۇر كاۋاپلىرى، باغلام - باغلام پۇللار، يەشىك - سېۋەتلەرگە قاچىلانغان ئانار، ئالما، شاپتۇللار قوشنىسىنىڭ خارقىراپ تۇرغان ئاشۇ گېلىغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار كىرىپ توختىمايتتى. ئاشۇ ساڭگىلاپ ئىككى يېقىنىدىن گىلەمگە تېگىپ تۇرغان - چوڭلۇقى ئاران چېپىتا تاغارچىلىك كېلىدىغان ئاشۇ قورساق خۇددى تەگسىز ھاڭدەك مەڭگۈ تولمايتتى ...

ئاھ، مانا بەختسىزلىك! ئۇ ئاشۇ مەڭگۈ توختىماي كىرىپ كېتىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە دەھشەتلىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ دۆي كېسەلگە، داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپتۇ ئەمەسمۇ؟

باسىت ئۇستىنىڭ قەلبى ئېچىنىش بىلەن تولدى. ئۇ نېمىشقىمۇ ئېچىنمىسۇن؟ يېقى ئۆينىڭ ئايىغى ياراشقان، بالا يۈزى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈش ئالدىدا تۇرغان، بەخت ئىچىدە
يايراۋاتقان بىر ئادەم تۇيۇقسىز ئاشۇنداق
داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولسا، كىممۇ
ئىچىنماي تۇرالايدۇ-دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئۆپكە-
سىدىن كۈچلۈك ھاۋا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ
ئېغىر خورسىنغانىدى.

## 8. ئاخىرقى ئىشلار

ماشىنىچىلىق دۇكىنىنىڭ دېرىزىسى ھې-
لىمۇ كونا بويى ئوچۇق تۇراتتى. باست
ئۇستا ئاشۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ
يېڭى - يېڭى كىيىملەرنى، يېڭى - يېڭى پو-
سوندىكى كىيىملەرنى تىكەتتى. كۆزلىرى
تېلىپ كەتكەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاشۇ دې-
رىزىدىن سىرتقا قارايتتى. ئەمدى ئاشۇ دەر-
ۋازا پات - پات غىچىلداپ ئېچىلمايدۇ. ئۇ-
نىڭدىن ئويما ياقىلىق رۇباشكا كىيگەن ئا-
يالمۇ چىقمايدۇ، كەچلىكلىرى سوم-كىلارمۇ،
تاغارلارمۇ، يەشىك - سېۋەتلەرمۇ كىرىپ كەت-
مەيدۇ. ئۇ مەھكەم قۇلۇپلىنىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ
تۆچ ھالقىلىرىدىن مۆشۈكنىڭ بېشىدەك
يوغان قارا قۇلۇپ ئېسىلىپ تۇرىدۇ ... باست
ئۇستىنىڭ كۆزلىرى ھەر قېتىم ئاشۇ قارا
قۇلۇپقا چۈشكەندە، ئېغىر خورسىنىدۇ. قەل-
بىدە ئېچىنىش قۇيۇنلىرى پىرقىرايدۇ ... يا-
دىغا ئاخىرقى كۈنلەردىكى ئىشلار چۈشىدۇ ...
كاتتا ئەربابنىڭ داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار
بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر قۇربان
ھېيتنىڭ 2 - كۈنىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر
كەتتى. كىملەردۇر: «بىز ئۇنىڭ ئاشۇنداق
كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئاللىقاچان
سەزگەنىدۇق» دېيىشتى. يەنە كىمدۇر
بىرى: «مەن ئۇنىڭ چوقۇم ئاشۇنداق كې-
سەلگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم»
دېدى. بولۇپمۇ دۆي كېسەلنىڭ داۋاسىزلىقى
ئۇنىڭ دوست - يارانلىرىنى قاتتىق ئۈمىد-
سىزلەندۈردى. ئۇلار ھازىرچە بۇنداق كې-
سەلنىڭ يۇقۇملۇق ياكى يۇقۇملۇق ئەمەس-
لىكىنى بىلمەيتتى. يۇقۇش ئېھتىمالىنىمۇ
چەتكە قاقالمايتتى. مانا شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ
خېلىدىن بېرى ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ
كەلگەن دوست - يارەنلىرى ئۆزىنى يەنىمۇ
تولۇق چەتكە ئېلىشتى. ئۇنى ھېچكىم يوق-
لاپ كەلمىدى. دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان
ئادەممۇ چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش
باست ئۇستىنىڭ گەدىنىگە چۈشتى.

قۇربان ھېيتلىق دەم ئېلىش ئاياغ-
لاشقان كۈنى باست ئۇستا ئۇنى ھارۋا
بىلەن ئېلىپ بېرىشنى لايىق كۆردى. بې-
مارغۇ ئۆزى ماڭالايتتى، لېكىن كېسەلنىڭ
كېسەللىك ھۆرمىتىنى قىلمايمۇ بولمايتتى.
ھارۋىغا قاتقىلى ئېشەك بولمىغاچقا باست
ئۇستا ھارۋىنى ئۆزى سۆرىدى. بېمار ھار-
ۋىدا جىمغىنە ياتاتتى. قارىماققا ئۇنى دوخ-
تۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش خېلىلا ئوڭۇشلۇق
بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئوڭۇشلۇق بولغان-
مۇ بولاتتى، لېكىن ئىشنى مەسچىتنىڭ ئال-
دىدىكى ئاشۇ كالتە بازار بۇزۇپ قويدى،
دوختۇرخانىغا بېرىشتا مۇشۇ كالتە بازاردىن
ئۆتمەي بولمايتتى. بازارغا يېقىنلاپ كەل-
گەنسېرى باست ئۇستىنىڭ قەلبىدە يوشۇ-
رۇن بىر ئەندىشە ئۆلغىيىپ كېلەتتى.
«ھەي، يەنە سەتچىلىك بولمىسا بولاتتى»
دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. سېرىق لەغمەن
ساتىدىغان، ئۆپكە - زاسوي، كاللا - پاقالچاق،
لەڭپۇڭ - گازىر ساتىدىغان غالتەكچىلەرنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا بېمار ھارۋىدىن ئىر-
غىپلا چۈشۈۋالدى - دە، ئاۋۋال سېرىق لەغ-

مەڭگە ئۆزىنى ئاتتى. باسىت ئۇستا ھارۋىـ
نى تاشلاپ ئۇنىڭ يېنىغا يېرىپ بولغىچە
ئۇ ئاللىقاچان ئىككى قولى بىلەن سېرىق
لەغمەننى ئاغزىغا تىقىشقا باشلىغانىدى،
ئاش ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىگە، بۇرۇتلىرىغا چاپـ
لىشىپ تۇراتتى، ئۇ ماچىلدىتىپ چاينايتتى.
ئاشنىڭ ئىگىسى ۋارقىراپ كەتتى:
— ھەي، ماۋۇ نېمە ئادەم؟ ساراڭمۇ
بۇ؟ ئاشنى بۇزۇۋەتتى دەيمەن، تۇت ماۋۇ
ساراڭنى ...
باسىت ئۇستا قوشنىسىنىڭ كېلەڭسىز
گەۋدىسىنى قۇچاقلاپ، ئۇنى سېرىق لەغمەن
ساتىدىغان غالتەكتىن يۇلۇپ ئالدى. ئۇ پۇـ
شۇلدايتتى. ھاسىرايتتى، ئاغزىدىغا لوڭگە
كەپلەپ قويغاندەك خارقىرايتتى:
— ئاش - ئاش! ماڭا ئاش بېرىڭلار،
مەن ئاش يەيمەن ...

شۇنداق كېسەل بولۇپ قالدى، — دېدى. ئۇ
ئاشۇ گەپنى كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن دېـ
گەنلىكىنىمۇ ياكى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش
ئۈچۈن دېگەنلىكىنىمۇ بىلەلمىدى: ئۇ ھوـ
دۇقۇپ قالغانىدى.
شۇ ئەسنادا بىمار ئۇنىڭ قولىدىن
يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قىل
يورغىدەك يورغىلاپ يۈگۈردى - دە، لەنـ
پۇڭچىنىڭ غالتىكىدىن ئىككى ئۇرۇچ لەنـ
پۇڭ توغرىمىسىنى ئېلىپ ئاغزىغا تىقتى.
باسىت ئۇستا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن لەنپۇڭـ
چىنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغىچە، بىمار ئۆپكە -
زاسۋي غالتىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولدى ...
بىمار يورغىلايتتى، يۈگۈرەيتتى. باسىت
ئۇستا يېتەلمەيتتى، ئۇ ئەمدى كالله - پاقالـ
چاق ساتقۇچىنىڭ دېسىدىن ئېلىۋالغان قارا
قوينىڭ يوغان كاللىسىنى چىشلەپ كالته
بازارنىڭ ئىچىدە يۈگۈرەپ يۈرەتتى. پۈتۈن



خىجىللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەي
قالغان باسىت ئۇستا، ئاشنىڭ ئىگىسىگە:
— كەچۈرسىلە، بۇ ياق كېسەل، مۇـ

بازار قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كىشىلەر ئالاـ
چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، غالتەكلىرىنى ئىتتىرىشىپ
داس، قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قېچىشاتتى ...

كېسەلنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرەپ يۈرگەن باستى ئۇستا ھېرىپ كەتكەندى. ئۇ ھاسىرايتتى. سېمىز ئادەمنىڭمۇ شۇنچىۋالا يۈگۈرەلەيدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. شۇ ئەسنادا تۆت - بەش كاۋاپچى يىگىت ياردەمگە كەلدى. ئۇلار تۆت تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. ئۇ قورشاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى، ئۇ پارچىلانمىغان كاللىنىڭ قۇلاقلىرىدىن تۇتۇپ، تۇمشۇقىدىن چىشلەپ يەپ تۇراتتى ...

يىگىتلەر دۆۋي كېسەلنى تۇتۇپ ھارۋىغا باسقان چاغدا، باستى ئۇستا ئاندىن ئۇھ دېدى. ئۇ ھەقىقەتەن ھېرىپ كەتكەندى. شۇنداقتىمۇ بىمارنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى ھارۋىغا چىڭ بېسىپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرى بىر تال كولا تېپىپ كەلدى: يىگىتلەر كولا بىلەن ئۇنى ھارۋىغا چەمبەرچەس باغلىدى. ئۇ ۋارقىرايتتى:

— ... كاللا ... كاللا ... مەن كاللا يەيمەن، ماڭا كاللا ...

كېسەل يول بويى ئاشۇنداق ۋارقىراپ ماڭدى. باستى ئۇستا ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرگەندىمۇ ئۇ يەنىلا ئاشۇنداق ۋارقىراپ تۇراتتى:

— كاللا ... كاللا ... ماڭا كاللا بېرىڭلار...

دوختۇرلار پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ كاتتا ئەربابنى تونۇيدىكەن. شۇڭىمۇ دەسلەپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي خېلىلا ھودۇقۇشتى. شۇ ئارىدا قايسىبىر دوختۇر تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە دەرھال ئوكۇل ئۇرۇلدى، ئۇ تېزلا جىمىپ، خارقىراپ ئۇيقۇغا كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرلار ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىنى سوراشتۇردى. باستى ئۇستا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىش ۋە ھېلىقى تېۋىپتىن ئاڭلىغان گەپلەرنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. دوختۇرلارمۇ ئاشۇ تېۋىپقا ئوخشاشلا باش چايقاشتى:

— بىزنىڭ دوختۇرخانىدىمۇ دۆۋي كېسەلگە داۋا يوق.

دوختۇرلار ئۇنى بالنىستقا قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا كىمدۇر بىرى:

— ھۆكۈمەت ئۇنى خىزمەتتىن توختىتىپ تەكشۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن دەسلەپ ھودۇقۇشۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان دوختۇرلار بىردىنلا ئۇنى كۆزگە ئىلماي قويۇشتى. باستى ئۇستا بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارغا يالۋۇردى. كېسەلنىڭ ئازابىنى ۋاقىتلىق يېنىكلىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بالنىستقا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. يالۋۇرۇشنىڭ رولى بولدىمۇ ياكى كاتتا ئەربابنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكى نەزەردە تۇتۇلدىمۇ، دوختۇرلار ئۇنى ئاخىرى ياتاققا ئېلىشقا قوشۇلدى.

باستى ئۇستا ئۇنى بەلگىلەنگەن كارىۋاتقا ياتقۇزۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ بوش ئاۋازدا جۆيلىگىنى ئاڭلاندى:

— كاللا ... كاللا ... مەن كاللا ... يەيمەن...

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە، باستى ئۇستا ھارۋىنى سۆرەپ دوختۇرخانىغا يەنە بىر قېتىم باردى. ئەمدى ھارۋىدا قورسىقىنى چىڭ تۇتۇۋالغان ئايال قوشنىسى ئېڭىراپ ياتاتتى، مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كاللە بازاردىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا، باستى ئۇستىنىڭ كۆڭلىدە يەنە ئەنسىزلىك باش كۆتۈردى. ئۇ ئايال قوشنىسىنىڭمۇ دۆۋي كېسەلگە گىرىپتار بولغان ياكى بولمىغىنىنى بىلمەيتتى. باستى ئۇستا ئۇنى دۆۋي كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان دەپ ھۆكۈم قىلالمايتتى،

شۇڭا ئۇ ئەندىشە قىلدى... لېكىن ئايال ھارۋىدىن چۈشۈۋالمىدى، سېرىق لەغمەنگىمۇ، ئۆپكە - زاسۇيگىمۇ ئۆزىنى ئاتمىدى. ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقان باسىت ئۇستا ئۇنى كالتە بازاردىن تىنچىقىنا ئۆتكۈزۈپ تۇغۇت بۆلۈمىگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدى.

باسىت ئۇستىنىڭ ئايال قوشنىسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلگىنىگىمۇ مانا بۈگۈن تۇپتوغرا يەتتە كۈن بولدى. ئۇ قوشنىلىرىنى ئەسلىسىلا كۆڭلى غەش بولاتتى. ئۆزىنى ئۆز ئۆتمۈشىدىكى ئاللىقانداق بىر سەتچىلىكىنى ئەسلىگەندە يىرگىنىچ - ئۆكۈنۈش ئىچىدە ھېس قىلاتتى. ئۇلارنى زادىلا يادىغا ئالماسلىققا تىرىشاتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى تۇغۇتلۇق ئايال ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق گەۋدىلىنىۋىدى، ئۇ ئاشۇ خىيالىي مەنزىرىنى يوق قىلماقچى بولغاندەك بېشىنى ئىككى تەرەپكە قاتتىق چايقىدى.

كېيىم تىكىش ماشىنىسى يەنە شىرىلداشقا باشلىدى. باسىت ئۇستىنىڭ توختىماي يۇقىرى - تۆۋەن سەكرەپ تۇرغان يىڭنىسىگە تىكىلگەن كۆزلىرىگە يان تەرەپتىن قىپقىزىل ئوت كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تەپكىنى تېپىشتىن توختىدى، شىرىلدىغان ئاۋاز ئۆچتى...

كېيىم پېچىش شىرەسىدە ئوتقاشتەك بىر توپ قىزىل دۇخاۋا تۇراتتى. ئۇستام بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا قارىدى. ئۇ يەردە ئىچ كېيىم - ئويما ياقىلىق رۇباشكا بىلەنلا چىققان ئايالنىڭ بولاق كۆزلىرى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇستام يېڭى قوشنىسىنى تۇنجى كۆرگەن كۈنىنى ئەسلىدى.

ئۇستام بولاق كۆزلەرگە دىققەت بىلەن تىكىلدى. بولاقنىڭ ئەڭ تىرەن جايلىرىغا نەزەر سالدى، تونۇغاندەك، ئەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك بولدى. ئېھتىمال كۆمۈش ھالقىلىق دەرۋازىنىڭ ئايال خوجايىنى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— ئۇستام مونۇ دۇخاۋىدا پەردە تىكىدىغان گەپ ئىدى...

— تىكىپ بېرەيلى، ئۆلچەملىرى قانداقكىن؟

— ئەنە ئاۋۇ ئۆي بىزنىڭ، ئۆزلىرى كىرىپ ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئۆلچەپ چىقسىلا. پەردىلەرنى ئەتىلا تىكىپ بولمىسا بولمايدۇ. ئۆيىمىزگە مېھمان كۆپ كېلىدۇ. ئىلگىرىكى پەردىلەر ئەمدى ياراشماي قالدى...

— ماقۇل، مەن كەينىلىرىدىن كىرەي.

ئايال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇستام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى، چىڭ ۋە كېلىشكەن ساغرا ئىككى تەرەپكە «لىك، لىك، لىك» سەكرەپ باراتتى. ئۇستامنىڭ يۈرىكى جىغىلدە قىلىپ قالدى.

ئۇستام يانچۇقىدىن نەشىنى ئالدى، ئۇنى ئۇششاق ئۈزۈپ كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇردى. گېزىت قەغىزىگە ئەپچىل قىلىپ ئورىدى، تاماكا ناشتەك چىڭ تۈگۈلدى، ئۇستام دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە قارىدى. يولدا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ تاماكىنى تۇتاشتۇردى ۋە قېنىپ شۇراشقا باشلىدى.

ئۇ تېخىچە دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئاشۇ يېڭى سېلىنغان قاتار - قاتار ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا ياپيېشىل كۆكتاتلىق كۆرۈنگەندەك بولدى: كۆكتاتلىقنىڭ قىرىدىكى يالغۇز ئاپتاپپەرەس مەيىن شامالدا بوش ئىغاڭلىغاندەك، ئاپتاپپەرەسنى چوقۇلاۋاتقان ئاق قۇشقاچ شوخلۇق بىلەن ۋىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قەلبى سېغىنىشقا تولغانىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

روزى سايىت

## شېئىرلار

### ئۆزۈمگە خىتاب

مەيلى سەن تەسپايى① بول، كۆك ماھى بول،
مەيلى يۇرتنىڭ شاھى بولغىن، داھىي بول.
كېتىسەن «دەرگاھى ھەق» نىڭ ئالدىغا،
كەتكىچە پۇرسەتنى تۇت، ئاگاھى بول:
گەر غېنى بولساڭ غېرىبقا ياپ چاپان،
گەر ھوقۇقدار سەن ئاۋام ھەمراھى بول.
دەردى بارنىڭ دەردىگە يەت - باش سىلا،
قالسا «ئاپتاپ»تا «شامال» بول «سپايى» بول.
ئەل بىلەن كۈل كۈلسە، يىغلا يىغلىسا،
ھەم گۇۋاھلىق پەيتىنىڭ لىللاھى بول...
روزى، سەن يا باي ئەمەس، يا شاھ ئەمەس،
ئال قەلەمنى، ياز، خەلقنىڭ ئاھى بول.
ئۇر خاتالار يىلتىزىغا تىغ - قىلىچ،
ھەق - ئادالەت جارچىسى مەدداھى بول.
قالسا بەس ئەل قەلبىدە راستگۇيلىقىڭ
باشقىسى ھېچگەپكى — بولما، گاھى بول.

### بىلىپ قوي...

ئەجەب بىر قىزىق بۇ جاھاننىڭ ئىشى،
قىشىدا باھار، گاھ باھاردا قىشى.
ھېلى جەننىتىدىن قىلار بەھرىمەن،
تۇرۇپلا بېشىڭدا دوزاخ تەشۋىشى.
«ئۇلۇغ - كاتتا» ئەيلەر ھېلى ھەممىدىن،
ئېتەر گاھى مىسكىن، بىچارە كىشى.
جاھان كارى - بارى — سەتەڭ جىلۋىسى
ئاڭا ئالدىنار كىم يوقالغاي ھوشى.
ئۆتەي شاد دېسەڭ نەپسى شەيتاننى ئۇر،
(سىگەر ھەر قورساققا ھالاللىق ئىشى.)
ھارام نەپكە بەرمە كۆڭۈل مەيلىنى،
چىرىيدۇ بۇرۇنراق ياغاچنىڭ بوشى.
بىلىپ قوي، سازاۋەر ئاتاققا داۋام
ئېسىل، ساپلىقىدىن گىرانىت تېشى.
بۇ يەكلىغ مىسالنى دېمەكتىن مۇراد:
ئەجىر - تەردە ئۇستۇن كىشىنىڭ بېشى.
ياشاپ ئۆت دىيانەتتە پاك، بىغۇبار،
دېسەڭ باشقا قونسۇن ھومايۇن قۇشى.
قارا، نەپسى غالىب تالاي نوچىنىڭ
يۈزى چۈشتى يەرگە، تۆكۈلدى چىشى.
خەلق ئاھى تۇتسا يامان ھەممىدىن،
قىلار «تاغ» نى تۇپراق خەلقنىڭ مۇشى.
دەۋر ئۇچ چىرىكىگە، «قولى ئەگرى» گە،
چىرىكلىكىگە يوق بۇ دەۋرنىڭ خوشى.

① تەسپايى — سۆرەلمە، سۆرۈلۈپ يۈرگۈچى.

زاماننىڭ راۋاجى ئۈچۈن قىل كۈرەش،
«تۈزەش» — مۇددىئا، بول ئۇنىڭ ئۇل خىشى،
قېنى، روزى، چەندان سۆخەن ئەيلىدىڭ،
ئەمەل قىل، .مۇھىمدۇر ئەمەلنىڭ ئىشى!

## بۇ كىشى

ئىدى بۇ كىشى ياخشى يۇرت باشلىقى،
تەشەككۇرغا نائىل ئىدى ياشلىقى.
ھالال، پاك تەرىدە چىمەن راستلىغاچ،
بىلىنگەنىدى ئۇستا نەققاشلىقى.
ئاۋام دەيتتى: ئادىل، «قىزىل كۆز» ئەمەس،
يارايدۇ خەلققە قېرىنداشلىقى! ...
ئەجەب ئىش، بۇزۇلدى يېقىندىن بېرى،
ئۇنىڭ پەيلى - پاكلىققا يولداشلىقى.
ھېيقمايدۇ ئەلدىن، ھالاللىققا ئۆچ
سەمرىتتى ھارام نەپكە يانداشلىقى.
ئەمەس ئاددى - ساددا، خەلققە چاكار.
كىبىرلىك خاقان خۇددى بىباشلىقى①
«يېڭى زومىگەر، ئوغرى» دەپ قويدى ئات،
ئۇنىڭ نەپسى شەيتانغا ئوخشاشلىقى.
ئۆيى ئالتە يەردە، يەنە ئالدى يەر.
كېلەر ئىككى مو باغچە، ئوتياشلىقى.
كۆزىگە بۇ كەمدە كۆرۈنمەيدۇ ئۆز
بۇرۇن تەستە ئالغان قەلەمقاشلىقى.
كېتەۋەرسە شۇنداق يولىدىن تېيىپ،
چاتاق سالسا ماڭدامدا پۇتلاشلىقى؛
چىرىدىپ كەتسە ئەخلاقى، ئەقلى تامام،
زامانغا مۇشت ئاتسا قارام - شاشلىقى،
بولالامدۇ ئۇ ياخشى يۇرت باشلىقى؟!
تۈزەلەمدۇ بۇ پۇتىنىڭ ئالماشلىقى؟!

## ئاقىۋەت

(ئايىنىپ كەتكەن كادىرنىڭ ئېيتقانلىرى)

ئەسلىدە بىر ئەقلى ساقتىم، ئاقىۋەت،
ساق ئەقلىنى چەتكە قاقتىم ئاقىۋەت،
«ئايىنىخان» دەپ پەتتە تاقتىم ئاقىۋەت،
ئۆز پۇتۇمغا پالتا چاپتىم ئاقىۋەت،
يۈز تۆكۈلدى - يەرگە باقتىم ئاقىۋەت.

ئەينى يىللاردا تەمەسىز ئەر ئىدىم،
كىر - غۇبارى يوق جۇلالىق زەر ئىدىم،
ئۆز غېمىم دەپ ئەل غېمىنى يەر ئىدىم،
پاك ئۆتۈشتە بارچە قىممەت — دەر ئىدىم،
قىممىتىمنى ئوتقا ياقتىم ئاقىۋەت.

پۇشتى ئەۋلادىم ئىكەن يوقسۇل كىشى،
تىرنىقى ئۆسمەپتىكەن يازۇ - قىشى،
ھۆر زامان يۆلەپ، قونۇپ ئامەت قۇشى،
ئۆستۈرۈپ، قىلسا مېنى يۇرتنىڭ بېشى،
ئۆزگىرىپ پاتقاققا پاتتىم ئاقىۋەت.

«داشقازاننى چاق!» دېسە، «ياق، ياق!» دېدىم،
بىز نېمە يەرمىز ئۇنى چاقساق، دېدىم،
«داشقازان — تىللا قازان» ساپ - ساپ دېدىم،
توشىدۇ چۆنتەك ئۇنى قاقساق، دېدىم،
ئۆزنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتتىم ئاقىۋەت.

ياپچۆكتەك يول توسۇشلار ئاقمىدى،
چوڭ ۋەزىيەت توسقىنىمغا باقمىدى،
ئەل - ئاۋامغا كونا كاللام ياقمىدى،
ھۆددىگەرلىك خۇددى كۈندەك چاقنىدى،
نەپنى كۆزلەپ قول ئۇزاتتىم ئاقىۋەت.

قول ئۇزاتتىم كۆز قىزارتتىم «خەپ!» بىلەن،
ھەممىنى باستىم پوكانغا ئەپ بىلەن،
ئۇچرىشىپ كۆلدۈم بەدەلسىز نەپ بىلەن،
پايدا - مەنپەئەت سۆيدى لەۋگە زەپ بىلەن،
«مەن» چىرىتكەچ «بىز» نى ساتتىم ئاقىۋەت.

«ھۆددىگەر» — مەن كەتمىدى سۆلھى - سالا،
بىر تىراكتور، يۈز تۇياق قوي، ئون كالا،

① بىباش — باشسىز، يۈگەنسىز مەنىسىدە.

كاتتا بىر باغ، يەر - زېمىندىن يوق چالا،
«مېۋە» تەگدى شۇنچىلىكلا، بوپتىلا،
«بوپتىلا» دەپ دەرتىنى تارتتىم ئاقۋەت.

باغ، ئېتىزغا باشقىلارنى ئىشلىتىپ،
مالنى خەققە باققۇزۇپ ھەم قىشلىتىپ،
رەنجىسە قەھرىم ئىتىغا چىشلىتىپ،
قول قاپارتماي باي بولۇپ، ئالقىشلىتىپ،
يۇرت بېشىدا پەستە چاقتىم ئاقۋەت.

يەپ - ئىچىشنىڭ تورىنى چەكسىز يېيىپ،
ئەقلى ھوشتىن ئايرىلىپ، بېشىم قېيىپ،
قاقشىتىپ ئەلنى ئۆزۈم ئالدىم بېيىپ،
پۇلنى كۆرگەن چاغدا پۇت، يولدىن تېيىپ،
شۇ «تېيىش» تا ئوڭدا ياتتىم ئاقۋەت.

ئۇردىياغا ھەم ئۇسۇمسىز ئاقچىغا،
چاڭ سېلىپ، تويغۇزمىدىم «پاچاقچى» غا،
گەر بىلىپ قالسا قىسىپ كۆز ساقچىغا،
ھەيدىدىم ھاشارغا - بوز يەر باغچىغا،
مۇتقا كۆندۈم، مۇتنى تاپتىم ئاقۋەت.

ئۆتتى يىللار، سەمرىدىم - سالدىم قورساق،
يۇرت ماڭا جەننەت، بۆلەكلەرگە دوزاق،
«ئەتكىنىم - ئەتكەن» - ئىشىمغا يوق توساق،
مەن ئۆزۈم بەگ، «مەن» دېمەك - «قانۇن - ياساق»،
قارشىلاشقاننى يوقاتتىم ئاقۋەت ...

ئاقۋەت غۇرتىلدىدى دەندانلىرىم،
غەمگە ئالماشتى مانا خەندانلىرىم،
سۇندى يوق بولدى ئېسىل قەندانلىرىم،
بولدى پاش قىڭغىر قەدەم - چامدانلىرىم،
پۇت - قولۇمنى بەندىگە چاتتىم ئاقۋەت.

قىلغان - ئەتكەن بولدى بۇرنۇمدىن بۇلاق،
مىڭ يوشۇرماي مەن گۇناھكار، مەن قالاق،
توۋا قىلدىم، ئەسكى پەيلىم مىڭ تالاق!!!
بولغىنىمچۇن يولدىن ئازغان بەز قولاق،
ھۇرلۇكۇمگە ئىشىكنى ياپتىم ئاقۋەت ...

تۇردى ئەخمەت

## جەننەت بۇ ماكان

### قىش مەنزىرىسى

قارلارغا ئوراپ تاتلىق ھېسلىرىمنى
كېلىمەن يىراقلاردىن يۇرت ئارىلاپ.
سوزۇلۇپ چىققان ئوتلۇق تىنىقلىرىم
كېتىدۇ ئاق بۇلۇتلۇق كۆككە تاراپ.

توزۇتۇپ ئېلىپ كېلەر سوغۇق ھەدىنى
دالىدا ناخشا ئېيتىپ ئۇچقان شامال.
دالىلار ياتار گويا، ئاق پەرىشتە
قىلغاندەك تەبەسسۇمنى سۆيۈپ قامال.

كۆكمۇ ئاق، زېمىنمۇ ئاق، ھەممە يەر ئاق...
جاھانغا ئاپئاق شايى يېپىلغاندەك.
پاخپىيىپ ئولتۇرىدۇ شاختا پاختەك
ھېسلىرى قار ئۈستىگە چېچىلغاندەك.

ئاڭلانماس يۈرەكلەرنىڭ تارىن چېكىپ،
جىرادا تورغايلارنىڭ چۇ - چۇلىشى،
قېنى ئۇ ئېپار ھىدلىق مەيىن شامال؟
قىيادا مۆگدەيدۇ بوران قۇشى.

دەريالار ناخشا ئېيتماس مۇڭغا چۆكۈپ،
يالتىرار قاتقان سۇلار ئەينەكسىمان.
ئەرشتە تاماشا قىپ تۇرار كۈلۈپ،
زېمىنغا كۈمۈش چاچقۇ چېچىپ ئاسمان.

شامالغا تەككەش بولۇپ تەۋرىگەنچە،
چۈش كۆرۈپ ياتار ئەنە قار لەيلىسى.

ئالدىمدا تۇرار مۆكلۇق يالڭاچ باغ،
كۆرۈنمەس ئۇندا قايناق باغ سەيلىسى.

دىللارنى ئوراپ سۆيگۈ ھىسلىرىغا،
باللار سەكرىشىدۇ، چىپىشىدۇ.
سەبىيلەر ۋۇجۇدىدا ھەۋەس شادلىق،
يۈرەكتىن ـ يۈرەكلەرگە ئېقىشىدۇ!

رەگەتكە تۇتقان ئوماق شوخ باللار،
شاخلاردىن قوشقاچ قوغلاپ ئوينىشىدۇ.
بوۋايلار ھەم مومايلار مەش تۇۋىدە،
ياشلىقىنى ... ھەم بەختىنى كۈيلىشىدۇ.

قىنىغا پاتماي خۇشال قىيغىتىشىپ
باللار ئوينىغاندا قار بوۋايىنى،
ۋۇجۇدۇم ھىسلار ئارا بولۇپ مەجنۇن،
يۈرىكىم سېغىنىدۇ نەۋ باھارنى...

قارلارغا ئوراپ تاتلىق ھىسلىرىمنى
كېلىمەن يىراقلاردىن دالا ئارىلاپ.
خۇش ئىپار چېچىپ كۈتكەن باھار گۈلى
قەلبىمنىڭ ئۇپۇقىغا كىرەر تاراپ!

**يىراقتىن توي تارتىپ كېلىدۇ كارۋان**

1

چۆل دەيدۇ بەزىلەر بىزنىڭ بۇ يۇرتنى
نە چۆل بۇ، گوياكى بىر گۈزەل جەننەت،
قۇملارنىڭ كۆكسىگە چېكىدۇ نەقىش
خەلقىمنىڭ كۆكسىدىن تۆككۈلگەن مېھنەت!

مېھرى بال، ئاتەشلىك ئېسىل ماكان بۇ،
دىللارنى كۈلدۈرەر ياڭزا ـ ياڭزا گۈل.
تاغلىرى ئالتۇنلۇق، باغلىرى بېھىش،
ئاجايىپ خىسلەتتە سايرىسا بۇلبۇل.

بۇ يۇرتتا خىسلەتلىك ئالىم، ئەدىبلەر
دۇنياغا ئاجايىپ شۆھرەت تاراتقان.
ئەسىرلەر قوينىدا مەھمۇد ۋە يۈسۈپ
غۇلىماس ھەيۋەتلىك مۇنار ياراتقان!

بەرگەنكەن ئاھ بىزگە كۆز چاققان بېھىش،
باغرى كەڭ ئاجايىپ سېخىي تەبىئەت.
دىللاردا، تومۇردا ئوخچۇيدۇ كۈلكە،
ھەر ۋۇجۇد ئېلىكىدە چاقنايدۇ خىسلەت!

2

تەڭرىتاغ باغرىغا سالسىڭىز نەزەر
سۆيۈشەر ئورمانلار سېلىشىپ گىرە.
تارىمغا ھەر بېقىش باشقا مۆجىزات،
كۆزىڭىز تورلىشىپ بولىدۇ خىرە.

بولسىز بىر سىرلىق خىسلەت كۆرگەندەك
باقسىڭىز خوتەننىڭ ياڭىقىنى يەپ.
سورايسىز: «قايسى بىر ئۇستا ياغاچچى ـــ
بۇنداق بىر مۆجىزىنى كەشپ قىلغان؟» دەپ.

ئاھ، ئەجەب بىر لەززەت بېرىدۇ سىزگە
تۇرپاننىڭ كىشمىشى ـــ ئۈزۈم مېۋىسى.
كاپ قىلىپ يۈرەكنىڭ بېغىنى تۇتار!
كورلىنىڭ نەشپۈتى، ئىلى ئالمىسى.

ئاقىدۇ ئېتىلىپ تەكلەر تەكتىدىن
ئاشىقلار سىردىشى زەم ـ زەم بۇلاقلار.
يويۇنار ئاھ ئۇنىڭ زۇمرەت سۈيىدە
مەست بولۇپ سامادىن ئاققان چىراغلار.

تەڭرىنىڭ نامىدا بولار باش پاناھ
بولۇتقا باش قويغان گۈزەل تەڭرىتاغ.
گۈللەرنىڭ قوينىدا كۈلمەكتە ھايات
كىم دەيدۇ«ھاجەت» دەپبۇندىن ئۆزگە باغ».

«كۈيۈكلار تۆگىدى» دەمسىلەر بىزنى
كەتسىلا تۇردىكام، ئامانىساخان.

www.uyghurkitap.com

كۆيىمىز توختىماس ئەسىردىن ئەسىر،
كۆي تولۇپ تۇغۇلار بۇندا مىلىيون جان.

ئاھ، بىزنىڭ ئادەملەر گوياكى بۇلبۇل
يېقىملىق ناۋاسى ئەسلا ئۈزۈلمەس.
شۇ ئۇلۇغ ئەجدادتىن قالغان مىراس ئۇ،
تىنىك تاغلار كۆچسىمۇ ئەسلا كۆمۈلمەس!

3

بەرگەنىكەن ئاھ بىزگە كۆز چاقنان بىھىش
باغرى كەڭ ئاجايىپ سېخىي تەبىئەت،
دىللاردا، تومۇردا ئوخچۇيدۇ كۆلكە
ھەر ۋۇجۇد ئىلكىدە چاقنايدۇ خىسلەت!

قارىغا ئاناردەك قىزىل يۈزلەرگە
ھەر نەپەس ئۈرلىتەر شىددەتلىك يالقۇن!
قارىغا بولاقتەك خۇما كۆزلەرگە
يۈرەكنى كۆيدۈرۈپ چاچىدۇ ئۇچقۇن!

كۆرگەنسىز قايەردە قۇمغا گۈل چېچىپ،
جاھانغا جان قوشقان ئادەمزاتىنى؟
كۆرگەنسىز قايەردە يۈرەك ئوۋلىغان
ئۇيغۇرنىڭ قىزلىرى ھۆر پەرىزاتىنى؟

ھەر كۆزدىن نۇر ئاقار، توختىماس گويا
شۇ نۇردا ياشنايدۇ بىزنىڭ تەبىئەت.
تومۇردا جۇش ئۇرار مۇقەددەس سۆيگۈ
يۈرەكتىن يۈرەككە ئاقار مۇھەببەت.

4

بەرگەنىكەن ئاھ بىزگە كۆز چاقنان بىھىش
باغرى كەڭ ئاجايىپ سېخىي تەبىئەت.
دىللاردا، تومۇردا ئوخچۇيدۇ شادلىق
ھەر ۋۇجۇد ئىلكىدە چاقنايدۇ خىسلەت!

ئاھ بۈگۈن بوغدىدا ئۈنىنغان ئاق قۇ
ئەتىلا سايرامدا ۋىسال تاپىدۇ.
جۇپ كۆزدىن توختىماي ئاققان بەخت ياش
خىسلەتلىك بىر گۆھەر بولۇپ قاتىدۇ!

............

ھېسلىرىم جاھانغا قىلار تەنتەنە
ئاھ يۇرتۇم ئاجايىپ خىسلەتلەرگە باي.
يۈرىكىم قانغۇچە كۈيلىمەي ئۇنى،
مەن تىترەپ قانداقچە قەلەم توختىتاي!

كۆرسىڭىز بۇ يۇرتنىڭ يايلاقلىرىنى
كۆزىڭىز تورلىشىپ دەيسىز: «ئوھو - ھوي!»
بۇلۇتلار كۆچكەنمۇ بۇ يەرگە قاراڭ،
مىغىلداپ سەكرىشەر ئاق بۇلۇتتەك قوي!

5

دېڭىز يوق دېسەڭلار بىزنىڭ بۇ يۇرتتا،
خۇدانىڭ ئالدىدا بولىدۇ گۇناھ.
تەكلىماكان تەكتى ئۇ پايانسىز دېڭىز،
چايقىلىپ ياتىدۇ نېفىتلەر ئۇندا.

دەپتىكەن بىر چاغدا ئەقىللىق مورگان:
«بۇ يەردە تىلسىمنىڭ ئاچقۇچى بار» دەپ.
ئاقىلنىڭ كۆكسىدىن چىققان بۇ ھېكمەت
ئەمەستۇر ھەرگىزمۇ يالغان - قۇرۇق گەپ!

6

بەرگەنىكەن ئاھ بىزگە كۆز چاقنان بىھىش
باغرى كەڭ ئاجايىپ سېخىي تەبىئەت،
دىللاردا، تومۇردا ئوخچۇيدۇ كۆلكە
ھەر ۋۇجۇد ئىلكىدە چاقنايدۇ خىسلەت!

كەلمەكتە توزانلار توزۇتۇپ خۇشال
ئاخىرى ئۈزۈلمەس بىر بۈيۈك كارۋان،
كولدۇرما كۈيىگە جور بولۇپ لەرزان،
ئۇسسۇلغا چۈشمەكتە گۈل تۇتۇپ بارخان!

ئاھ، كۈيلەر ئۇچماقتا سامانى قۇچۇپ،
ئۇ كۈيلەر زەپەرنىڭ شانلىق ناخشىسى.
كۈيلەرنىڭ مەۋجىدە تەۋرەيدۇ كۈلۈپ،
تارىمنىڭ، جۇڭغارنىڭ گۈلگۈن ۋادىسى!...

......

بەزىلەر چۆل دەيدۇ بىزنىڭ بۇ يۇرتنى
چۆل ئەمەس، دۇر ئاققان جەننەت بۇ ماكان.
مەنزىلنى - مەنزىلگە چېتىپ توختىماي
يىراقتىن توي تارتىپ كېلىدۇ كارۋان!...

## ماۋزۇسىز

ئۆلۈپ قاپتۇ دەريانىڭ بۈگۈن
ئېيتىلمىغان غېرىپ ناخشىسى.
خادا تاشتا تۇرار چوقچىيىپ
ئەزرائىلنىڭ جازا تاختىسى!

غەنىزات غەيۇرانى

## شۇ باشلىق ئورنىغا تىكىلگەن كۆزۈم

داشۆنى تۈگىتىپ ئىشلىدىم ئون يىل،
بىرنى بىر، ئىككىنى جەزمەن ئىككى دەپ.
بەزىلەر كۈلۈشتى، دېدى ئارقامدىن:
«ھەم سادda ھەم ئەخمەق بالىكەن ئەجەب.»

راست «ئەخمەق» ئىكەنمەن ئويلىسام كېيىن
بوپتىمەن ئاۋارە ھەقنى تالىشىپ.
بەزىدە ھەتتاكى باشلىق بىلەنمۇ
قاپتىمەن ھېيىقماي قاتتىق ئېلىشىپ.

شۇ سەۋەب يا «ئابروي» يا «ئىناۋىتىم».
بولمىدى رەھبەرلىك - تەشكىل ئالدىدا.
«تەشكىلسىز، يارىماس، گەدەنكەش» دېگەن
نام بىلەن قېپ قالدىم بۇلۇڭ - دالىدا.

1

ئون يىلىم ئاشۇنداق ئۆتتى، ئاخىرى،
«چۈشەندىم» يولىنى مەنمۇ «ياشاش» نىڭ.
بولماسكەن «بەختىيار» ياشاپ جاھاندا،
تۇتماستىن رەھبەرلەر پەشلىرىنى چىڭ.

ماختاشۇ، ئۇچۇرۇش، ئېگىلىش، تەزىم،
بولدى ئەڭ ئىشەنچلىك «ئېپسىل» ئادىتىم.
توپ كەبى ئۆرلىدى شادلىنىپ باشلىق
ماختىسام پەيتىدە ئۇنى ھەر قېتىم.

ئاشۇنداق يول بىلەن ئايلاندىم بىردىن
«تەشكىلچان، خىسلەتلىك، قابىل» كادىرغا.
ئۇنۇتتۇم ئۇلارنىڭ ئالدىدا «ياق» نى
شۇ يوسۇن يارىدىم باشلىق - نازىرغا.

2

ئىچمەيدۇ مېنىڭسىز قايناقسۇ بۈگۈن
تۈنۈگۈن «گەدەنكەش» دېگەن شۇ باشلىق.
ئۆستۈردى باشقارما باشلىقى قىلىپ،
شۇڭا كۆپ «مۇھىم» ئىش ماڭا قاراشلىق.

بارغانچە ئۆسمەكتە، ئۆرلىمەكتە ھەم
رەھبەرلىك ئالدىدا ئابرويۇم، يۈزۈم.
باشلىقمۇ پەللىگە قالدى يېقىنلاپ،
شۇ باشلىق ئورنىغا تىكىلگەن كۆزۈم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

### مۇمكىنمۇ؟

بىرسىگە ئەجەبمۇ ئىگىلىدىڭ دوستۇم
تېخىمۇ پەسلىدى سېنىڭ پەس بويۇڭ.
ئىگىلىش ئارقىلىق بىرەر مەنسەپكە —
ئېرىشىش ئىكەنغۇ ئەسلىدە ئويۇڭ.

ئېيتقىنا بۇرادەر يولۇقتۇڭ قاچان،
بۇ ئېغىر ساقايماس كېسەلگە - دەرتكە؟
مۇمكىنمۇ جېمىكى ئىگىلگەكلەرنىڭ
يېتىشى شۇنىيەت، ئاشۇ مەقسەتكە؟

ئوسمانجان ساۋۇت

## ئالماشمايدىغان بېكەتلەر

(ياشلىق خاتىرىلىرى)

سوزۇلغان بۇ يوللار سېنىڭ يوللىرىڭ
بىر تارماق كۆي قوشقان مېنىڭ كۆيۈمگە.
يوللارنىڭ بىر بېشى مېنىڭ يۈرىكىم،
بىر بېشى تۇتاشقان سېنىڭ ئۆيۈڭگە.

ماڭىسەن ھەر كۈنى بۇ يوللار ئارا،
بېشىڭنى پۈركىگەن بەختىڭنى تۇيۇپ.
ماڭىسەن،
بىر باشقا شادلىق ۋە سابا،
بىر باشقا ئەلەم ۋە ھەسرەتنى قويۇپ.

ھەسرەتلەر قويۇلغان مېنىڭ يۈرىكىم،
شادلىق ۋە سابالار ئۇنىڭدىن يىراق.
ماڭىسەن ئاڭدىكى چۈشلەردەك غايىپ،
باغرىمنى كېمىرىپ تۇرىدۇ پىراق.

بۇ يوللار ئېپ كېلەر، ئېپ كېتەر سېنى
شادلىقنى سېزىمەن پەقەتلا ئەسلەپ.
بىر بېكەت بېشىڭدا تۇرسا بىر بېكەت
پۇتۇڭدا، سەن ئۇنى ئۆتتۇسەن دەسسەپ.

ماڭىسەن چاقلارنىڭ ئاستىدا رېلىس،
بۇ مېنىڭ يۈرىكىم (باھار خۇي - پەيلى)
ئالماشسۇن. بېكەتلەر شۇدۇر سوڭغى ھېس
بىر قېتىم، بىر ئەسنا بولسىمۇ مەيلى!

* *

بىر دەستە گۈلۈڭ بار، بەرمىدىڭ ماڭا،
تەلپۈنۈپ، بىتاقەت ئۆكۈزۈندۈم بىكار.
ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدىم ساڭا،
سەن ئىزدەپ تۇرۇسەن ئۆزگە خېرىدار.

بىر دەستە گۈلۈڭ بار، بەرمىدىڭ ماڭا،
ھەيرەتلەر قىلىشتى بېشىمنى ئۇچاق.
تۈمەنىمىڭ زەررە بوپ تەلمۈردۈم ساڭا
ۋە لېكىن رەھىم قىپ ئاچمىدىڭ قۇچاق.

بىر دەستە گۈلۈڭ بار، بەرمىدىڭ ماڭا،
يەر بىلەن يەر بولدۇم كۆك بىلەن مانان.
ئىگىلمەس ئىدىمكى، ئىگىلدىم ساڭا،
ئىگىلىش قەدرىنى بىلمىدىڭ جانان.

بىر دەستە گۈلۈڭ بار، بەرمىدىڭ ماڭا،
بېرەيمۇ دەردىمنى ئوت، سوغا سۆزلەپ.
بىر مۆكلۈق نىگاھتا قارىدىم ساڭا،
تۇرۇسەن يىراقتا كىمنىدۇر كۆزلەپ.

بىر دەستە گۈلۈڭ بار، بەرمىدىڭ ماڭا،
كۆڭۈلدۈزۈم تۈن بولدى، چىمەنىم ياۋان.
تەتۈرگە ماڭارمىش چۈشلەر تەبىرىدە،
دېمەك گۈل مېنىڭكى، يوللىرىم راۋان.

* *

بىلمەيمەن قەلبىڭدە نېمە بارىنى
بارمىدۇ - يوقمىدۇ ئىزدىگەن نەرسەم.
تىللىرىڭ چەكمىدى دىلىڭ تارىنى،
مەن ھەممە سىرىمنى قولۇڭغا بەرسەم.

ئىرەنسىز قارىدىڭ ئەجەپكى ماڭا،
دەشتلەردە كەۋسەرنى شەيتانغا بۆلدۇم.
ۋەھىمۇ كەلمىدى تەڭرىدىن ساڭا،
ياشاي دەپ سۆيگەنتىم، شۇ زامات ئۆلدۇم.

مازاق قىل ھالىمنى، تېگىرقا مەيلى،
خالىساڭ شەنىمنى شەرەپسىزگە قوش.
ۋە لېكىن تۇتمىسۇن ئىشتىياق پەيلى،
تىلەيمەن يۈرىكىڭ مەڭگۇ بولسۇن بوش!

چۈنكى سەن نازۇكسەن، قانىتىڭ يۇمران
سەبىيلىك سەزگۈڭنى يىتتۇرەلمەيسەن.
سەبىيلىك مەندىلا بولسۇنچۇ گۇمران،
سەن سۆيمە، مەن سۆيەي، سۆيگۈ يۈكىنى
سەن بەلكى ئازادە كۆتۈرەلمەيسەن!

* *

مەن كۆنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزدۇم
سەن ئۆتكۈزدۈڭ بەلكى پەرۋاسىز.
سەن ئۆتكۈزسەڭ خۇشال ئۇلارنى،
مەن ئۆتكۈزدۇم مىسكىن، ھەمراھسىز.

مېھرىم بىلەن تەلمۈردۇم ئۇزاق
سەن ھەر كىرنى يۈرگەن يوللارغا.
دوستلىرىڭغا قادالدىم مۇشتاق
ۋە قارىدىم ئوڭۇ - سوللارغا.

يوقلۇقىڭ راست، كەتتىڭسەن يىراق،
ئۆرتىنىدۇ يۈرەكلەر بەرھەق.
روھنى داغلاپ تۇرىدۇ يىراق،
نەپەسلىرىم ئاتەش نەقمۇنەق.

يەنە چۈشلەر، يەنە خىياللار
يەنە شېرىن ۋىسالنى كۆكسەش.
لەڭ ئۈزىدۇ ھېستا قىيانلار،
مۇمكىن ئەمەس ھېسلارنى يۆتكەش!

مۇمكىن ئەمەس ئەمدى قۇتۇلۇش،
ئۆچمەيدۇ بۇ ئىلاھىي گۈلخان.
بۇ ئاي ئۆچۈن يوقتۇر تۇتۇلۇش،
يۈرەك بايقۇش ئۆزى بىر ۋولقان...

**سەن مېنىڭ قېنىمدا سەن، جېنىمدا سەن**

(بىر شائىرنى دوراپ)

سەن مېنىڭ قېنىمدا سەن، جېنىمدا سەن،
قان - جانسىز تۈگەيدىغۇ ھايات دېگەن.
ھەربىر تال ھۈجەيرەمدە ئۆزۈڭ بارسەن،
دارىماس شۇڭا ماڭا ماتات دېگەن.

مەن سېنى يات كۆزلەردىن قىزغىنىمەن،
سۆكمىگىن ھەرگىز بۇنداق قىزغىنىشنى.
ئالەمدەك زورايغاندۇر كۆيگەن يۈرەك،
بىلمەيدۇ دۈشمىنىگە تىزلىنىشنى.

ئېپكەل دەپ قۇچىقىمغا سېنى دەرھال
يېنىڭغا ئەۋەتىمەن خىيالىمنى.
كۆزۈمنى يۇمدۇم دېمەك ئەمرىم بىجا
ھېچكىمدىن تاپالمايسەن تىمسالىمنى.

سەن مېنىڭ باغرىمدا سەن، يادىمدا سەن،
باغرىمدا ۋە يادىمدا قالغىن ئەبەد.
ئالەمدە بىر چاناقسىز دان كەبىمەن،
سەن مېنى يۈرىكىڭگە سالغىن ئەبەد.

سەن مېنى ئاۋايلىغىن، ئەركىلەتكىن،
بۇ نازۇك كۆڭۈللەرگە سالما يارا.
يىراقتىن كەلگىنىڭدە ئاستا كەلگىن،
ئوت ياندى كۆزلىرىمگە ئاستا قارا.

سەن مېنىڭ قېنىمدا سەن، جېنىمدا سەن،
ۋۇجۇدۇم، تېنىمدا سەن، يېنىمدا سەن.
بار بەخت قەيت قىلىنغان مەڭگۈ نۇردەك،
مەڭگۈگە ئۆيقۇ بىلمەس ئېڭىمدا سەن.

* *

پەرۋاسىز قارايسەن ماڭا ھەر قاچان،
مېنىڭ پەرۋا قىلسامۇ بىردەمدە ساڭا.
سۆيۈلۈش بەختىنى بەرمىگەن سۇبھان،
سۆيۈشنىڭ بەختىنى بېرىپتۇ ماڭا.

شۈكرىلەر ئېيتىمەن شۇ بەختىڭمۇ،
شۇ بەخت ئەبەدىي بولسۇن ئىلاھىم.
ئەلەملىك تەركىبى كۆپتۇر ھاياتنىڭ،
ئۇنىڭسىز كۈلۈشكە يوقتۇر ئىلاجىم.

بار گەپنى قىلىمەن مىڭبىر ئويلۇپ،
يوق گەپكە چىقىرىپ تۇرۇسەن ھامان.
يالغاندا ئۆگەنگەن مۇشۇ جاھاندا،
يالغاندا ئۆگىنىپ ياشىمدۇق جانان.

ئايايسەن ئۇدۇمنى، ئۆزگە كۆڭۈلنى،
ئايايسەن ئالۋۇننى ۋىلىلداپ تۇرغان.
ئۆزۈڭنىڭ گۈلىنى ئۆزۈڭ ئۈزەلمەي،
بىقارار شامالغا قىلىسەن قۇربان.

ھەر كىمنىڭ شادلىنىش ھەق ـ ھوقۇقى بار،
بەختىيار ياشىسۇن ھاياتتا ھەركىم.
مەن ساڭا تىلەيمەن يۈكسەك جاسارەت،
ئۇنىڭدىن بەختلىك بولارسەن بەلكىم.

ياسىنجان قاسىم

## تۈگىمەس گەپلەر

•

مۇھەببەتنى يازىمىدى كىملەر،
قىز ـ يىگىتنى قىلىپ تېپىشماق،
ئېچىپ بەردى ئۇلار سىرىنى
ئەل ئىچىگە تارالغان قوشاق.

ئولتۇرىدۇ قىز بىلەن يىگىت
تال تۈۋىدە، بۇلاق بېشىدا.
كۆز بېقىشسا گاھى مەنىلىك،
گاھى چۆكەر چوڭقۇر خىيالغا.

نېمە سىرلار بار ئىكەن يەنە
يېشىلمىگەن ئۇلار قەلبىدە.

ئاشىق بولۇپ قالدىمىكىن يە
ئۇلار ئاشۇ بۇلاق سۈيىگە؟!

تۈگىمەيدۇ نېمىشقا گەپلەر
تۈگىمەيدۇ سىرلىق قاراشلار.
قۇياش چىقىپ پاتقىلى نىكەم
بوزغۇنلاردا مېھمان يۇلتۇزلار.

ئولتۇرىدۇ قىز بىلەن يىگىت
سىرداشقانچە بۇلاق بېشىدا.
سۆزلىرىدىن مەست بولغان بۇلاق
دالىلارغا ئۆگىتەر ناخشا.

تۇرسۇن مۇسا

## ئىككى شېئىر

### باھار ئىرىكىسى

گەز باغلىغان لېۋىنى يالاپ،
زېمىن قوپتى ئېغىر ئۇھ تارتىپ.
ئۈنسىز ئاققان كۈمۈش رەڭ دەريا
چۈشلىرىنى قويىدى يوقىتىپ.

چېكەتكىلەر سازلاپ ئۈنىنى،
دالىلاردا چۈشتى مەشرەپكە،
داڭگاللارغا بەرمەكتە سېزىم،
سىرلىق تىۋىش، كۆركەم مەنزىرە.

ئاۋاملارنى كەزگەن شامالار،
ئادەملەرگە ساتار يېشىللىق.

قېتىپ قالدى يارقىن بىر سۈرەت،
چېچەكلەردە، بەكمۇ يېقىملىق.

## ئۇيقۇدىكى پەرى

ياتىسەن ئۇيقۇدا چۆكۈپ ياستۇققا،
چۆككەندەك تاغلارنىڭ قوينىغا قۇياش.
كىرپىكىڭ قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرى،
لەۋلىرىڭ گوياكى شەپەققە ئوخشاش.

شاماللار ئىزدەيدۇ چۇشۇڭگە تەبىر.
تىمچلىقنىڭ قىلدۇ زېمىننى باغاش.

تىلسىمدەك يۇمۇلغان ئاشۇ كۆزلىرىڭ،
قوزغىدى دىلىمدا ئالەمچە غەليان.
ئاۋازىڭ جاراڭلاپ قوڭغۇراق ئوخشاش،
ئوپۇقتا قادىردى سۆيگۈمدىن توغىيان.
ئاھ پەرى، ئۇيقۇدا ئالدىڭ ئىشقىمنى،
ئويغانساڭ قىلامسەن جېنىمنى پەيخان...

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

# سەھرا ناخشىلىرى

## مەن سەھرا بالىسى ـ سەھرا ئاشىقى

مەن سەھرا بالىسى ــ سەھرا ئاشىقى
سەھرادا تۇغۇلۇپ سەھرادا ئۆسكەن.
نېمىشقا تۇرىسەن شەھەردە دېمەڭ،
سەھرايىم ئۇچۇنلا شەھەرگە كۆچكەن.

سەھرايىم ئۇچۇنلا شەھەرگە كۆچكەن،
سەھرايىم يەنىلا قەلبىمدە مېنىڭ.
كىندىكىمنىڭ قېنىنى سۈمۈرگەن تۇپراق،
ئېيتقىنا! ئېسىمدىن چىقامدۇ سېنىڭ؟

## باغلار

شەھەردىمەن قەلبىمدە بىراق،
سەھرايىمنىڭ گۈزەل باغلىرى.
ئۆتكەن ئاشۇ باغچىلار ئارا،
بالىلىقنىڭ خۇشال چاغلىرى.

سەبىي دىلىغا ئاشۇ گۈل باغلار،
گۈزەل ھېسلار بەرگەنتى دەسلەپ.
شۇڭا ئۇلار چىقماس ئېسىمدىن،
ئۆمۈر بويى تۇرىمەن ئەسلەپ.

## يۇرتۇم تويىنسى

قاياقىلا باقساڭ تەبەسسۇم،
مېھرى ئىسسىق ـ بۇلاقتەك كۆزلەر.
دىلىغا ھۇزۇر بەرمەسمۇن نېچۈن،
گۈل رەڭگىنى ئالغان شۇ يۈزلەر.

گۈل رەڭگىنى ئالغان شۇ يۈزلەر،
يوقتۇر ئۇندا پەرداز ئۇپىسى.
قىلار خىجىل داڭلىق ئۇپىنى،
ئاڭا قونغان يۇرتۇم تويىسى.

## بولالمايمەن سىلەرگە سىرداش

ئاھ! گادىرماش ـ بەڭباش خىياللار،
قىينىماڭلار مېنى بىھۇدە.
مەنزىلىمنى تومانلاشتۇرۇپ،
يۈرىكىمنى قىلماڭلار زىدە.

يۈرىكىمنى قىلماڭلار زىدە،
ئارمان قۇشۇم ھەريان ئۈركۈتۈپ،
مەنزىلىمگە يېتەي مەن ئامان،
تۇرماقچىدى مېنى يار كۈتۈپ.

تۇرماقچىدى مېنى يار كۈتۈپ،
بولالمايمەن سىلەرگە سىرداش.
ۋىسال پەيتى كەتسە گەر ئۆتۈپ،
بېرەلمەيمەن ھىجرانغا بەرداش.

## قەدەم قويدۇم

بالىلىقىم كەتكەچكە تاشلاپ،
قەدەم قويدۇم مەنمۇ ياشلىققا.
كۆزلىرىنى ياشلاپ كەلىمەمۇ،
ئالدانمايمەن قەلەم قاشلىققا.

قەدەم قويدۇم گۈزەل ياشلىققا
يول قويمايمەن بىراق شاشلىققا.

ئەجىر - ئەمگەك قىلىپ ياشايمەن
تۆكۈپ پاك تەر، قاقاس - تاشلىققا...

نەدىن تاپارسىز؟

بۇ دۇنيانى دەيسىز ۋاپاسىز،
«بەخت» نەدە تەرسىز - جاپاسىز؟
ئەجىر قىلماي خام خىيال قىلىپ
سىز بەختنى—
نەدىن تاپارسىز...؟

ئابدۇلئەھەد قادىرى

## يۈرىكىمدىن چىققان سادالار

### شائىرلىرىم ياشاپ كەتكىن تۈمەنمىڭ

(مەلۇم بىر سورۇندا شائىرلارنى ھاقارەتلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ بۇ شېئىرنى يازدىم)

مەيلى تىللا چىشلەپ ئۇرۇق - پۇشتۇمنى،
مەيلى كۆمگىن قارغىش بىلەن ئۈستۈمنى.
ھەرنە قىلساڭ پەرۋايىمغا ئالمايمەن،
مەيلى سويغىن ھەتتا تېرە - پوستۇمنى.
بىراق، نىشان قىلما يامان كۆزۈڭگە،
شائىر ئاتلىق شۇ ئىجادكار دوستۇمنى.

گاھى سېنى تەلۋىلىكتە كۆرۈمەن،
كۆرۈمەن - دە، ئاچچىق كۈلۈمەن.
پالان - پۈستان دېگىنىڭنى ئاڭلىسام،
ئىچ - ئىچىمدىن دەرغەزەپكە تولۇمەن.
ئىنتەرمەكچى بولساڭ ئوتقا مۇبادا،
شائىر ئۈچۈن مەنمۇ تەڭلا كۆيۈمەن.

شائىر بىر تىغ، بىسلىرى قۇچ كېلىدۇ،
(شۇ سەۋەبتىن ھەسەتخور ئۆچ كېلىدۇ.)
ئۇ يارالغاچ سۆيگۈ - نەپرەت ئوتىدىن،
سۆزى تاتلىق، بەزىدە مۇچ كېلىدۇ.
ئەلگە دۈشمەن بولسا كىمكى تەخىرسىز،
شائىر ئاتقان پەشۋاغا دۇچ كېلىدۇ.

شائىر پىكرى ئەسكە سالار بىر قۇشنى،
قۇشكى بۈركۈت كەبى سۈرگەن ھوقۇشنى.
تۆر تالاشماس قالغاندىمۇ پەگادا،
باش كەتسىمۇ بىلمەس ئەسلا قورقۇشنى.
شائىر دېگەن شۇنداق ئىنسان، تاغ يۈرەك،
بىراق، بىلمەس نەپسىگە چوت سوقۇشنى.

تۇغۇلىدۇ شائىر غۇرۇر، ۋىجداندىن،
چۈشمەس بىراق ۋىجدان دېگەن ئاسماندىن.
شائىر دېمەك ئەلنىڭ ئاھى، كۈلكىسى،
ئىزدە ئۇنى ئەل قەلبىدىن، گۈلخاندىن.
ۋەتەن، ئەل دەپ سوقار تىنماي يۈرىكى،
ئۈستۈن شۇڭا ھۆرمەتتە شاھ، سۇلتاندىن.

شائىر دېگەن بۇلبۇلى يۇرت - چىمەننىڭ،
نە چىمەنكى، كۈيچىسى ئەل - ۋەتەننىڭ.
ئۆزگىلەرنىڭ پوشكىنى بار، بىزنىڭچۇ؟
ئاغزىڭغا تاش! شائىر «پالان...»—دېگەننىڭ،
كۆرەلمەسلەر، كۈلەلمەسلەر قان قۇسسۇن.
شائىرلىرىم، ياشاپ كەتكىن تۈمەنمىڭ...!

### ئەقىدە

پىراقىڭغا بولۇپ مۇپتىلا،
ئۆتەر كۈنۈم ھەسرەتتە - غەمدە.
بولدى ھاسىل مەڭزىمدە دەريا،
گۆھەرىمدىن ساقىغان نەمدە.

ھىجرانىڭدا ئېگىرىسام ئاچچىق،
سەن بىخەۋەر قىلىسەن خەندە.
يىغلاتقىلى مۇنچە رەھىمسىز،
نېمە ئۆچۈڭ بار ئىدى، مەندە؟

مەيلى يىغلات، مەيلى ئازابلا،
مېنىڭ ۋىسال ئۈمىدىم سەندە.
شۇ ئازابلىق سۆيگۈ دەشتىدە،
سەن بىر ئىلاھ، مەن ساڭا بەندە.

### يۈرەكتە

نېمىشقىدۇر ئويناپ چېچىڭنى،
سوراپ قالدىڭ نىگار يېشىمنى.
ئوتتۇز ئالتە — دېسەم جىم بولۇپ،
قويدۇڭ يېنىك چايقاپ بېشىڭنى.

ئاشىق ئۈچۈن راستلىق كېرەك - تە،
ئىشەنمىسەڭ پاكىت - ئېگەكتە.
بىراق جېنىم تۇرار لاۋۇلداپ،
ئون سەككىزنىڭ ئوتى يۈرەكتە.

تۇراپ دايىم

## شېئىرلار

### بۇ يەر تونۇشلۇق بالىلىق چاغدىن

بۇ يەر تونۇشلۇق بالىلىق چاغدىن،
قۇمساڭغۇ دالىدا تالاي چېپىشقان.
چۈمۈلۈپ سۇغا ئۇلاشسا تىترەك،
قۇمنى قۇچاقلاپ قاشتا يېتىشقان.

ئارزۇ باغرىدىن ئىستەپ كېلەچەك،
بىدە تېرىپ ھەم كېپىنەك تۇتقان.
كاككۇك گۈلىنى ئۈزۈپ بەس - بەستە،
«ئاداش بولايلى» دېگەن تۇتۇشقان.

كۆزلگەندە ئېتىز زەرنىڭ رەڭگىدە،
قويلىرىمىزنى ئوتلاتقان توقاي.
سىلكىپ سۆگەتكە بېلەكلىرىنى،
بىزنى ئوقۇشقا ئۇزاتقان بۇ جاي.

كۆككە پۈت ئاتسا بوز تورغاي بىر پەس،
قىرنى چىڭداپ بىز مۆكۈداشقان تالاي.
كۆپ يىللار ئۆتتى ئىككى جايدا بىز،
تېپىشتۇق يەنە بولغاندا بوۋاي.

### ئۇنتۇمايمەن ئانا مېھرىڭنى

ئايرىۋېتىپ تەقدىر - قىسمەت ئانامدىن،
مېنى قويغان ئانام ئۈچۈن يىغلىتىپ.
توققۇز ئايلىق چېغىم ئىمىش ئاڭلىسام،
باققان ئىكەن دادام بۆشۈك تەۋرىتىپ.

قاتتىق سېغىنىپ يىللار ئۆتتى بولدۇم چوڭ،
ئوت كۆرۈندى ئانام مېنىڭ كۆزۈمگە.
«ئانا!» دېسە ئانىسىنى باشقىلار،
كۆرەلىدىم ئۇنى پەقەت چۈشۈمدە.

www.uyghurkitap.com

كىرگىنىدە ئانام مېنىڭ چۈشۈمگە،
قۇچاق ئېچىپ ئوغلۇم مېنى سۆيگىن دەر.
قانالمىدىڭ مېنىڭ ئىللىق مېھرىمگە،
چىرايىمنى قېنىپ ئېنىق كۆرگىن دەر.

چۆچۈپ شۇئان كۆز ئاچىمەن ئۈممىد تە،
كۆرەلمەيمەن ىىراق ئانام چېھرىنى.
تىنىقىمدىن ئانام سۈتى ھىد چاچار،
ئۇنتۇمايمەن توققۇز ئايلىق مېھرىنى.

تۇققۇز ئايدا توقسەن يىللىق تارتىپ دەرد،
جەننەت ھەمدە دوزاخقىمۇ ئۇ بېرىپ.
كۆرەلىگەن گۈل يۈزۈمنى جان ئانام،
پەقەت بىرلا دەردنى يېگىپ قايرىلىپ.

توققۇز كۈنمۇ، دەققىقىسى ئېسىمدە.
ئانام تارتقان قاتتىق تولغاق دەردىنى،
قارىچۇقۇمدا ئانام قاتقان زەر ھەيكەل،
ئۇنتۇمايمەن دەريا كەبى قەلبىنى.

مېھرى چوڭقۇر ئادەملەرنىڭ ئادەمگە

ئادەملەرنىڭ تىلى باشقا ئەزەلدىن،
دىلى تۇتاش، شۇڭا چوقۇم قانداشمەن.
دوستلۇق دەمسەن، قولداش دەمسەن
يارايمەن،
ھەممىسىگە ئامراق شۇنچە ياندىشمەن.

دوستلۇق رىشتى چاتتى مەھكەم جىسمىمنى،
نۇرغا ئوخشاش يولۇم تولا ئالەمدە.
ئىشىنەمسەن جېنىم دوستلار، جان دوستلار،
مېھرى چوڭقۇر ئادەملەرنىڭ ئادەمگە.

قىيا تاش ۋە مەن

زەڭگەر كۆككە بوي سوزۇپ،
تۇرار مەغرۇر قىيا تاش.
دولقۇنلاردىن قورقمىغاچ،
كۆتۈرگەن ئۇ شۇڭا باش.

قىيا تاشقا ئۇيۇلار
دولقۇنلارنىڭ ئىزلىرى.
ىىراق، ھۇجۇم ئالدىدا
ئېگىلمەيدۇ تىزلىرى.

ئۈلگە ماڭا ھەر ئىشتا
مەغرۇر تۇرغان قىيا تاش.
مۈشكۈلاتلار دۈچ كەلسە،
ئەگمىگەيمەن ئاڭا باش.

ئەزىزە

ئۆيدە ئۇخلار ئوماق قىزچاق يىگانە،
تىرىق - تىرىق تىرىقلىدى دېرىزە.
تىرىقلىدى سۇندى ئەينەك ئاخىرى،
چۆچۈپ شۇئان كۆز ئاچتى - دە، ئەزىزە.

يىگىت كەتتى ئەيمەنگەنچە يىراقلاپ
سۇنۇق ئەينەك، قالدى پۇچۇق مەنزىرە.
ياش تۆكمەكتە شۇنچە قاتتىق ئۇياتتا
ئۇخلىغانغا پۇشمان قىلىپ ئەزىزە.



جالالىدىن بەھرام

# نومۇسسىزلىق

(پوۋېست)

1

دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئەدھەم مىللىي تىبابەت دورىگەرلىك يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولغان مەۋلان ھاجىم، مۇنىردىن ئاخۇنۇملار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن بىنا ئالدىغا كەلگەندە قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئالتۇندەك تاۋلانغان ھەيۋەتلىك قۇببە ئۈستىدە بىر توپ ئاپئاق كەپتەر پەرلىرىنى تازىلىشىپ، گۇگۇلىشىپ يۈرەتتى. نىل رەڭلىك تىنىق ئاسماندا پاختىدەك بۇلۇتلار مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. ئەدھەم رەڭدار تاش پەلەمپەيلەر ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ، مەۋلان ھاجىمنىڭ ئىشخانىسىغا قەدەم قويدى. ئىشخانىغا سېلىنغان ئىران نۇسخا گىلەم چوغدەك تاۋلىناتتى، دېرىزىلەرنى قاپلاپ غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن ياقۇت گۈللەر بۇ كەڭ ئىشخانىنى جەزىبىلىك تۈسكە كىرگۈزگەنىدى. ئىككى ئالىم يۇمشاق دىۋانغا چۆككىنىچە ناشتا قىلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — ئەدھەم ئىشىكتە تۇرۇپ سالام قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كىرىڭ ئوغلۇم.

ئەدھەم مەۋلان ھاجىم بىلەن مۇنىردىن ئاخۇنۇمنىڭ يۇمشاق دىۋاندىن ئورۇن بوشىتىش تەرەددۇتىغا رەھمەت ئېيتىپ، قاتلانما ئورۇندۇقتا ئۇلارغا روبىرو ئولتۇردى ۋە كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن ئانچە قېلىن بولمىغان ماتېرىيالنى ئېلىپ مەۋلان ھاجىمغا سۇندى:

— بۇ شىپاخانىمىزدا ئىسلاھ قىلىنغان مىللىي دورىلارنىڭ يەككە ماتېرىيالى.

— ئۆزىڭىز تەھلىل قىلغان سەككىز خىل ئوكۇلنىمۇ كىرگۈزدىڭىزمۇ، ئوغلۇم؟ — سورىدى مۇنىردىن ئاخۇنۇم سىركايىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— يوقسۇ، بۇ قېتىمقى يىغىن مەخسۇس تىببىي دورىگەرلىك يىغىنى بولغاچقا ئوكۇلنى كىرگۈزمىدىم.

— بۇنى دۇرۇس قىلماپسىز، ئوغلۇم، — دېدى مەۋلان ھاجىم جىددىي قىياپەتتە، — سىز تەھسىل قىلغان بۇ ئوكۇللار شىپاخانىمىزنىڭ ئىپتىخارلىق مەھسۇلاتى ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

مەۋلان ھاجىم مەشۇتتەك يۇمشاق، تال - تال پارقىراپ تۇرغان پاكىز ساقاللىرىنى سىيپىغىنىچە بىر پەس جىمىپ قالدى. ئۇ قەددى - قامىتى نازۇك، يۇمشاق مۇئامىلىلىك، خۇش خۇي، ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەمگە بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، قاپاقلىرى سۈزۈلۈپ، نۇرلۇق يۈزىدە ئىنچىكە بىر كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— كەمتەرلىكىڭىزمۇ چەكى بولىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ مۇنبىرىدىن ئاخۇنۇمغا راستىمۇ، دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويۇپ، — يېقىندا سەھىيە مەجمۇئەسىگە بېسىلغان «تالقان دورا توغرىسىدا»، «قاينىتىلما دورا توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي مۇتالىئەڭىزنى كۆرۈپ كۆپ خۇرسەن بولدۇم.

— «ئۇيغۇر تىبابەت دورىگەرلىك تېخنولوگىيىسى» دېگەن كىتابىڭىزمۇ قارارىنى تاپقاندۇر؟ — دېدى مۇنبىرىدىن ئاخۇنۇم ئىلتىجا بىلەن.

— نېمە ۋەجىدىن؟ ياكى باشقا بىرەر ئىشقا بەل باغلىدىڭىزمۇ؟

ئادەمنىڭ قىزىرىپ دەمالىققا بىر نەرسە دېيەلمەيۋاتقانلىقىغا نەزەر تاشلىغان مەۋلان ھاجىم ئۇنىڭ يەنىلا بىر مۇھىم ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇدى.

— باشلىغان ئىشىڭىزنى خۇپىيانە تۇتۇۋاتسىڭىز كېرەك، ئوغلۇم؟

— تېخى پىشمىغان خام پىكىرلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش سەل ئەپسىزرەك ئىكەن.

— بەللى، بەللى، — دېدى مۇنبىرىدىن ئاخۇنۇم كۈلۈپ، — ئۇنداقتا راستىنلا يېڭى مۇتالىئەگە بەل باغلاپسىز دە؟ بىر توپ گۈل يۈز غۇنچە بېرىدۇ دېگەن شۇ - دە.

— سىزگە ئاللا كۈنگە ئوخشاش ئۆمۈر بەخشەندە قىلسۇن، — دېدى مەۋلان ھاجىمۇ رازىمەنلىك بىلەن.

ئادەم ئۇرۇمچىدە ئېچىلىدىغان تۇنجى قېتىملىق تىببىي دورىگەرلىك يىغىنى ھەققىدە بىرئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى، ئىككى ئالىم ئۇنى كارىدورغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ئادەم شىپاخانا ھويلىسىدا كېتىۋېتىپ، ئوكۇل ئىشلەش تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ھامىلنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ شىپاخانىنىڭ باشلىقى خالىقنىڭ ھويلىسىغا ئالدىراپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئادەم ئىچىدە: خالىق يۈەنجاڭ ئانىسىنى كۆرگىلى يۇرتىغا كەتكەن تۇرسا، ھامىل ئۇ يەردە نېمىش قىلىدىكىنە؟ دەپ ئويلىدى ۋە بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ، ئاندىن تەجرىبىخانىسىغا يول ئالدى.

تەجرىبىخانا كەڭ، ئازادە بولۇپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى ھاۋارەڭ پەردە تارتىلغان دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرى تەجرىبىخانا ئىچىدە سۈت رەڭ سىرلانغان ئىشكاپلارنى پارقىرىتىۋەتكەنىدى. ئىشكاپ تەكچىلىرىدە ئاغزى ھىم بېكىتىلگەن كوزىلار، دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى قاچىلانغان ئەينەك پىروبىركىلار، ھەرخىل نەيچىلەر، سوۋۇتۇش ۋە تىندۇرۇش ئەسۋابلىرى، ئىسپىرت لامپىلىرى رەت - رەتى بىلەن تۇراتتى.

ئادەم ئۈستەل ئۈستىدىكى خاتىرىسىنى ئاچتى، خاتىرىنىڭ بىرىنچى بېتىدە مۇنۇ سۆزلەر كۆزگە ياققال چېلىقاتتى:

«قۇشقاچ مېڭىسى؟؟؟»

ئەدھەم ئېيتىلماقچى ئاددىي بولغان بۇ سۆزلەرنى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى. لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە قاتىرىسىغا قويۇلغان سوئال بەلگىلىرىگە نەزەر تاشلاپ، چېكىسىنى بىر هازا ئۇۋۇلىدى.

ئەدھەم 9 ـ قېتىملىق كەشپىياتىنىڭ تۇغۇلۇشى بولغان مۇشتۇمدەك قۇشقاچ ۋە ئۇنىڭ ئاق قوناق دانىسىدەك كىچىككىنە مېڭىسىنىڭ سىرلىرى ھەققىدە يەنە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى، ئۇ دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە كەشپ قىلغان «ھۇما» «قىچا»، «سىيادانە»، «ئەنبەرلال» قاتارلىق 8 خىل ئوكۇل دورا ئۈسۈملۈكلىرىدىن ياسالغانىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەتقىق قىلىۋاتقىنى گۆش تىپىغا كىرىدىغان كىچىك جانىۋار قۇشقاچ ئىدى، مىللىي تىبابەتنىڭ بىر قىسىم مۇھىم دورىلىرىغا قۇشقاچ مېڭىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن قوشۇلىدىغانلىقى، قۇشقاچنىڭ مېڭە تەركىبىدە قانداق شىپالىق ماددا بارلىقى ھەققىدە ئىلمىي جاۋاب يوق ئىدى. تېۋىپلار: «قۇشقاچ سەگەك، ھوشيار جانىۋاردۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، مېڭىسى ئۆتكۈر قۇۋۋەتلەندۈرگۈچ دورىدۇر...» دېيىشەتتى، خالاس.

ئەدھەم ئىشكاپ تارتمىسىنى ئېچىپ، پېشقەدەم تېۋىپلار يېزىپ قالدۇرغان رېتسېپلارنى ئالدى. ئۇ بۇ رېتسېپلارنى ئۇزۇندىن بېرى توپلاپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قولىغا مەۋلان ھاجىمنىڭ بىرنەچچە يىل بۇرۇن يېزىپ قالدۇرغان بىر رېتسېپى چىقتى.

«لوبۇبى كىبىر① نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان پالەچ، جىنسىي ئاجىزلىق، لەقۋا، يۈرەك سوغۇپ كېتىش، خاپىغان، سەرئى كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەشھۇر شىپالىق دورىدۇر، بۇ دورا بادام مېغىزى، قاپاق مېغىزى، سۆلەپ مىسىر، بەھمەن سېپى، بەھمەن سۇرۇغ، شاقاقۇل قاتارلىق قىرىق نەچچە خىل دورا ئۈسۈملۈكلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەڭ ئاساسىي جەۋھەر قۇچقاچ مېڭىسىدۇر...»

ئەدھەم «نېرۋا ئاجىزلىقىدىن...» «ئاساسىي جەۋھەر-قۇشقاچ مېڭىسى» دېگەن سۆزلەر ئاستىغا قىزىل قەلەم بىلەن سىزىپ قويدى...

2

ئەدھەم ئېرىتىلگەن قۇشقاچ مېڭىسىنىڭ سۈزۈلۈش ۋە تىنىش ئەھۋالىنى بىر ھازىغىچە ئىنچىكە كۆزەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ئىرغىتىپ قويۇپ يەنە دېرىزە تۈۋىگە كەلدى، ئۇنىڭ نەزەرى غۇرۇپ قاخشالغا ئايلىنىۋاتقان گۈللەر ئارىسىدىكى يالىڭاچلانغان ئالما دەرىخىگە چۈشكەندە ئىختىيارسىزلا كۆز چېچەكلىرى قىزاردى... ئالما دەرىخى ئۇنىڭ ئۇزاقلاردا قالغان يىگىتچىلىكىنى، چاقنىغان يۇلتۇزدەك غىل-پال كۆرۈنۈپ ئۆتكەن شادلىقىنى، جۇدالىقىنى، ھەسرىتىنى ئېسىگە سېلىپ قويدى.

تۇغۇلۇپلا ئانىسىز قالغان ئەدھەمنىڭ بىر قەرنە ئۆمرى دادىسىنىڭ دورىپۇرۇچلۇق دۇكىنىدا ئۆتتى. دورىگەر مەسۇمخان ياشلىقىدا ھىندىستان، پاكىستان، كەشمىرلەردە تا-

① لوبۇبى كىبىر — دورا ئىسمى

تاقلىق ئۆلىما، تېۋىپلاردىن بىلىم ئالغان مەشھۇر تېۋىپ ۋە دورىگەرلەردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئەرەب، پارس، ھىندى تىللىرىنى راۋان سۆزلىيەلىشى ئۇنىڭغا «مەسۇمخان تىلماچ» دېگەن نامنىمۇ ئاتا قىلغانىدى، ئەدھەمنىڭ دورىگەرلىكنىلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشتىكى تىرىشچانلىقىنى كۆرگەن ئاتا يات - پاتلا: «ئەلھەمدۇلىللا، مىلىڭ قەترى شۇكرى ئوغلۇم سېنىڭ ئىلمىگە ئىجتىھاتىڭ بولۇپلا قالماي زېھنىياتىڭمۇ ئۆتكۈردۇر» دەيتتى.

ئەدھەم 19 ياشقا كىرگەن يىلى بىر كۈنى مەسۇمخان ئۇنى ئالدىغا چاقىردى:

— ئۆمرۈمنىڭ كۈنى ئېگىلىپ نامازدىگەر بولدى، — دېدى ئاتا ئېغىر بىر خورسىنىپ تۇرۇپ، — مانا ئەمدى ئىلادام سۈرئەت بىلەن خۇپتەن قاراڭغۇسىغا كېتىۋاتىدۇ.

— توۋا دېسىلە دادا، ئۆزلىرى بىر ئۇيدان تېمەن تۇرۇۋدىلىغۇ.

— يوغۇسۇ بالام، خۇداغا ئامانەتنى تاپشۇرىدىغان مەزگىل يېتىپ كەلدى، شۇڭغىچە سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلاپ، بوينۇمدىكى قەرزنى ئادا قىلىشىم زۆرۈر.

بولۇنغان گەپ شۇ بولدى، ئارىدىن ئۇزۇنمۇ ئۆتمەي مەسۇمخان بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ چىنارگۈل ئىسىملىك 17 ياشلىق قىزىنى ئەدھەمگە چېتىپ قويدى، چىنارگۈل ئورۇق، كېسەل چىراي، ياۋاش، كەم سۆز بىر قىز بولۇپ تۇخۇمدەك سوزۇنچاق يۈزىدە ئۇششاق قارا سەپكۈنى بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلەر قاپلاپ، ھەمىشەم خۇمارلىشىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بۆلەكچىلا چىرايلىق ئىدى. ئەدھەمنىڭ بۇ ناتىۋان قىزغا نە مۇھەببىتى، نە نەپرىتى يوق ئىدى، پەقەت دادىسىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك ھاياتنى ئۇرۇش - جېدەلسىز، تىنچ ۋە تىۋشىسىز ئۆتكۈزەتتى. قىز كېيىن كېسەلگە مۇپتىلا بولدى. ئۇ قىسقا - قىسقا يۆتىلەتتى، نېپىز لەۋلىرى سوزۇلۇپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى، كېيىن دوختۇر قىزنىڭ ئۆپكە توبېركۇليوزى ئىكەنلىكى، ئەگەر ئەدھەم ئاجرىشىپ كەتمىسە، ئەر - ئايال ئىككىسىنىڭلا ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئامال يوق، ئاللانىڭ قىسمەت - يازمىشى شۇنداق ئوخشايدۇ. — دېدى مەسۇمخان ئوغلىغا، — قىزىمىز چىنارگۈلنىڭ كۈن تەگمىگەن گىياھتەك كامال تاپماستىن سارغىيىپ سولىشى سىل كېسەلىدىن ئىكەن، ئايرىلىپ كەت ئوغلۇم...

چىنارگۈل ئەدھەمدىن ئايرىلىپ، مانا مۇشۇنداق كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ياش ھاياتى بىلەن ۋىدالاشتى.

كونىلار «تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى تۈرلۈك - تۈمەندۇر» دېگىنىدەك، ئەدھەم چىنارگۈل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنى سېغىنىدىغان بولدى. بۇ سېغىنىش ئۇچقۇنلىرىنى پەسىل شاماللىرى پۈۋلەپ ئۇلۇغ يالقۇنغا ئايلاندۇردى بولغاي، بەزىدە ئەدھەم تاقەتسىز مىنۇتلارنى باشتىن كەچۈرەتتى، ئۇ چىنارگۈل بىلەن بىللە بولغان ئاشۇ بىر يىلىنىڭ ھەربىر كۈن، دەقىقىلىرىغىچە ئەسكە ئېلىشقا تىرىشاتتى... چىنارگۈل: «ئەدھەم، سىز ئالمىغا نېمانچە ئامراق؟» دەپ دائىم ئالما ئاقلاپ بەرگىنىدە: «سىزمۇ ئالمىغا ئوخشايسىز ئەمەسمۇ» دەپ نېمىشقا دېمىگەن بولغىيدى... ئەدھەم ھەر قېتىم سىرتقا چىققانىدا، كېيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ يانچۇقىغا پاكىز قول ياغلىقىنى سېلىپ قويغان چىنارگۈلگە رەھمەتمۇ دېمەپتا!...

uyghurkitap.com

ئەدھەم توي-تۆكۈنلەردىن كەچ قايتقىنىدا، «ئەدھەمگە ئىسسىق ئاش سېلىپ بېرىمەن» دەپ كېچىچە كىرپىك قاقماي يولغا قارىغان چىنارگۈلدىن «جاپا چېكىپسىز» دەپ ئۆزرىمۇ سورىماپتا!...

ئەدھەم بۇ خاتىرىلەرنى ھېلھەم ئۇنۇتقىنى يوق، ئۇ دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن مىللىي شىپاخانىدا تەرپىدىن مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مىللىي دورىگەرلىك سىنىپىغا ئەۋەتىلدى، ئۆزى سۆيگەن كەسىپنىڭ ئوتلۇق مېھرى بارا-بارا كونا ھەسرەتلەرنى بېسىپ چۈشتى...

ئەدھەم ئاشۇ قايغۇلۇق خاتىرىلەر ئىلكىدە ياپراقسىز ئالما كۆچىتىگە تىكىلىپ قالغىنىدا تەجرىبىخانىغا تۇيدۇرماي قۇددۇس مۇدىر كىرىپ كەلدى. شىپاخانىنىڭ ھەممىشەم قاپىقى ئېچىلمايدىغان، كۆڭلىگە نېمە كەلسە ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان بۇ ئىشخانا مۇدىرىنى ئەدھەم ياخشى كۆرەتتى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى ئېچىقلىق خاتىرىدىكى ئەدھەم يازغان تەپسىرلەرنى ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھاۋايى نەسىمە①، ھاۋايى لەتىپە② ئەڭ ساپ گازدۇر. بۇ گازلار ئادەم مېڭىسىگە تەسىر كۆرسەتكەندە، مېڭە ئىنتايىن ئۆتكۈر، سەزگۈر، ئوچۇق بولۇپ، ئادەم تېنى ھوزۇرلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما بۇ ھەر ئىككىلا گاز يانغۇچى گازدۇر. ئەمىسە قۇشقاچ نېمە ئۈچۈن سەگەك، ھوشيار، چاققان جانىۋار؟ بۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدە فوسفور ماددىسى بارلىقىدىنمۇ؟ چۈنكى فوسفورمۇ يانغۇچى ماددىدۇر.»

قۇددۇس پىروبىركىدىكى سۇيۇقلۇققا ۋە سىرلىق قاچىدىكى مېڭە قاپىقى ئاجرىتىلغان قۇشقاچ باشلىرىغا قارىدى-دە، يېڭى تەتقىقات ئىشتىياقىدا ھەممىنى ئۇنۇتقان ئەدھەمنىڭ خىيالىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن ئاستا كەينىگە چېكىندى. لېكىن بۇ ئەسنادا ئەدھەممۇ كەينىگە قايرىلىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋوي قۇددۇسكامغۇ؟ قېنى ئولتۇرۇڭ.

— خىيالىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم - ھە.

— يا - ياق، ئۇنداق بولامدىغان.

قۇددۇس ئۈستەل ئۈستىدىكى تەجرىبە سايمانلىرىغا، قۇشقاچ باشلىرىغا قايتا زەن قويۇپ چىققاندىن كېيىن، ئەدھەمگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

— تەمسىلان ئالغاندا بۇمۇ ئوكۇل بولامدۇ؟

— شۇنداق.

— قانداق كېسەللەرگە شىپا بولار؟

— تەتقىقاتىمىزنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۇيقۇسىزلىق، سەپرا-خاپىغان، بەدەندىكى مەلۇم ئەزالارنىڭ ھەرىكەتتىن قېلىشى قاتارلىق كېسەللەرگە شىپالىق ئۈنۈمى بار.

— ئىشلەپ بولغان ئوخشىمامسىز؟

① ھاۋايى نەسىمە — ئوكسىگېن.

② ھاۋايى لەتىپە — ھاۋايى نەسىمەدىن ئايرىۋېلىنغان ئەڭ ساپ ۋە سۈزۈك قىسىمدۇر.

www.uyghurkitap.com

— ئېرىتمىگە ئايلاندۇرۇپ بولدۇم، — دېدى ئەدھەم پروبىركىنى ئىما قىلىپ، — لېكىن سۈزۈلمەيۋاتىدۇ. تاشپاختا سۈزگۈچ، بېسىم بىلەن سۈزۈش ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىپ كۆردۈم. ئۈنۈمى بولمىدى.

— تەمسىلان زادى ئۈمىد يوقمۇ؟

— ئامالىنى تاپىمىز، — دېدى ئەدھەم ئىشەنچ بىلەن، — ھەرخىل خىمىيىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق نەتىجىسىنى كۆرىمىز، ئوكۇلدىكى مۇھىم ئۆتكەل سۇيۇقلۇقتا ئايلاندۇرۇپ ئۇنى سۈزۈپ، ئادەم مۇسكۇللىرىدا تولۇق سىڭدۈرەلىگۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش.

— ۋاھ، خەزىنىچىمىز كامىل بولۇپ كېتىپسىز، — دېدى قۇددۇس بىر چەتتە ئېچىلماي تۇرغان خاتىرىنى قولىغا ئېلىپ.

— ياق، بۇ ھامىلنىڭ خاتىرىسى، ئۇ ئوقۇغان چاغلىرىمدا بەزى دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى تەتقىق قىلىپ باققان، كۆرۈپ بېقىڭ دەپ بېرىۋىدى.

ئەدھەم بىلەن قۇددۇس ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتكەن مەۋلان ھاجىم، مۇنبىرىدىن ئاخۇنۇملارنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى مىللىي دورىگەرلىك ھەققىدە بەرگەن دوكلاتى، شىپاخانىدا ئىجاد قىلىنغان ئوكۇل ۋە دورىلارغا ئاجرىتىلغان پۇل ھەققىدە بىر پەس سۆزلەشتى.

— قاراڭ ئىنىم، — دېدى قۇددۇس ئەدھەمگە يېقىن كېلىپ، — خالىق يۈەنجاڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالدىم. خالىق باشقىلارنىڭ ھاي دېگىنىگە ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئىككى پاي قويۇۋەتتىم. تەمسىلان ئالغاندا مۇشۇ ھامىل دېگەن بالىمىچۇ تازا ئوت قۇيرۇقى بالىكەن، ئۇنى ھەيدەپ پۈۋلەپ تازا سەكرەتتى.

— نېمە سەۋەبتىن تۇتۇشۇپ قالدىڭلار؟

— ئۆتكەندە يەرلىك مىللىي شىپاخانىلارغا بىر قىسىم مەجۇنات تەستىقلاپ بەرگەنىدىم.

— ئۇ ئىش يۈەنجاڭ يوق چاغدا مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىنغان تۇرسا.

— شۇنى دېمەمسىز؟ — قۇددۇس ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئەدھەم قۇددۇسنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىگە كەلدى. بۆلۈمدە ھامىلدىن باشقا ئاغزى ئىتتىك ئايبۈۋى ئىسىملىك 24 ياشلىق بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئايبۈۋى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ھامىل بىلەن ئەدھەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن ھازىر دورا شىشىلىرىنى تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ئىشىنى قىلىۋاتاتتى. ئەدھەم بۆلۈمگە كىرگەندە ھامىل ئۈستەلدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئايبۈۋى بولسا بۇلۇڭدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، دورا شىشىلىرىنى تازىلاۋاتاتتى.

— ھامىل، سىزمۇ بارىكەنسىز، مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى ئەدھەم، — بىز قۇشقاچ مېڭىسىدە ئوكۇل ئىشلىمەكچىمىز، شۇڭا بىر قىسىم كېتەرلىك سايمانلارنى تەييارلاپ قويساق.

— قۇشقاچ مېڭىسىدە؟

— شۇنداق.

— بۇ قانداق كېسەللەرگە شىپا بولار؟

— نېرۋا ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان كېسەللەرگە.

— قۇشقاچ دېگەن گۆش تىپىغا كىرىدۇ. بىز بۇ چاققىچە گۆش تىپلىق ھايۋانلار ئەزالىرىدىن ئوكۇل ئىشلەپ كۆرمىگەن تۇرساق، قانداق بولار؟

— ياۋروپاچە داۋالاشتا ئاياللار كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان تەيپەن زۇجىيې دېگەن ئوكۇلنىمۇ بالا ھەمرىيىدا ئىشلەيدۇ. شۇنى ئىشلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلانساقمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ، مەن تەييارلىق قىلىپ قوياي.

— ئايبۈۋى، ئەمدى سىزمۇ ئۆز خىزمىتىڭىزنى ئىشلەڭ.

— رەھمەت، — دېدى ئايبۈۋى تەئەددى بىلەن قايرىلىپ، — مەن تېخى دورا شىشىلىرىنى تازىلاش تېخنىكىسىنى تولۇق ئىگىلەپ بولغىنىم يوق...

— بۇ... نېمە دېگىنىڭىز! — دېدى ھامىل چاچراپ تۇرۇپ، — بۇ دېگەن خىزمەت ئېھتىياجىدە.

ھامىل يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئەدھەم شەرەت بىلەن ئۇنى توختىتىپ قويدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ۋاقتىدا يېنىكلىك بىلەن ھامىلنىڭ سۆزىگە كىرىپ ئايبۈۋىگە قوللانغان چارىسىگە ئۆزىمۇ خىجىل ئىدى.

— ئايبۈۋى!

— بولدى گەپ قىلماڭ، — دېدى ئايبۈۋى ئەدھەمنى سىلكىپ، — مېنىڭ تىببىي مەكتەپنىڭ تىبابەتچىلىك كەسپىدە 4 يىل ئوقۇپ، بىرلا ئۆگەنمىگىنىم شىشە يۇيۇش ئىدى، بۇ ھۈنەرنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىپ ئاندىن ئۆز ئورنۇمغا قايتاي...

ئايبۈۋى ئىشىكنى زەرب بىلەن يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ھامىل بىلەن ئەدھەم خۇددى قاققان قوزۇقتەك بىر ھازا ئىشىككە قاراپ قالدى. خىجىل بولغان ئەدھەم ئۈستەل ئۈستىدىكى «دورىگەرلىك بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ھامىلغا سۇندى.

— مېنىڭ خەنزۇچە كىتابلارنى كۆرۈشۈم سىزگە قارىغاندا سەل ئاستىراق، — دېدى ئەدھەم كىتابنىڭ خەلپەت سېلىنغان يېرىنى ئېچىپ، — مانا بۇ گۆش جىنسلىق ھايۋانلارنىڭ ھەرخىل ئەزالىرىدىن ئوكۇل ئىشلەشكە ئائىت قىسمى، سىز ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىڭ، گۆش جىنسلىق ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىدىن ياسالغان ئوكۇل قانداق خىمىيىلىك ماددىدا [illegible]غانلىقى بۇنىڭدا بولۇشى مۇمكىن.

ئەدھەم شۇنداق دېدى. دە، چىقىپ كەتتى. ھامىل كىتابنى خوشىياقمىغان ھالدا ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ ئايبۈۋىگە بولغان ئاچچىقى تېخى ياندىمىغانىدى.

ھامىل بېيجىڭ جۇڭيى تىبابەتچىلىك مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ مىللىي شىپاخانا تاشقى بۆلۈم دورىخانىسىدا ئىشلىدى. بۇ ئەدھەم سىياھدانە ئوكۇلنى جىددىي ئىشلەۋاتقان مەزگىل ئىدى. كېيىن ھامىلنىڭ خىزمەتتىكى جۇشقۇنلۇقىنى كۆرگەن ئەدھەم ئۇنى دورا زاۋۇتىنىڭ ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىگە يۆتكەپ ئېلىپ چىقتى. كېيىن ئۇ ئەدھەمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تېخنىكا بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، ھامىل باشلىق بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايبۈۋى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپ مىللىي شىپاخانا ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ نۇرغۇنلىغان تېخنىكىلىق تەجرىبىلەردە ئۆزىنىڭ باشلىقى ھامىلنى لەت قىلىپ قويدى، ھامىلنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ بىرەر قېتىم يول قويمىدى،

www.uyghurkitap.com

«ئۇ نېمىسگە يوغانلىق قىلىدىكەن؟ مەن يەرلىك كومىتېتتىكى بىر بوغالتىرنىڭ ئوغلى، خەنزۇچىنى ياخشى بىلمەن، بېيجىڭدا مەخسۇس كەسىپ يۆتتۈردۈم، ئايبۇۋىچۇۋ ئۇ دېگەن بىر تۇل خوتۇننىڭ قىزى، يەنە كېلىپ تېببىي تېخنىكومدا ئارانلا 4 يىل ئوقۇغان، ئۇنى يوغان سۆزلەتكىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىغا تېگىۋالغىنىدۇ؟! ئاشۇ ئەپەندىمۇ تازا قاملاشمىغان ئەخمەق نەرسىكەن، مۇشۇنداق شاقشاق سېغىزخاننى ئېلىۋالغاندىن كېيىن...»

— هامىل.

— ۋۇي، خالىق يۈەنجاڭ، كېلىڭ...

چۆچۈپ كەتكەن هامىل مەڭدەپلا قالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغانچە هېلى ئورۇندۇقنى قويسا، هېلى ئۇستاكانغا قايناقسۇ قۇياتتى... خالىقتا سۆزلەشپلا كىرىپ كەلگەن ئايبۇۋى هامىلنىڭ قىلىقلىرىغا ئەجەبلەندى بولغاي، ئارقىسىنى قىلىپ دورا شىشىلىرىنى تازىلاشقا باشلىدى.

— نېمانداق خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭ؟ يا زەينۇرە بوگۈن ئۆيگە كىرگۈزمىدىمۇ؟

— يا... ياق يۈەنجاڭ، مەن... مەن... — هامىلنىڭ كۆزلىرى ئالدىدىكى كىتابقا چۈشتى، — مەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ بەزى نەرسىلەرنى ئويلاۋاتاتتىم.

— نېمىنى؟

— قۇشقاچ مېڭىسىنى!...

— قۇشقاچ مېڭىسى؟

— شۇنداق، قۇشقاچ مېڭىسى، ئۇنىڭدىن ئوكۇل ئىشلەش...

— ۋۇي بۇ قالتىس گەپقۇ، ئۇنداقتا نېمىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىقلاپ چىققانسەن؟

— چىقتۇق... چىقىمىز... ئەلۋەتتە نېرۋا ئاجىزلىقىدىن... — هامىل تۇيۇقسىز قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى ئايبۇۋى قايرىلىپ ئۇزىگە قاراپ تۇراتتى.

— هازىرچە مەخپى، — دەپ پىچىرلىدى هامىل.

خالىقمۇ هامىلنىڭ ئۆز كەشپىياتىغا نىسبەتەن ئىشەنچىسىز بولۇپ تۇتۇشىغا كۆڭلىدە خوش بولۇپ چىقىپ كەتتى...

3

ئىككى كۈن ئىلگىرى يېزىدىن چىقىپ كەتكەن ئەدهەم كۈن قايرىلغاندا شىپاخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تەجرىبەخانا بىناسى ئالدىغا ۋېلىسىپىتىنى توختىتىپ تۇرۇشىغا قۇدۇس كېلىپ قالدى.

— هە ئەدهەم، يېزىدىن ياڭاق ئەكىردىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ ۋېلىسىپىت باغىشىدىكى سومكىنى تۇتۇپ بېقىپ، — هۆي شاراقلىمايدىغۇ، تەمسىلان ئالغاندا شۇپەكلىك ياڭاق ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ قۇشقاچ ياڭىقى...

— نېمە؟ مەن «قەغەز ياڭاق»، «كىرلىما ياڭاق» دېگەن ياڭاقلارنى ئاڭلىغان، لېكىن «قۇشقاچ ياڭىقى» دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— بۇ قۇشقاچ بېشى.

— مۇنداق دەڭ. ھە راست، بۈگۈن ھامىل سىزنى كۆپ ئىزدەپ كەتتىغۇ. بىر يولۇقۇڭ، مەن كەتتىم.

ئەدھەم سومكىنى كۆتۈرۈپ تەجرىبىخانىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن قۇشقاچ باشلىرىنى توڭلاتقۇغا قاچىلاپ، يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپ تۇرۇشىغا ھامىل كىرىپ كەلدى.

— ئەدھەمكا، تېپىپ چىقتىم، 0.5 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىدا سوزۇلىدىكەن.

— ئۇنداقتا ئەتىلا ئىشنى باشلايمىز، — دېدى ئەدھەم ۋە توڭلاتقۇنى ئېچىپ ھامىلغا كۆرسەتتى، — دەسلەپكى تەجرىبە ئۈچۈن يېتىدىغۇ دەيمەن.

— يېتىدۇ. يېزىدىن ئەپكەلدىڭىزما؟

— ھەئە، ھازىر قۇشقاچلارنىڭ كونا خامانلاردا بەزمە ئوينايدىغان ۋاقتى-دە. دېھقانلار تور قويۇپ بىر كۈندىلا تۇتۇپ بەردى. ھە راست، ئوكۇلىنى سىناق قىلىپ ئىشلەشتە ئادەم ئازلىق قىلىدۇ، ئايبۈۋىگىمۇ ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇمۇ قاتناشسۇن.

— قويۇڭ ئۇ خوتۇننىڭ گېپىنى، ئادەمنىڭ بۇ بېقىنىدىن كىرىپ ئۇ بېقىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك سېسىق گەپلەر بىلەن قىرىچە-يېنىچە تېگىپ يۈرۈيدۇ.

— ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشى يوللۇق، بىز ئۆز ۋاقتىدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ خاتا ئىش قىلىپ قويغان. بۇ ئىش ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى. ئايبۈۋى ئىقتىدارلىق ئايال، سىز ئۇنى چاقىرىۋېتىڭ، مەن سۆزلىشىپ باقاي.

«ئايبۈۋى ئىقتىدارلىق ئايال» دېگەن سۆزدىن قاپىقى غۇژژىدە تۈرۈلگەن ھامىل چاندۇرماي چىقىپ كەتتى. ئۇ كارىدورغا چىقا-چىقمايلا ئايبۈۋى ئۆزىمۇ كىرىپ كەلدى، ئايبۈۋىنىڭ يۇمىلاق ئاق يۈزى تۇتۇلغان بولۇپ، ئىنچىكە قاشلىرى ھېمىرىلگەنىدى.

— كېلىڭ ئايبۈۋى.

ئايبۈۋى گەپ-سۆز قىلماي يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئەدھەمگە سۇندى. ئەدھەم خەتنى ئوقۇپ بىر ھازا جىمىپ كەتتى. خەت يۆتكىلىش ئىلتىماسى ئىدى. ئەدھەمنىڭ ۋۇجۇدىنى خىجالەتچىلىك ئوتى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى.

— تەستىقلاپ بەرسىڭىز، شىپاخانا رەھبەرلىكىگە ئەكىرىپ بېرىمەن، — دېدى ئايبۈۋى ناھايىتى تەمكىن ھالدا.

— ئايبۈۋى، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئۇنتۇڭ، بۇ ھەقتە مەن سىزدىن ئەپۇ سورىماقچى ئىدىم...

— رەھمەت، ئەپۇ سوراشقا ئەرزىمەيدۇ، مەن سىزنىڭ جاۋابىڭىزنى كۈتىمەن...

ئايبۈۋى ئارقىسىغا قايرىلىپلا سىرتقا چىقتى-دە، ئەدھەمنىڭ ۋارقىراشلىرىغىمۇ قۇلاق سالماي، يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئەدھەم دېرىزىدىن ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسقىنىچە دورا زاۋۇت تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئايبۈۋىنىڭ دورا ئۆسۈملىكلىرى تېرىلغان قىر تۈۋىدە «ھۆ» بولۇپ قەي قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئەدھەم ئىچىدە، ئۇ سېزىك ئۈستىدە ئىكەن-دە، بۇنداق چاغدا ھەرقانداق ئايالنىڭ تاۋى نازۇك بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئايبۈۋىنىڭ كەسپىي ئۇنۋانى فېلدشېر ئىدى. ئۇ 3 ئاي ئىلگىرى بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن توي قىلدى. ئەدھەمنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى قاتتىق ئېچىشتى... ئەمما بىلىندۈرمىدى، لېكىن بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرىكى بولغان ئىش ئايبۈۋىگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئەدھەم ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈردى، ئىززەت - نەپسىنى يەرگە ئۇردى، ئۇ بۇ ئاھانەتنى قانچە قىلىپمۇ كۆڭلى - كۆكسىدىن چىقىرالمىدى.

ئىش ئەسلى مۇنداق بولغانىدى: ئەدھەم ۋىلايەتتە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان پەيتتە، شىپاخانا بويىچە يېرىم يىللىق مۇكاپات تارقىتىلدى، دورا زاۋۇت خادىملىرىنىڭ كېلىش-كېتىش جەدۋىلىنى ھامىل باشقۇرۇپ خۇلاسىلەپ چىققانىدى، خۇلاسە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ھەربىر خادىم ئۆزىنىڭ ئىشقا كېلىش-كېتىش ئەھۋالى ۋە ئېلىشقا تېگىشلىك پۇلنى ئاڭلىغاندا بىردىنلا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى.

— مېنىڭ پىكرىم بار، — دېدى ئايبۈۋى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مېنىڭ رۇخسەت ۋاقتىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر كۈنگە ئىككى ئايلىق مۇكاپاتنى تۇتۇپ قاپسىزغۇ، بەلگىلىمىدە 3 كۈنگە يەتسە بىر ئايلىق مۇكاپات تۇتۇپ قېلىنىدۇ، دېيىلگەنتىغۇ؟

— رۇخسەت ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكىنى ئىش قالدۇرغان ھېسابلىنىدۇ، بىر ئايلىق مۇكاپات بېرىلمەيدۇ، ئەگەر شەخسىي رۇخسەت ياكى دوختۇر رۇخسىتى بولسا 3 كۈنگە بىر ئايلىق مۇكاپات تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

— توي دېگەن ئادەم ھاياتىدا بىر قېتىملىق ئىش، مەن تويۇمدا بىر ھەپتە سورىدىم، يۈەنجاڭ 5 كۈن تەستىقلىسا سىز نېمە ئۈچۈن 3 كۈن ھېسابلايسىز؟ سىز خوتۇنىڭىز تۇغقاندا بىر ھەپتە كەلمىدىڭىزغۇ، بالىنى سىز تۇغقانمۇ، خوتۇنىڭىزمۇ؟

مەجلىسخانىنى بىر ئالغان كۈلكە ھامىلنى مەڭدىتىپ قويدى.

— سىز... سەن...

— سەنلىمەڭ، مېنىڭ ئېرىممۇ مېنى سەنلەپ باققىنى يوق... — دېدى ئايبۈۋى غەزىپىنى باسالماي، — «ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، قازىنىنى ئالساڭ، تۈۋىقىنى قوي» دېگەن گەپ بار، ئەدھەمكام بىلەن ئىككىڭلار مۇكاپاتنى ئىككى قاتلاپ ئاپسىلەر، بۇنىڭغا نېمە ئاساسىڭلار بار؟ ياكى كېسەل بولغان، سورىغان يولداشلارنىڭ قالدۇرغان ئىشىنى سىلەر قىلىۋەتكەنمىدىڭلار...

— سەن غەرەزلىك ھالدا قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتىسەن، مانا ئال، — ھامىل ئالدىدىكى دەپتەر بىلەن كونۋېرتلارغا قاچىلانغان پۇللارنى غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتتى - دە، ئىشخانىدىن قاڭقىغان توپتەك چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن ھامىل ئەدھەمنى ئىزدەپ تاپتى، ئۇنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ رەسۋا سېغىزخانىدىن جېنىم جاق تويدى، — دېدى ھامىل تاتىرىپ، — ھەممە ئىشىمىزدىن پۇتاق چىقىرىۋاتقان... باشقىلارنى قۇترىتىپ بىزگە قارشى قويۇۋاتقان... ھېچ ئايانمايلا رەھبەرلەرنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان...

ھامىل سۆزگە چېچەن ئىدى، مانا ھازىرمۇ سۆھبەتدىشىنىڭ يۈزىدىكى ئۆزگىرىش ھالىتىدىن ئۆز سۆزىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆردى. ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن خەيرىخاھلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قارشى نىشانىغا نەپرىتىنى قوزغاش ئۈچۈن بىرلىك قوشۇمچىلىرىغا قارىغاندا كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىنىڭ سالمىقى ئېغىر، تەسىرى چوڭقۇر، قايىللىقى كۈچلۈك بولاتتى. شۇڭا ئۇ «ھەممە ئىشىمىزدىن پۇتاق چىقىرىۋاتقان» دېگەندە ئەدھەمنىڭ تۇيىقى سىقىراپ قوشۇمىلىرى غۇژژىدە تۈرۈلدى. «باشقىلارنى قۇتراتىپ، بىزگە قارشى قويۇۋاتقان» دېگەندە ئەدھەم غەزەپتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمدى. «ھېچ ئايانمايلا رەھبەرلەرنىڭ يۈزىنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان» دېگەن بۇ ئاخىرقى ئىنتوناتسىيەسى كۈچلۈك ئېيتىلغان سۆزنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى بولغاي، بۇ ياش ئىختىراچى رەھبەرنىڭ كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن بۇرۇنقى بەزى ئىشلار قايتا گەۋدىلەندى.

كىتابخانىلىرىمىز يۇقىرىدا خەۋەر تاپقىنىدەك، ئايىبۇۋى ھامىلنىڭلا ئىشلىرىدىن قۇسۇر چىقىرىپ قالمىدى، ئەدھەمنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا قارىتا يۈزتۇرانە خېلىلا قاتتىق تەگكەن چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇنىڭ بىر قېتىم: «سىز سەكسىنىنچى يىللارنىڭ رەھبىرى... بۇنى ئۇنتۇپ قالماڭ. خىزمەتچىلەردە سەۋەنلىك ئۆتۈلسە قولدارلاردەك ۋارقىراپ كەتمەڭ، ياردەم بېرىش، رىغبەتلەندۈرۈش، يول كۆرسىتىش سىزنىڭ بۇرچىڭىز...» دېگەن سۆزى ئەدھەمنى قىزارتىپ قويدى، ئۇ بۇنى ھازىرغىچە ئۇنتالمىغانىدى.

— ئۇ ھەتتا ھېچ تەپ تارتماستىن كۆپچىلىك ئالدىدا ئىككىمىزنى، — دېدى ھامىل تېخىمۇ دادىللىشىپ، — مۇكاپاتنى ئىككى قاتلاپ ئالىدىغان ئوغرى دەۋاتىدۇ. ئىناۋىتىمىزنى بۇنداق چۈشۈرگىلى تۇرسا قانداق خىزمەت ئىشلەيمىز؟... گېپى مىز ئاقامدۇ؟... ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى بىر تونۇتۇپ قويمىساق زادى بولمايدۇ...

— سىزچە قانداق قىلساق بولىدۇ؟

— مېنىڭچە دورا شىشىلىرىنى تازىلاشقا سالايلى....

... دېرىزىدىن ئايىبۇۋىنىڭ قىر ئۈستىدە ئېگىشىپ ھېلىدىن - ھېلىغا «ھۇ» بولۇپ قەي قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرغان ئەدھەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. ئويلاشمايلا ئۇنىڭغا كۆرگەن چارىسى ئاز كەلگەندەك، ئەتىسى ئايىبۇۋىنىڭ يولدىشى ئۇنىڭ مۇكاپات پۇلىنى ئالغىلى كەلگەندە، ئەدھەم يېنىكلىك بىلەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئەستەرلىك سۆزلەرنى قىلىۋەتتى. ئارقا-ئارقىدىن قىلىنغان بۇ ئاھانەت-زەربىلەر ئايىبۇۋىنىڭ كۆڭلىدە ئېرىمەس مۇز بولۇپ قاتقانىدى.

## 4

ئەل ئايىغى جىمىقان چاغ. ئادەتتە تار، زىچ كۆرۈنىدىغان شەھەرنىڭ ئاسفالتلىق كوچىلىرى ھازىر شۇنچىلىك ئازادە ئىدى. ئۇچقۇنداۋاتقان قار كوچا چىراغلىرىنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا پەرۋانىلەردەك پىلىلدايتتى ۋە يەرگە چۈشمە-چۈشمەيلا ئېرىپ تۇرغاچقىمۇ، ئاسفالت يول پارقىراپ كەتكەنىدى.

كەچلىك ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىۋاتقان ھامىل ئايالى زەينۇرەنى قولتۇقلىۋال-

ھاندى. ئۇنىڭ بۇگۈن كەيپى چاغ، روھى ئۈستۈن، قەلبى شادلىققا تولغاندى. ئاس-ـ فالت يولغا تەكشى تاقىلداپ چۈشۈۋاتقان قەدەملەر كىچىنىڭ بۇ جىمجىتلىقىدا ئۇزاق-ئۇ- زاقلارغا ئاڭلىناتتى.

— زەينۇرە، — دېدى ھامىل سۈۋارى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاسمانغا قاراپ، — مەن مۇشۇ تۇرقىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىمەن، بىلەمسىز؟

— ئولتۇرۇشتا زەي سالماي ئاتقان پولىرىڭىزنى ئويلاۋاتقانسىز.

— سىز - زە، — ھامىل ئۇھ تارتىپ قويدى، — ماڭا ھازىر زەڭگەر ئاسمان غۇچچىدە يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغاندەك... باش باھارنىڭ ئارامبەخش شاماللىرى يۈزۈمنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقاندەك... نەمخۇش يەر، قىشچە قار ئاستىدا چىرىگەن خازانلارنىڭ ھىدى... بىخ سۈرگەن نوتا... لەرزان يېشىللىق باھار كەچلىكى... قىسقىسى نېمە دېسەم بولار. بۇ جاھان ماڭا تولىمۇ گۈزەل، يېقىملىق، كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا...

— مەستىنىڭ خىيالى، — دېدى زەينۇرە پەرۋايىي پەلەك ھالدا، — ئىچكەنسېرى «ئۇنداق ئوكۇل ئىجاد قىلىۋاتىمەن، مۇنداق ئوكۇل ياسىدىم، جاپالىق ئەجىر بىلەن تاپتىم...» دېگىلى تۇرۇپتىكىز، مەن تومۇستىن ئۆلگىلى تاس قالدىم.

— ئەمىسە مېنىڭ تاپقىنىم يالغانما؟ ئەگەر مەن تاپمىغان بولسام...

— بۇ دېگىنىڭىز ئورۇنلۇق، 0.5 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىدا سۇزۇلىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتىڭىز، — دېدى زەينۇرە ئېغىر خورسىنىپ، — بۇنى ئىجاد قىلدى دېگىلى بولامدۇ؟ بىرەر تۆھپىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بولىدۇ - دە.

— يېزىدىن بىر ئۆۋەت قوشقاچ بېشى ئېلىپ كەلدىم. بۇنى يەەنجاڭ كۆرگەن، — دېدى ھامىل ئاغزىغا غىرت قىلىپ يانغان ھاراقنى يۇتۇۋېتىپ، — قوشقاچ مېڭىسىلىرىنى ئۆزۈم ئاجراتتىم، ئۆزۈم ئېرىتىپ، سۈزۈلدۈرۈپ تەييار قىلدىم، ناھايىتى ئۇ تەركىبىنى تەكشۈرۈپ شىپالىق ئۈنۈمىنى بېكىتىپ چىقتى، خالاس.

— شۇڭا بۇ تۆھپە سىزنىڭ ئەمەس - تە.

— لېكىن مېنىڭمۇ ھەسسەم بار - دە.

— نېمە؟!

— ھەسسەم بار دەۋاتىمەن.

— ئالدىڭىزدا پاتقاق، كۆزۈڭىزنى يوغان ئېچىپ مېڭىڭ، — زەينۇرە تۇيۇقسىزلا ھامىلغا زەھىرىنى سانجىدى، — خۇدايىم كالىنىڭكىدەك كۆز بەرگىنى بىلەن كۆرمىسە تام تۆشۈكىدىن پەرقى يوق، ھى...

زەينۇرەنىڭ ھامىلنى سىلكىشلەشلىرى ئادەتكە ئايلانغان ئىش، شۇڭا ئۇ «يارىمىنىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى» دەپ كۆڭلىگە ئالمايتتى. لېكىن ئۇنىڭ دىماغ قېقىشى بىرەر كۆ- ڭۈلسىزلىكتىن دېرەك بېرەتتى. ھامىل بۇنداق دىماغ قېقىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى، شۇڭا ئۇ ھېجايغىنىچە زەينۇرەنىڭ مۈرىلىرىنى قۇچاقلىدى.

— ھى... ھى... ھى... نېمە بولدىڭىز، جېنىم... سىز مېنىڭ...

— قويۇۋېتىڭ، — زەينۇرە بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى، — نېمانداق سەتلە- شىدۇ ماۋۇ...

زەينۇرە زامانغا لايىق ئۆسكەن قىز بولۇپ، ئائىلىدىكى تۆت بالىنىڭ كەنجىسى ئىدى، ئۇنى ئاتا-ئانىسى «كەنجە قىزىم» «كەنجىتاي» دەپ ئەركىلىتىپ چوڭ قىلغانىدى، زەينۇرە ئۆزىمۇ شوخ، ئەركىن چوڭ بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تا سەككىزىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەنگە قەدەر ئەلا ئوقۇيالمىسىمۇ دوستلىرىدىن كېيىن قالمىدى، ئۇنىڭ مەكتەپ ئىچىدە ئويلاپ تاپمايدىغان ئويۇنلىرى يوق ئىدى. تۈنجى يامغۇردا «ياغلىق تاشلاش»، دەسلەپكى قاردا «قارلىق تاشلاش» ئىشلىرىدا دوستلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ھەرخىل قىزىقارلىق ئويۇنلارنى كەشىپ قىلاتتى. ھەتتا بىر قېتىم ئۇ غەلىتە ياسىنىپ قولىغا ماتېرىيال پوپكىسىنى تۇتۇپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆيىدە يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئانىسىغا «ئوغلىڭىزنى ساقچىدىن چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئىشەندۈرىدۇ. ئەخمەق بولغان ئوقۇتقۇچى كېيىن زەينۇرەگە تەنبىھ بەرمەكچى بولغاندا زەينۇرە: «رەنجىمەيسىز مۇئەللىم، ئالتە ياشلىق بىر بالا لېنىننى ئالدىغانىكەن. بىز بۈگۈن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى خاتىرىلەپ لېنىننى ئەسكە ئېلىشتۇق» دەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويغان.

زەينۇرەگە قىز دوستلىرىلا ئەمەس، ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمۇ چېقىلالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ تىلى ئاچچىق بولۇپلا قالماي، ھەر خىل ئۇسۇللاردا ئۆچ ئالاتتى. گەپنىڭ قىسقىسى، زەينۇرە قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان، بىر ئىشقا بەل باغلىسا ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان بىر قىز ئىدى.

زەينۇرە ھامىلنى بىر تويدا ئۇچراتقانىدى. ئۇ ھامىلنىڭ دولقۇنسىمان چاچلىرىغا، ئاجايىپ يوغان قارا كۆزلىرىگە، خۇددى ئاياللارغىمۇ ئىلتىپات قىلمىغان كىرپىكلىرىگە بىرلا قاراپ، دوستلىرىغا «مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشىمەن» دېدى. دېگەندەك ھايال ئۆتمەي تونۇشتى، ھەپتە ئۆتمەيلا ئۇلار باغچە يوللىرىدا ئىز قالدۇرۇپ، كىنو - تىياتىرخانىلارنىڭ پەلەمپەيلىرىدە جۈپ قەدەم تاشلايدىغان بولۇپ قالدى...

زەينۇرە ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە بولغان بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنى ئەسلىمەكتە ئىدى، كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىملىك كىشىلەر ئىدى.

مېھمانلار كىمنىڭدۇر رومانى، كىمدۇر بىرسىنىڭ «خىمىيە ئاساسلىرى» دېگەن ئىلمىي كىتاب يېزىپ چىققانلىقى، بىر مېيىپ ئادەمنىڭ يېڭىدىن ئىجاد قىلغان تۆھپىسى مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە پاراڭ قىلىشتى. ھامىلمۇ بوش كەلمىدى. شىشە ئىچىدە ياۋاشلىق بىلەن تۇرغان ھاراق ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرگەنسېرى كۈچىنى كۆرسەتتى، زەينۇرە ئېرىنىڭ ئېتىۋاتقان لاپلىرى قۇرۇق ماختىنىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن كۆڭلىدە ئۈمىدىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ھامىل «قۇشقاچ مېڭىسى ئۆكۆلىنىڭ 0.5 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىدا سوزۇلىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقتىم، ئەتىدىن باشلاپ ئوكۇلنى رەسمىي ئىشلەيمەن» دېگەن خۇش خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى زەينۇرە بىر كېچە ئۇخلالمىدى... شۇنداق، ئۇ داۋاملىق تۆھپىكارلارنىڭ نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم، شەرەپلىك ناملار بىلەن مۇكاپاتلانغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يەككە ماتېرىيال، جەدۋەللەشكەن ئانكېتلىرى، مۇكاپات بۇيۇملىرى، پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ كاتىپلىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان زەينۇرەنىڭ قولىدىن ئۆتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا

www.uyghurkitap.com

هامىلنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغان زەينۇرە شۇ كۈنى تېگى كۆرۈنمەس شېرىن خىياللار قايىنىمىدا بىر كېچە ئۆزگەندى. مانا ئەمدى هامىلنىڭ «مېنىڭمۇ ھەسسەم بار» دېيىشى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ قويىدى.

ــ ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدۇق، ــ دېدى هامىل ۋە ئالدىغا ئۆتۈپ ئىشىكنى ئاچتى، زەينۇرەنىڭ كىيىملىرىنى سىلىشىغا ياردەملەشتى، ئۇ ئايالنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، ــ ھى ... ھى ... ھى ... ئاپئاقنىڭ ئالا كۈچۈكلىرى كېلىپ قاپتۇ، كۆڭلىنى بىر ئېلىپ قوياي، قېنى شىياۋشياڭېمىڭ ئېيتمىسىز ياكى مەيلىڭىز پىۋىغا تارتامدۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىز سالغان مۇسەللەستىن بىر سىركايدىن ئىچەيلى، تىترەپ تۇرغاندا بەدەنلەرنى قىزىتىدۇ، ــ دېدى.

زەينۇرە سەل ئېرىگەندەك قىلدى، ئۇ مۇسەللەسنى ئاز ـ ئازدىن سۈمۈرۈۋېتىپ هامىلغا بىر ـ ئىككى قېتىم كۆز تاشلىۋالدى، ھەتتا هامىلغا كۈلۈمسىرىگەندەكمۇ تۇيۇلدى. گۈلـقەقەلىرى ئېچىلغان هامىلنىڭ تارقالغان كەيپى ئەكسىگە يانغاندەك بولدى ـ دە، يەنە چاقچىقىنى باشلىدى:

ــ جۇدۇن ئۆتۈپ كەتتى، ئاسمان سەتھىسى غۇچچىدە يۇلتۇزلار بىلەن تولدى. قىلـبىمىم كۆكىدىمۇ بىر چولپان تېنىمگە مادار، كۆزلىرىمگە نۇر، ئىجادىمغا سەكسەن ئاياغ ئاتا قىلغۇسىدۇر ...

ــ قاپاقباش، ــ زەينۇرە كۈلۈۋەتتى، ــ سىزنىڭ قايسىبىر ئىجاد ـ تۆھپىلىرىڭىز بولسۇن، ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە، ياردەمچىمەن، ھەسسەم بار، دەپ باشقىلارنىڭ چېپىڭىدا سۆرىلىپ يۈرۈيسىز ...

ــ سىز مېنى ئۇنچىۋالا قولىدىن ئىش كەلمەس، دەپ چاغلىماڭ جېنىم، مەن دېگەن ئوقۇغان ۋاقتىمدىن تارتىپ خېلى ـ خېلى دوردىلارنى ئىسلاھ قىلىش نەزەرىيىلىرىنى تۈزۈپ چىققان ...

ــ ئۇنى خاتىرىڭىزدىن كۆرگەن، ــ زەينۇرە نېمىشقىدۇر ئويلاپ خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتتى ـ دە، كۈلۈمسىرىدى، ــ توغرا، مەن خاتىرىڭىزدە «قۇشقاچ مېڭىسى» دېگەندەك بىر تېمىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم. بەلكىم سىزنىڭ يادىڭىزدىمۇ باردۇر؟ ...

هامىل تېڭىرقاپ قالدى، «ياق» دەي دېسە تىلى «ياق»قا بارمىدى. لېكىن ئۇنداق تېمىنى ئوكۇل بۆلۈم ئىشخانىسىدىكى ئەدەھەمنىڭ ئۈستەل تارتمىسىدىكى كۆك تاشلىق خاتىرىدە كۆرگەندەك قىلىۋىدى ... ياكى ئۆزىمۇ يېزىپ قالدۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ... هامىل مەست كاللىسىنى بىر سىلكىپ باقتى ... لېكىن ئۇ ھېچبىر قارارغا كېلەلمىدى ...

ــ بۇ ...

ــ قاراڭ، سىزنىڭ ئۇنۇتقاقلىقىڭىزنى، ئۇبدان ئويلاپ كۆرۈڭ. مەن ئېنىق كۆرگەن، ئۇ خەنزۇچە يېزىق بىلەن يېزىلغان. ھەتتا ۋاقتىمۇ خېلى بۇرۇندەك قىلىۋىدى ...

ــ ...

ــ ئەمدى يادىڭىزغا كەلگەندۇ؟ تولا ھىجايماڭ ... ئاشۇ قول يازمىڭىزنىڭ كەم يەرلىرىنى تولۇقلاپ، ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەپ قويسىڭىز ... ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئەدەھەمدىن بۇرۇن تېپىپ چىققان ـ دە ...

— لېكىن ئۇ خاتىرە ھازىر ئەدھەمكامىدا، كۆرۈپ باقاي دەپ ئېلىۋىدى.

— نېمە؟!! ... — زەينۇرە ئۇزۇنغىچە سىركايىدىكى تىنىق مۇسەللەس ئۇستىدىكى كۆپۈكچىگە تىكىلىپ قالدى، — بېرى كېلىڭ ...

زەينۇرە خۇددى تۆت تام، بىر تورۇستىن ئېھتىيات قىلغاندەك، ئۇزۇنغىچە ھامىلنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلىدى، ھامىلنىڭمۇ كۆزلىرى بىردە چەكچىيىپ، بىردە تەلۋىلەرچە ھىجىياتتى ...

ھامىل ئۆزىنى ساپاغا تاشلاپ ئارقا - ئارقىدىن 3 قېتىم تاماكا چەكتى. ئۇنى بىردە كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرغاندەك، تۇرۇپلا ھەممە ئىشلار ئۆز يولى بىلەن ئاسانلا ئىزىغا چۈشىدىغاندەك ھېسسىياتلار چىرمىۋالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا: «دۇنيادا نۇقسانسىز، ئۇزۇل - كېسىل پاك نەرسىلەر مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن ئوي كېلىشى بىلەن بىردىنلا دېدىللىشىپ، يېنىك تىن ئالدى. توغرا، نۇرغۇن - نۇرغۇن ئالىملارمۇ قەدىمكىلەرنىڭ ئەمگەكلىرىدىن پايدىلانغانغۇ! بۇ ئارقىلىق مۇكەممەل بولمىغان كەشپىياتلار كامالغا يەتكەنغۇ؟! ئۇرۇمچىدىكى دورا ئانالىز قىلىش ئىدارىسىدىن كەلگەن ھېلىقى خەنزۇمۇ ئەدھەمنىڭ سىياھدانە ئوكولىنى ئىشلىشىپ بەرمىدىمۇ؟ كەشپىياتنىڭ ئوخشاپ قېلىشى نورمال ھادىسىغۇ ... بىر - ئىككى، ھەتتا ئۈچ - تۆت كىشىمۇ بىرلا نەرسىنى تەتقىق قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، بەلكى مۇمكىنغۇ! ...

ھامىل بىردىنلا ئۆزىنى ھەشەمەتلىك مۇنبەردە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مۇكاپات ئېلىۋاتقان، ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تەبرىكلەۋاتقان ھالەتتە كۆردى. گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىۋاتقان ماقالىلەر ... ھەۋەس ۋە ھەسەت نەزىرىدە قاراۋاتقانلار ... ئولتۇرۇشلاردىكى ماختاشلار كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. ھامىل ئىنسانىيەتكە مەلۇم بولمىغان يېڭى بىر يۇلتۇزنى تېپىپ چىققان ئاسترونومىيە ئالىمىدەك ھاياجان ئىلكىدە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەستلىك ئىپادىسى تارقىلىپ كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. زەينۇرەنىڭ يۈزىدە بولسا ھەر قاچانقىدەك پەرۋاسىز، مەسخىرىلىك، تەكەببۇرلۇق تەبەسسۇمى بار ئىدى.

— شۇنداق ھامىل، — دېدى زەينۇرە يېشىنىۋېتىپ، — ياشايمەن، بۇ مۆجىزىلىك ھاياتنىڭ ھەددى - ھېسابسىز گۈزەللىكىدىن تولۇق بەھىر ئالىمەن دەيدىكەنسىز، ھوشيار، چاققان، زېرەك، رەھىمسىز بولۇشىڭىز كېرەك...

ھامىل يېشىنىپ يوتقان ئىچىگە كىردى. ئۇ تورۇسقا تىكىلىپ نېمىدۇر ئويلاپ ياتقان زەينۇرەنىڭ كۈن تەگمىگەن ئاپئاق كۆكسىگە لەۋلىرىنى باستى ۋە ئاستاغىنا:

— سىز نېمە دېگەن ئەقىللىق، — دەپ پىچىرلىدى ...

5

خالىق يەنجاڭ بىلەن قۇددۇس جۇرنىنىڭ گەپ تەگكىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەدھەم ئىشخانا ئالدىغا كېلىشىگە ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، خالىق بىلەن ھامىل چىقىپ كەلدى. چىرايى تاتىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ تۇرغان خالىقنىڭ دۈمبىسىدىن يۆلەشتۈرۈپ تەسەللىي بېرىۋاتقان ھامىل ئەدھەمنى كۆرۈپ: «قارىماسسىز بۇ كېلىشمەسلىكنى»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەندەك مۇرىسىنى چىقىرىپ غەلتىلا ھىجىيىپ قويىدى.

ئەدھەم ئۇلار كارىدور بويلاپ ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئىشخانىغا قەدەم ئالدى. قاشلىرى قارا چومۇلىدەك غۇژمەكلىشىپ تۇرۇلـگەن، كۆزلىرى پولدىكى يۇمىلاق پۇـ تاق ئىزىغا تىكىلـىپ قالغان قۇددۇس ئىشـخانا ئوتتۇرىسىـدا ئۆرە تۇراتـتى. تېۋىپلاردىن مەۋلان ھاجىم، مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم، سەدىرىدىن قارىي، ئاقمۇللا خەلپىتىم، قاراجىم ۋە بۇـ غالتىر روزنىيازلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى.

— ئەپسۇس، ناھايىتى ئەپسۇس، — دېدى مەۋلان ھاجىم خاپا ھالدا، — بۇ ئىككى رەھبىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى تېتىقسىز غەۋغا قاچانمۇ ئاياغلىشار ...

— شەمسى ـ قەمەرنىڭ تۇتۇلۇشىمۇ تەبىئىي ھالغۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كاۋاكىمۇ بىر كۈنى ئېتىلەر. كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا، تەقسىر، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم ساقاللىرىنى سىيپاپ.

— قۇددۇسـكا، يۈەنـجاڭ بىلەن يەنە بىر نېمە دېيىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئەدھەم پەسرەك ئاۋازدا.

— قارىماسىز، — دېدى قۇددۇس قولىدىكى مىجىقلانغان دورا تالونىنى كۆرسىتىپ، — ئۈچ ئاي ئالـدىدا بۇنى مەن تەستىقلاپ بەرگەن، تەمسىلان ئالغاندا، مۆمىن ئاخۇنۇمـنىڭ ئۆمرى مۇشۇ شىپاخانىدا ئۆتتى، ئۇ زاتنى دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن كۆزدىن سىلىـ ۋەتسەك بولامدۇ؟ باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا مۇئامىلە قىلساق، بۇ ئادىللىقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن نەق پۇلغا ساتىدىغان دورىلارنى دۆلەت ھېسابىغا تەستىقلاپ بېرىسەن، دەپ قايناۋاتىمدۇ.

— بەرھەق، — دېدى سەدىرىدىن قارىي قۇددۇسقا باش لىڭشىتىپ، — مۆمىن ئاخۇنۇم ئىنسانىي كامىل كىشى، ئۇ مۆھتەرەمنىڭ ئەل ئامانلىقى ئۈچۈن چېپىچى ئاقاردى، چىشى سارغايدى، كۆزىدىن نۇر، بېلىدىن مادار كەتتى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا ئالقىنىمىزنى ئازـ تولا ھىممەت بىلەن ئېچىپ قويساق دىيانىتىمىزنىڭ پاكلىقى، دىلىمىزنىڭ خاسلىقى، پېئىلىمىزنىڭ دۇرۇسلۇقى بولماسمىدى؟!

— تېگىل شۇنـداق، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخـۇنۇم بىرئازچېپىچىلىپ، — «ھىممـەتتىن قانتى بولغان قۇش تۆۋەن ئۇۋىغا نەزەر سالمايـدۇ» دېگەن سۆز بار. ھىمـمەت قىلىش ئىنسانىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى.

ئەدھەم خالىدنىڭ مۆمىن ئاخۇنۇمـغا نىسبەتەن كۆزى كىچىكلىك قىلمايدىغانلىـقىنى بىلەتتى. پەقەت ئۇنىڭ بۈگۈنكى ھەرىكىتى قۇددۇس بىلەن ئۆزى ئوتـتۇرىسىدىكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەنمەنلىكنىڭ غالىب كېلىشى ئىدى. خالىق ئۇخـلىسىمۇ قۇددۇسنى سەھۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا مۇلايىملىق بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان «مېنى ئەپۇ قىلسىـلا» دەپ يالۋۇرۇۋاتـقان ھالەتـتە چۈشەيتـتى. قۇددۇس بولسا: «باشلىق بولساڭ دۇرۇس بول، تەمسىلان ئالغانـدا، خەق ئالدىدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ مەنـمەنلىك قىلما، بولمىسا ئاتام بولساڭمۇ ئاياپ ئولتۇرمايمەن» دەپ گەۋدىسىنى كېرىپ يۈرـ ىدىغانلاردىن ئىدى ...

— قۇددۇسكا، دورا تالونىنى ماڭا بېرىڭ، مەن سۆزلىشىپ كۆرەي.

ئەدھەم ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بۆلۈم ئىچى ئادەم يوقتەك جىمجىت ئىدى، ئىشكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى بىلەن ئۈستەلگە مەيدىسىنى يېقىپ ئاستا سۆزلىشىۋاتقان ھامىل بىلەن خالىق چۆچۈپ كەتتى، يۈەنجاڭ بۇ چاققىچە ھېچ كۆرۈلمىگەن گۇمان زەررىلىرى ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئەدھەمگە تىكىلدى. ھامىلمۇ قانداقتۇر ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلالمىدى...

— خالىقكا، مۆمىن ئاخۇنۇمنىڭ دورا تالونىنى قايتا ئويلىشىپ كۆرسىڭىز، — دېدى ئەدھەم تالوننى خالىققا تۇتقۇزۇپ، — بۇ دورىلار بەزى رەھبىردي كادىرلارغا دۆلەت ھېسابىغا يېزىپ بېرىلىدۇ ئەمەسمۇ، مۆمىن ئاخۇنۇم بولسا شىپاخانىمىزغا ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدى.

— سىزمۇ قۇددۇس «تەمسىلان»نىڭ دېپىنى چالىدىغان بولۇپ قاپسىز - دە.

— بۇنى قۇددۇسنىڭ دېپى دېمەي، شىپاخانىمىزنىڭ ئۇلىنى قۇرغان مۆمىن ئاخۇنۇمنىڭ دېپى دېسىڭىز خاتا بولمىغان بولاتتى، — دېدى ئەدھەم سەل تەئەددى بىلەن، — خالىقكا، شەخسىي ئاداۋەت - ئارازلىقنى خىزمەتكە ئارىلاشتۇرۇپ قويمىسىڭىز ... سىز بولسىڭىز رەھبەر ...

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى، سىزدىن بەك خۇرسەنمەن، — دېدى خالىق ئورنىدىن تۇرغانچە چېچىلىپ، — مېنىڭ خىزمىتىمدە نۇقسانلار كۆرۈلگىلى تۇرۇپتۇ - دە. نەق پۇلغا سېتىلىدىغان دورىلارنى دۆلەت ھېسابىغا يېزىپ دۆلەتنىڭ خەزىنىسىنى شورايدىغان سۈلۈكلەرنىڭ تۇمشۇقىغا ئۇرۇشۇم خاتا ئىكەن - دە؟ ھىم، ماقۇل، بۇ تۇرقىدا 30 كۈن روزى تۇتۇپ يوقتا ئېغىز ئېچىپتىمەن...

خالىق ئەدھەمگە ئەزەلدىن بۇنداق چېچىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ھاڭ - تاڭ بولۇپ تېڭىرقاپ قالغان ئەدھەم يۈەنجاڭنىڭ كۆكەرگەن سوغۇق تەلەتىگە، چاپىنىنىڭ پېشىدىن خېلىلا ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن قوللىرىغا، سەل تىترەۋاتقان قامەتلىك گەۋدىسىگە بىر ھازا تىكىلىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن «خىزمەتكە قىزغىن، مەسئۇلىيەتچان، مۇئامىلىسى ھەممىگە باراۋەر، ئېغىر - بېسىق، تەشەببۇسكار خالىق يۈەنجاڭ شۇمۇ - ئەمەسمۇ؟!» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا، نەچچە يىللاردىن بېرىقى مۇلايىم رەھبەر ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچى، مەنمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتلىرى كۆزىنى قارىغۇ، قۇلىقىنى پاڭ، ئۆزىنى ئەسەبىي ھالەتكە كەلتۈرگەن باشقىلا بىر ئادەم تۇراتتى. خالىقنىڭ ئۆزىنى ئىدارە قىلالماي چالۋاقاپ كېتىشلىرى ئەدھەمنى دەسلەپتە ئېسەنكىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھامىلنىڭ بىنورمال غەيرىي ھالىتى ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇنقى خۇش - خۇشچىلىقى كۆز ئالدىغا كېلىپ، گويا بىر نىجاسەتنىڭ ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلغاندەك سەسكىنىپ كەتتى - دە، سوغۇققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ناھايىتى ئەپسۇس، خالىقكا، — دېدى ئەدھەم خالىقنىڭ تاشتەك قېتىپ قالغان چىرايىغىمۇ قارىماي، — ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان سۆزۈمنىڭ سىزنى رەنجىتىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن. لېكىن ئاچچىقىڭىز كەلسىمۇ يەنە شۇنى ئەسكەرتىشنى بۇرچۇم دەپ

تونۇيمەن، سىز شىپاخانىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، تۈۋرۈكنىڭ ئاستى قىڭغىر بولسا ئۈستى رۇس بولمايدۇ.

ئەدھەم قايرىلىپ تاياقتەك قاتقان ھامىلغا قادالدى. ھامىل كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ قېچىشنى بىلمەي، ئۈستەل ئۈستىدىكى چاپلىشىپ قالغان بىر نەرسىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئۈستەلنىڭ سىيلىق يۈزىنى تىرنىقى بىلەن تاتىلىدى.

— ھامىل، — دېدى ئەدھەم ئۆزىنىڭ ئۈستەل تارتمىسىدىن بىرماتېرىيالنى ئېلىپ، — ئامپۇللارغا قاچىلانغان ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى دورا تەكشۈرۈش پونكىتىغا يوللىدىڭىزمۇ؟

— يوللىۋەتتىم ... — دېدى ھامىل ئەدھەمنىڭ قولۇيلانمىغان تارتمىسىغا لەپپىدە قارىۋېلىپ.

ئەدھەم چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۇزاقلاشقاندىن كېيىنلا ھامىل يەنجاڭنىڭ چىرايىغا قارىدى. خالىقنىڭ ئەدھەمگە ئاچچىقى كەلگەنلىكى ياكى ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز چېچىلىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئىككىسى بىر خىل ئەپسىز ھالەتتە تۇرغىنىدا ئايىۋۋى كىرىپ چوڭ ئاق داسىقا تازىلاقسىز دورا شىشىلىرىنى شاراقلىتىپ ئېلىشقا باشلىدى.

— خالىقكا، كۆڭلىڭىز ئارامىدا ئەمەس، ئارام ئالامسىز؟ — دېدى ھامىل.

— ھەئە ... — دېدى خالىق خوشياقمايلا، — دورا تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئەۋەتكىنىڭ قايسى ئوكۇل سۇيۇقلۇقى؟

— يېقىندا سىناپ ئىشلەنگەن قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى.

— ۋۇي، ئىشلەپ بوپسەندە. كارامەت ئىشقۇ بۇ، توغرا، بىر-چاغدا تەتقىق قىلىۋاتقىنىڭ ئېسىمدە، سەنمۇ بوش كەلمەپسەن. يېزىدىن قۇشقاچ كاللىسى ئەكىرگىنىڭنى كۆرۈپ قانداق بولار، دەپ ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغانتىم.

— شىپاخانىمىز ئۈچۈن ئاز - تولا تەر تۆكمىسەم بولامدۇ ...

ھامىلنىڭ كۆزى بىردىنلا ئايىۋۋىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ داسلارغا شىشە ئېلىۋاتقان ئايىۋۋى ئاتايىتەن ئارقىسىغا قايرىلىپ ھامىلغا مەسخىرىلىك نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى ...

خالىق ئۇزاپ چىقتى. ئايىۋۋىمۇ داسنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىقتى، ئۇ داسنى يەرگە قويۇپ يەنجاڭنىڭ ئالدىدا توغرا تۇردى.

— يەنجاڭ، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. ئەدھەم تەستىقلىغىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سىزگىمۇ بىردىنى يازغان، — ئايىۋۋى پوپايكىسىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ ئىلتىماسنى تاپالمىدى، — بىر مىنۇت تەخىر قىلىسىڭىز، ئىشخانىدىكى چاپىنىمدا قالغان ئوخشايدۇ.

ئايىۋۋى ئىشخانىغا يېنىپ كىرگەندە، چۆچۈپ كەتكەن ھامىل ئەدھەمنىڭ ئۈستەل تارتمىسىدىن ئالغان كۆك تاشلىق خاتىرىنى ئىتتىك ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالدى. ئۇ ئايىۋۋىنىڭ چاپىنىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. ھامىل ئايىۋۋى چىقىپ كەتكەندىن كېيىمۇ تىترەپ تۇرغان كالپۇكلىرىنى يالىدى. ئۇ ئۆزىگە مىختەك قادالغان مەسخىرىلىك كۆزلەر يەنىلا يۈرىكىگە سانجىلىپ تۇرغاندەك بىئارامىلىق

ھېس قىلدى. كۆز دىل پىنھاندىكى سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ خەنجەردەك قادىلىپ تۇرۇپ، ئېغىزغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ نازۇك مەقسەتلەرنى ئۇقتۇرۇپ، رەقىبلىرىدىن شەپقەتسىز قىساس ئالسا، دوستلىرىغا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا شائىرلارنىڭ «گەپ قىلىشنى بىلىدىغان كۆزلەر ...» دەپ تەسۋىرلىگىنى بىكار ئەمەس-تە. ئايبۇۋىنىڭ بۇ قارىشىمۇ: «ۋاي قاپاقباش، بىروۋنىڭ گۈل دەستىسىدىن غۇنچە، ئۈزۈش نومۇس! باشقىلار مېڭىپ چاڭ كۆتۈرۈۋەتكەن يوللاردىن مېڭىش ئەپلىك ئەمەس» دېگەندەك، مانا ئاپ-ئاشكارىلا چىقىپ تۇرمامدۇ. توغرا، مەن قاپاقباش، دەپ پىچىرلىدى ھامىل خىيالىنىڭ خەۋپكە سۆرەۋاتقان كەلكۈنىگە بارغانسېرى شۇڭغۇپ. ھېلىقى چاغدا ئەدھەم «دورىگەرلىك بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى ئەكىرىپ بېرىپ قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى ئىشلەيمىز دېگەندە نېمە ئۈچۈن «قۇشقاچ مېڭىسىدە؟ ...» دەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە چۆچۈپ كەتكەن بولغىيتتىم؟! ... شۇ چاغدا مۇشۇ ئالۋاستى ئىشخانىدا بار ئىدى! ھەتتا «قۇشقاچ دېگەن گۆش تېپىلغا كىرىدۇ، بىز بۇ چاققىچە گۆش تېپىلىق ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىدىن ئوكۇل ئىشلەپ كۆرمىگەن تۇرساق، قانداق بولار ...» دېگىنىمچۇ تېخى. ھەي ئېپست ... ھەي ئېپست. بۇ خوتۇن ئۆزى جاپ-جاپ بولغىنى بىلەن خاتىرىسى ياخشى. ئۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە سەتىراچنىڭ ئەينىكىدەك مانا مەن دەپلا تۇرغاندۇ! ... بولمىسا كۆزلىرىنى نەشتەردەك تىكەمدۇ، ماڭا؟! ...

ھامىل قانداق قىلىش توغرىلىق خېلى ئويلىدى. ئايبۇۋىنىڭ ناھەيىلىك مىللىي ئامبولاتورىيەگە يۆتكىلىش توغرىلىق ئەدەھەمگە، يەنجاڭغا تۇتقان ئىلتىماسى ئېسىگە كېلىش بىلەن ئۇنىڭ پۇلتىيىپ تۇرغان بېلىق كۆزلىرىدە ئۇممىد ئۇچقۇنى يالتىرىدى.

ھامىل تارتمىغا قولۇپ سېلىپ چايغانىغا ياندىش سېلىنغان سۇخانىغا كىردى. ئۇ ئاپئاق پار ئىچىدە سېمونت كۆلچەكتە دورا قۇتىلىرىنى قايناقسۇغا سېلىپ تازىلاۋاتقان ئايبۇۋىگە بىردەم قاراپ تۇردى-دە، رەسمىي غەيرىي يوسۇندا يۆتىلىپ قويدى. ئايبۇۋى بەلكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغىنىنى سەزگەن بولسا كېرەك، قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشى بىلەن بەنت ئىدى.

— ئايبۇۋى، ياردەملىشەيمۇ؟ سىزنىڭمۇ-زە، جۇدۇنىڭىز بەك قاتتىق جۇمۇ ... ئەمدى بۇ ئىشنى قىلمىسىڭىز بولاتتى. سىزگە مۇناسىپ ئەمەس ...

ئايبۇۋى چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. ئۇ گويا يېنىدا ھېچكىم يوقتەك، شىشىلەرنى يۇيۇپ داسقا پەرۋاسىز تاشلايتتى. قۇلىقىغا كىرىۋاتقان ئاۋاز بولسا پاشىنىڭ غىڭىلدىشىمۇ ياكى چىۋىنىنىڭ گىژىلدىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرقسىز ئىدى.

ھامىل دادىللىق بىلەن كۆلچەككە قول تىقىپ بىر شىشىنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئايبۇۋى ئۇنىڭ قولىدىن شارتلا قىلىپ تارتىۋالدى-دە، ھامىلنىڭ تۇتقان يېرىنى دەسمال بىلەن قايتا سۈرتۈۋەتتى ...

— مەن ھېچ كىمنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىغا موھتاج ئەمەس، — دېدى ئايبۇۋى ھامىلغا

قاراپمۇ قويماي، — مېھرى - شەپقەتلىرىڭىزنى خوتۇنىڭىزغا ياغدۇرۇۋېلىڭ.

ئايبۇۋى داسنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىغا، ھامىل يۈگۈرۈپ كېلىپ داسنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتماقچى بولدى. لېكىن كۆتۈۋالمىسگەندە ئۇنىڭ قولى سىلكىنىپ تاشلاندى. شۇنداقتىمۇ ھامىل ئايبۇۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى. ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئايبۇۋى سائىتىگە قارىدى - دە، داسنىڭ ئۈستىگە بۇستا سارغايغان داكا تورىنى ياپتى.

— ئايبۇۋى، مەن سىزگە ياخشى نىيىتىم بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى ھامىل ئىشىكنى توسۇپ، — ئاڭلىسام يۆتكىلىش ئىلتىماسى يېزىپسىز. بۇرۇنقى ئىشلارنى كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىز. ئىككىمىز بىرلىكتە ئىشلەپ قالايلى. ئۇ چاغدىكى ئىشتا باشلىق قارار قىلغاندىن كېيىن مېنىڭ نېمە ئامالىم بار!؟

— ئىشىكنى توسماڭ، — دېدى ئايبۇۋى جىددىي قىياپەتتە، — كېتىمەن دېدىم، كېتىمەن. ئىلتىماسىمغا ئەگەر تەستىق سالمايدىكەن، ئىش تاشلايمەن، ئاڭلاۋاتامسىز؟ سىلەردەك ئادەملەر بىلەن ئىشلىگىچە توخۇ فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى بولىمەن!

ئايبۇۋى چىقىپ كەتتى. ھامىلنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق سىرتىغا تەپتى. چۈنكى ئۇنىڭ مانېۋىرى غەلىبىلىك ئاياغلاشقانىدى. شۇنداق، ئايبۇۋىنىڭ يۆتكىلىشى ئاغزىدىكى گەپ ئەمەسكەن ... مانا ئەمدى يۈەنجاڭ بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن كۆۋرۈك سېلىنىدى. خوش، ئايبۇۋى ئاقىۋەتنى ئۆزىدىن كۆرسۇن! — ئۇنىڭ: «سىلەردەك ئادەملەر ...» دېگىنىنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە، خالىق يۈەنجاڭمۇ بار ... ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەشتىن كۆرە توخۇ فېرمىسىنىڭ ئىشچىسى بولۇشنى ئارزۇ قىلىش بىر رەھبەر ئۈچۈن ئاھانەت ... ئاھانەت بولغاندىمۇ دەھشەت ئاھانەت! ... ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئىشقا باسمايدىغانلىقى، ئىنتىزامسىزلىقى، تەشكىلنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقى چىقىپلا تۇرمامدۇ؟! ...

ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھامىل ئىشخانا ئىشىكىنى گۈپپىلا قىلىپ ياپتى - دە، ئىككى پەلەمپەينى بىر ئاتلاپ خالىق يۈەنجاڭنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى ...

6

ئايبۇۋى يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئورۇنداپ بولدى. ئۇ بۈگۈن ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن سەھەردىلا ئىشخانىسىغا كەلگەنىدى. ئۇ ئاچقۇچنى سېلىپ ئىشىكنى ئاچتى - يۇ، ئىشخانا ئىچىدە ھامىلنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ھامىل ئەدھەمنىڭ ئۈستەللى يېنىدىن ئالمان - تالمان قوپۇپ ئۆز ئۈستىلىگە ئۆتتى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى سىرلىق، چىرايى ئۆمسىلە ئىدى. ھاڭ - تاڭ قالغان ئايبۇۋىنىڭ «تېخى ھېچكىم ئىشقا چۈشمىگەندە بۇ ئىشخانىدا نېمىش قىلىدىغاندۇ؟» دېگەن ئويى كۆڭلىدىن كەچتى - دە، ئەدھەمنىڭ ئۈستىلىگە قارىدى. ئۈستەلنىڭ دېرىزە تەرەپتىكى بۇرجىكىدە ئادەتتە رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدىغان ماتېرىياللار قالايمىقان چېچىلغان بولۇپ، ئارىلىقىدىن كۆك تاشلىق خاتىرىنىڭ كىچىككىنە بىر بۇرجىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ...

— ئەتىگەندىلا كېلىپ قاپسىز؟ — دېدى ھامىل نېمىدۇر بوغۇزىدا كەپلىشىپ قالغاندەك ئوڭايسىزلىنىپ.



— بۇ سوئالنى ئۆزىڭىزگە قويسىڭىز جايىغا چۈشكەن بولامدىكىن. تېخى ئىشقا چۈشۈشكە يەنە بىر سائەت بار، — دېدى ئايبۈۋى سائەتنى كۆرسىتىپ، — مەنغۇ بۇ شىپاخانىنىڭ ئادىمى بولمىغاندىكىن ھېچكىمگە كۆرۈنمەي نەرسە - كېرەكلىرىمنى ئالغىلى كەلدىم. لېكىن سىز بۇگۈن چۈشەكەپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟! ...

— قا ... قارالڭ ... چا ... چاقچىقىڭىزنى ...

كونىلار ئايالارنىڭ مىجەز - خۇلقىغا قاراپ «سۆيى يۇمشاق»، «سۆيى قاتتىق» دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ، «سۆيى يۇمشاق» ئايالار ياۋاش، كەمسۆز كېلىدۇ، بېشىغا ئالەمچە دەرد - ئەلەم كېلىپ قايغۇ تاشلىرى يەلكىسىنى باسسىمۇ ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، كىشىلەرگە ئۈن-تىن چىقارماي ئۆتۈپ كېتىدۇ... بىرەر ھەقامسايىسى ھەتتا ئۆزىگە پالاكەت ياغدۇرغان ئادىمى ئۆزرە ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىسا، ئەقەللىسى ئېغىز ئۇچىدا بولسىمۇ ھال سوراپ قويسا، كۆڭۈل - كۆكسىدىكى ھەسرەت، كىناكۈدرەتلىرىنى بىر يولىلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. لېكىن بۇنداق كىشىلەر باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىشتىن خالى بولالمايدۇ. «سۆيى قاتتىق» ئايالار بۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇپ، بېشىغا كۈن سالغان ئادىمى بىلەن قىلىچ تىغىدا تىك تۇرۇپ ئېلىشىدۇ. ئۆزىگە كېلىۋاتقان تۆھمەت، ئاھانەتلەرنى ئىچىگە يۇتماي قارشى تەرەپكە ياندۇرۇپ، پۇرسەت تاپسا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۆزىنى دونىتىدۇ. بۇنداق ئايالاردىن كىشىلەر تەپ تارتىدۇ، تەپ تارتىش تەبىئىي ھالدا ھۆرمەتكە يۈزلىنىدۇ. لېكىن بۇنداق ئايالار كۆپىنچە ھالاردا دۈشمەنلىك بولىدۇ...

ئايبۈۋى «سۆيى قاتتىق» ئايالار تىپىغا كىرەتتى. ئۇ تىببىي مەكتەپنىڭ تىبابەتچىلىك كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئۈچ دوستى بىلەن مىللىي شىپاخانىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئىچكى بۆلۈمدە ئىشلىدى، يەنە بىرسى ھۆپ «تابلىت» بۆلۈمدە قالدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئاتا - ئانىلىرى مىللىي شىپاخانىدا بولۇپ بىرسى پېنسىيىگە چىققان شۇجى، بىرسى پېشقەدەم تېۋىپ ياكى ئاددىي بۇغالتىر ئىدى. ئايبۈۋىلا جاپالىق بولغان ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىگە تەقسىم قىلىندى. ئايبۈۋى ئۆزىگە ئىشىنەتتى. تىبابەتچى-

لىك سىنىپىدا ئوقۇش پۈتتۈرگىچە ئۆگىنىش باشلىقى بولدى. پراكتىكا قىلغاندا تۆۋەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسمۇ ئۆتتى. ئۇ شىپاخانىغا كەلگەندىن كېيىن ياشلىق چەبدەسلىكى، كەسىپكە بولغان مۇھەببىتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن قىزغىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. خىزمەت، كەسىپىي ئۆگىنىش، يىغىلىشلار ھەققىدە تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى. ھامىلىنىڭ خىزمەتتىكى نۇقسانلىرى، كەسىپىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى يۈزىدىن - يۈزىگە دەپ باشقىلار ئالدىدا لەت قىلىپ قويدى، بۇ ئىشلار ھامىلدا گاھى يوشۇرۇن، گاھى ئاشكارە ھەسەت قوزغىدى. ئەدھەممۇ ئۆزى ئۈستۈرگەن ئادىمىنىڭ ئەستەرىسىز گەپلىرىگە ئىشىنىپ ئايبۇۋىگە قىرىچە - يېنىچە تېگىپ، دورا شىشىلىرىنى يۇيۇپ تازىلاشقا قويدى. بولۇپمۇ ئايبۇۋى ئەدھەمنىڭ: «بۇ نېمىدېگەن بىشەملىك، بىر دۆلەت خادىمى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى ئۇنتۇغانلىق» دېگەن سۆزىنى ئۆلسىمۇ ئۇنتۇلمايتتى ۋە كەچۈرەلمەيتتى. بۇ سۆز ئايبۇۋىنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ، ئەقىدىسىنى بىكار قىلىۋەتكەنىدى.

ئايبۇۋى بۇ ئىشلارنىڭ باشتىن - ئاخىر ھامىلىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنىڭ ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئەمما ئەدھەمگىمۇ نەپرىتى بار ئىدى. رەھبەر بولغانلىكى ئادەم چېقىمچى، خۇشامەتچى، سۇيىقەستچىلەرنىڭ گەپلىرىگە نېمىشقا ئاسانلا ئىشىنىدىغاندۇ؟! «نېمە ئۈچۈن بۇ ئادەم باشقىلار ئۈستىدە گەپ قىلغۇسى كېلىپ قالدى، بىرەر مۇددىئاسى بارمۇ - يوق؟» دەپ دوپپىسىنى ئالدىغا قويۇپ ئويلىنىپ باقمايدىغاندۇ؟ تېخى بۇنداق نىجاسەتلەرگە ئۇلار: «ياخشى ئىنكاسچى»، «ناتوغرا ئىشلارغا قارىتا كۆز قارىشى ئېنىق» دېگەن چىرايلىق تاجلارنى كىيگۈزۈپ قويىدۇ - دە، بىر بىگۇناھ بىچارە ئۈستىدىن ئاسانلا ھۆكۈم چىقىرىپ، تەقدىرىنى ھەل قىلىدۇ. ئايبۇۋىمۇ بىر چاغلاردا ئاندىق قىلىپ كەچ بولۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالاتتى. ئۇ «قاچانمۇ تاڭ ئاتار» دەپ تەقەززا بولاتتى ۋە تاڭ سەھەردىلا شىپاخانىغا قاراپ چاپاتتى ... بىر كۈنى كەچكىچىلىك خىمىيىلىك رېئاكسىيىلەر، ئوكۇللار ئۈستىدە ئانالىز قىلىش، تەجرىبىخانىلار ئارا يۈگۈرۈپ يۈرۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھارغىنلىق ئەمەس بەلكى كۆڭۈللۈك پائالىيەت ئىدى، كېيىنچۇ؟! «قاچانمۇ ۋاقىت توشار» دەپ پات - پاتلا سائىتىگە قارايدىغان بولدى. تەرى سۈرۈن شىپاخانا، مېھرى سوغۇق ئىشخانىدىن چاپسانراق يوقىلىش ئۈچۈن سائەت ستىرېلكىسىنى ئالدىغا سۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى... ئۇ ئىشتىن چۈشكەندە خۇددى قەپەستىن بوشىغان قۇشتەك شىپاخانىدىن چىقاتتى، ئەتىگەنلىكى بولسا پۈتۈن بەدىنى چويۇنغا ئايلىنىپ قالغاندەك شىپاخانىغا تەستە كېلەتتى...

ئايبۇۋىنىڭ بۈگۈن سەھەر كېلىشىمۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقماسلىق ئۈچۈن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا يونىغاندەك، ھامىلىنىڭ ئىشخانىدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ غەيرىي ھالىتى ئايبۇۋىنى بىر ياقتىن غەزەپلەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ چاقىقچە بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. چۈنكى ئۇ «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلى تەتقىقاتى مەسىلىسىدە ھامىلىنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاللىقاچان سېزىۋالغانىدى، شۇڭا ئۇ ھازىر ئەڭ ئاخىرقى قىساسىنى ئېلىپ بىر پۇخادىن چىقىۋېلىشقا پۇرسەتنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— چاقچاق؟! — دېدى ئايبۇۋى زەردە بىلەن، — مەن سىزگە چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق... سىز «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلى تەتقىق قىلىۋاتىسىز ... ھى ... ھى ... ئەگەر

خاتالاشمىسام تەتقىق قىلىۋاتقان قۇشقاچلىرىڭىزغا ئۈشخانىدىن دان ئۈزدەپ كەلدىڭمىزغۇ دەيمەن ... بۇ دان نەق مۇشۇ ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا بولسا كېرەك ... — ئايبۇۋى ئەدھەمنىڭ ئۈستىلىنى ئىما قىلدى، — لېكىن بۇ دانىنى، يۈەنجاڭ بىلەن قۇددۇس جۇۋرېن ئۈرۈشۈپ قالغان كۈنىلا سىز قولغا چۈشۈرۈپ بولغان ... بۇگۈن بەلكىم دان ساندۇقنى ئەكىلىپ قويغانسىز...قاراڭ، كۆك ساندۇقمۇ كۆرۈنۈپ قاپتۇ... — ئايبۇۋى ماتېرىياللار ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ قالغان كۆك تاشلىق خاتىرىنى تۇمشۇقىدا شەرەتلىدى، — چەكچەيمەڭ ... ھودۇقماڭ ... چىرايىڭىز بىر قىسملا بولۇپ كېتىۋاتىدىغۇ ... دوختۇر چاقىرايمۇ؟

ئايبۇۋى گويا يېنىدا ھېچكىم يوقتەك، كېچىدە ياغقان قارنىڭ نەمخۇش، سوغۇق ھاۋاسى بىلەن قاپلانغان بۇ ئۈشخانىدا ھېلىلا بولۇنغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتلەرنى ئېسىدىن چىقارغاندەك، چىرايىنىمۇ بۇزماي نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردى - دە، ئالدىرىماي - تەمتىرىمەي سالماق قەدەملەر بىلەن ئىشىك تۈۋىگە كەلدى ۋە بىر-بىر نەرسەم ئۇنتۇلۇپ قالدىمۇ دېگەندەك ئۈشخانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تەمكىنلىك بىلەن نەزەر تاشلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى ... ھامىل بولسا بوران غۇلاتقان توغراقتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ھامىل قانچىلىك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيدۇ. قىسقىسى ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، نېمە، ۋەجىدىن ئۈشخانىغا كېلىپ قالغانلىقى، تېخى بىر مىنۇت ئالدىدىلا نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى ... ئۇنىڭ ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە ھەممىلا نەرسە سۇۋارى كۆرۈنگەندەك قىلاتتى ...

«ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزۈندىن بېرى مېنىڭ ئىزىمغا چۈشۈپ - تىكەن - دە، — پىچىرلىدى ھامىل، — چىشى بەندىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن... بولۇپمۇ بۇ خوتۇن ئەقىللىق ھەم رەھىمسىز...»

ھامىل قوروپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى يالىدى. شىلىملىشىپ كەتكەن ئاغزىنى تامشىپ تۈكرۈكىنى يۇتماقچى بولدى، لېكىن گېلىدىمۇ نەم دىدارى يوق ئىدى. «ئەقىللىق ھەم رەھىمسىز...» بۇنى كىم دېگەن؟! توغرا، زەينۇرە دېگەنىدى. لېكىن زەينۇرەگە قارىغاندا ئايبۇۋى ئەقىللىق ھەم رەھىمسىز ئىكەن ... ئۇنىڭ دىماغ قېقىشىمۇ قورقۇنچلۇق...

ئايبۇۋىنىڭ ھى ھى دەپ بىر دىماغ قېقىشى ھامىلغا مۇشتەك ئۇرۇلدى. بۇ كىچىككىنە مۇشتۇم ھامىلنىڭ مۇشەققەت بىلەن سېلىۋاتقان ئىمارىتىنى بىر ئۇرۇپ كۆكۈم - تالقىنىنى چىقاردى. ھەي، ھېلىقى كۈنى يۈەنجاڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى ياماللىمىسا بوپتىكەن ... ئۇ يۆتكەلمەي مەشەدە ئىشلەۋەرگەن بولسا ھامىل قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ ھەتتا ئايبۇۋىنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىنىپ بولسىمۇ ئۇنىڭدا يېڭى تەسىرات ئويغاتقان بولاتتى ... بۇنداقلار بىلەن تىركىشىپ نەپ ئالغىلى بولمايدۇ. مانا ئەمدى ناھىيىگە كەتسە ... تۈگىدى ... تۈگىدى ... ھەممىسى تۈگىدى.

ھامىلنىڭ خىياللىرى قاينامغا چۈشكەن خازاندەك پىرقىراۋەرگەنمۇ بولاتتى، ئەمما ئەدھەمنىڭ كىرىپ كېلىشى ھامىلنى ئېسەنكىرىتىپ قويدى. ئۇ قانچە چاندۇرماي دېگەن بولسىمۇ ھەرىكىتى بىسەرەمجان، چىرايى تاتارغان ھالدا قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي ھودۇقۇپ قالدى.

— ھامىل، خۇش خەۋەر، — دېدى ئەدھەم بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى خاپىلىقلىرىنى قىيان ئېقىتىپ كەتكەندەك خۇشال ھالدا، — قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلنىڭ ساپلىقى سەھىيە بۆسىنىڭ ئۆلچىمىگە يېتىپتۇ. دورا تەكشۈرۈش پونكىتىدىن تېلېفون كەلدى.

— ھە! ...

— نېمە بولدىڭىز؟ ياغاچتەك قېتىپلا تۇرۇۋسىزغۇ؟ دەرھال پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا مەلۇمات يوللايلى، مەندە بىر جەدۋەل باردەك قىلۋىدى.

ئەدھەم ئۇستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى ئاختۇرغاندا كۆك تاشلىق خاتىرە سىيرىلىپ چۈشتى، ئۇ ھەيران بولغانلىقىدىن تېڭىرقاپ قالدى - دە، قاچانلاردا خاتىرىنى بۇ يەرگە قويۇپ قويغانلىقىنى يادىغا ئالالمىدى. ئەدھەمنىڭ ھازىر بۇلارنى ئەسلىگۈدەك چولىسىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ خاتىرىنى تارتمىغا سېلىپ جەدۋەلنى ھامىلغا سۇندى.

— قېنى، جەدۋەلنى توشتۇرۇڭ.

ھامىل دەماللىققا نېمە دېيىشىنى، قانداق قىلارىنى بىلمەي قەلەمنى قولىغا ئالدى، ئۇنىڭ كۆزى «لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى»، «ياردەملەشكۈچى» دېگەن كاتەكچىلەرگە بىر ھازا قادىلىپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز ھامىل، تاۋىڭىز يوقمۇ نېمە؟

— ھەئە ... بىرئاز ... بېشىم ئاغرىپ ...

ئەدھەم ئوكۇل ئىشلەشكە كېتىدىغان پۇل سانى، ئىشلىتىش ئورنى، دەسلەپتە ئىشلە - مەكچى بولغان مىقدار قاتارلىقلارنى ھامىلغا ئېيتىپ بېرىپ دورا زاۋۇتىغا چىقىپ كەتتى. ھامىل جەدۋەلگە قارىغىنىچە قىمىر قىلماي ئۇزۇن ئولتۇردى. ئۇنىڭ كاللىسى ھېچنېمىگە ئىشلىمەيتتى. «لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دېگەن كاتەكچىگە ئۆز ئىسمىنى يازماقچىمۇ بولدى، لېكىن جەدۋەلنىڭ ھەربىر كاتەكچىسىدە ئايىۋۋىنىڭ كۆزى پارقىراپ «چاۋاڭنى چىتقا يايمەن» دېگەندەك مەسخىرىلىك قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەدھەمنى يازاي دېسە قولى بارمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن خالىق شىپاخانىنىڭ تامغىسىنى باسقاندا «ۋۇي قىزىق ئىش، لايىھەنى دەسلەپتە سەن تاپقان ئەمەسمىدىڭ» دېسە نېمە دېگۈلۈك؟! بوپتۇ، ئەدھەمنى يېزىش كېرەك، خالىقنىڭ ئالدىدا بىر يولىلا چاپان سالمامدۇ ...

ھامىل تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن «لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دېگەن كاتەكچىگە «ئەدھەم مەسۇم» دەپ يازدى، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «ياردەملەشكۈچى» دېگەن كاتەكچىگە يېزىپ قويدى.

ھامىل قېقىپ قويغان قوزۇقتەك يەنىلا جەدۋەلگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى «لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دېگەن كاتەكچىگە مىخلىنىپ قالغانىدى. ئۇ قارىغانسېرى ئىچى ئېچىشاتتى. ئىنتايىن جاپادا قۇرۇپ چىققان شانۇ شۆھرەت بىناسىنى بىرلا ئۇرۇپ كۆككە سورۇۋەتكەن ئايىۋۋىنى ئىچىدە مىڭنى قاغايتتى، ھەتتائۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمەكتە ئىدى.

ئاھ خۇدا، ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدا مىجىلىپ ئۆلسەڭ ئىدىڭ، كاشكى ...

تېلېفوننىڭ قاتتىق جىرىڭلىشى ئۇنى سەگىتتى، ھامىل ئېرىنگەن ھالدا تروپكىنى ئېلىپ، دىققىدە سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ھە ... ھە ... سىز ... سىزما ... ھە ... مەن ... ئاڭلاپسىز - دە، ھازىر شۇ تۇغرىلىق بېشىم قېتىپ ئولتۇراتتى ... — ھامىل تۇيۇقسىزلا چۆچۈپ ھۆرمەت قاراۋۇلدەك تىك تۇردى، — بولىدۇ ... بولىدۇ ... ھازىر ... ھازىرلا ...

ھامىل جەدۋەلنى ئېلىپ يەن - تېخىنىكا كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە زەينۇرە قارا بولۇتتەك تۇتۇلۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئېرىنىڭ سۇنغان جەدۋەلنى قولىغا ئېلىپ بىرلا قاراپ ئۈستەلگە «پاق» لا قىلىپ ئۇردى:

— دېتى يوق ئىشەك ... كۆزىنى قاغا - قۇزغۇنلار ئويۇۋالسىمۇ مىدىرلاپ قويمايدىغان كونا تاپ. يۈرۈك، بۇ يەر سۆزلىشىشكە بىئەپ، ئۆيگە بارايلى.

ھامىل يولدا كەلگىچە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، چاقچاق قىلىش ئەمەس، ئۈنسىنىمۇ چىقىرالمىدى. زەينۇرە ئۆيگە كىرىش بىلەن سومكىسىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلاپ، پەلتۇسىنى ساپاغا پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى.

— نېمە ئۈچۈن «لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دېگەن كاتەكچىگە ئۆز ئىسمىڭىزنى يازمىدىڭىز؟ — دېدى زەينۇرە ھامىلغا دۈۋەيلەپ، — پو ئېتىڭ دېسە ئالتە ئىشەككە يۈك ... بۇ قاپاق كاللىنى خۇدايىم نېمىگە بەرگەن؟ ... ياكى سۆلەت ئۈچۈن قاداپ قويغانمۇ؟

— قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭا، — دېدى ھامىل ئورۇندۇقنى زەينۇرەنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ، — ئالدىرىماي مەسلىھەت قىلمايمىزمۇ.

— سىزدەك قاپاقباشنىڭ تېتى - مېتى گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن نېمە پايدا؟!...

ھامىل سۆزىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئۇزۇن جىمىپ كەتتى. ئۇ راست گەپنى قىلىپ ئەندىشە ۋە سەۋەنلىكلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ «كەنجىتاي» دېگەن مەدەت تىلىمەكچى بولدى. شۇڭا ھامىل ئەدھەمنىڭ لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئىشخانىدا ئايبۇۋىنىڭ بارلىقى، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن ئىككى ئېغىز سۆزى، بۈگۈن سەھەردە بولۇنغان تاشتىن قاتتىق، ئەمەندىن سېسىق سۆزلەر ۋە ئايبۇۋىنىڭ ئادەمنى تەتۈر قىينايدىغان جاھىللىقىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى. ھامىل ئۆزىنىڭ «دەردى» نى ئېيتىۋاتقاندا زەينۇرە كۆڭلىدە يېڭىدىن يېڭى پىلانلارنى قۇرماقتا ئىدى.

— «بېشى يوغان ئادەمنىڭ بىر مىسقال ئەقلى ئارتۇق بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى زەينۇرە زاڭلىق ئارىلاش ئاھاڭدا، — سىزنىڭ بېشىڭىزنى يوغان كۆرسىتىپ تۇرغىنى پاخپىيىپ تۇرغان چېچىڭىز ئىكەن - دە....

— ئادەمگە نېمانچە زەردە قىلىسىز ... مېنىڭمۇ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ كەتتى.

— ئاشۇ خوتۇننىڭ گەپلىرىدىن قورقۇپ چالمىڭىز سۇغا چىلىشىپتۇ - دە، — دېدى زەينۇرە زەھىرى بىلەن، — ئەدھەم خاتىرىڭىزنى ئېلىپ كېتىپ ئاندىن لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويسۇن، خاتىرىڭىزدىن ھەغدادىغا يەتكۈزەلمىگەن تۆھپىسىنى سىز 5:0 پىرسەنتلىك تۆز كىسلاتاسىدا سۇزۇلىدىغانلىقىنى تېپىپ تولۇقلاپ بېرىڭ ... تېخى ئېرىتمىنى ئۆزىڭىز تەييارلاڭ، ئامپۇللارغا ئۆزىڭىز قاچىلاڭ ... مېنىڭ سۆزۈمنىڭ تېگىگە چۈشىنىۋاتامسىز - يوق؟!

ھامىلنىڭ كۆز ئالدىدا گۈگۈملۇق ئىچىدىن چىرايلىق بىر مەنزىرە نامايان بولماقتا

www.uyghurkitap.com

ئىدى. زەينۇرەنىڭ ئېيتقانلىرى يېمىرىلمەس پاكىت - تە. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەسلەپ يۈەنجاڭمۇ خەۋەر تاپقان. ھۈسەيىن ئاكىمۇ بۇنىڭغا ئىسپات.

— سىزگە پاكىت تولۇپ يېتىپتۇ، — دېدى زەينۇرە ھامىلنىڭ كۆزىگە قاراپ، — ئۆزىڭىزنىڭ تۇنجى كەشپىياتىنى ھېلىقى كىم دېدىڭىز؟...

— ھۈسەيىن ئاكا.

— ھە مانا شۇ ئادەمدە ئىسپاتلىغان تۇرسىڭىز، ئايىۋۋى دېگەن خوتۇندىن ئەنسىرەپ نېمە قىلىسىز؟ ئامبولاتورىيىنىڭ باشلىقىنى ئوبدان تونۇيمەن. ئالۋاستىنىڭ جۆيلۈشىنى مەن بىر كۆرەي.

ھامىل ھېجايدى... ئۇ «كەنجىتاي» غا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى، بۇنداق قايىل بولۇشلار ئۇنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ بولغان، لېكىن بۈگۈنكىسى ھەممە «قايىل بولۇش» لارنىڭ گۆھىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ھامىل ھېلىقى ئۇنتۇتقاقلىق كېسەللىكگە گىرىپتار بولغان ھۈسەيىن ئاكىنى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالدىكىنە؟! ئۇ بىر ئوبدانلا پاكىت ئەمەسمۇ... يەنە كېلىپ ئىشەنچلىك پاكىت - تە!...

ئەدەم بىر كۈنى ئۆزى ئىجرىتكەن ئىجرىتمىنى ھامىلغا تاپشۇرۇپ ئۇنى كۆپەيتىپ ئىجرىتىشنى، ئىجرىتىپ بولغاندىن كېيىن 0.5 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىدا سۇزۇلدۇرۇپ، ئامپۇللارغا قاچىلاپ، دورا تەكشۈرۈش پونكىتىغا ئەۋەتىشنى بۇيرۇغانىدى. ھامىل ئىجرىتمىنى ئامپۇللارغا قاچىلاپ تۇرغىنىدا تەجرىبىخانىغا ھۈسەيىن ئاكا كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم بىر ئۆمۈر ھېسابات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ مېڭىسى ئاغرىيدىغان، مىجەزى ئۆمسە، ئۇنتۇتقاق بولۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ كېچىلىرى ئۇيقۇسىزلىقتىن ئازابلىنىپ، تاڭنى تەستە ئاتقۇزاتتى، ئۇنىڭ ئىچمىگەن، يېمىگەن دورىسى قالمىدى. شۇڭا پات - پاتلا ئەدەمگە ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى سۆزلەپ مەسلىھەت ئالاتتى.

ھۈسەيىن ھامىلنىڭ سۈيۈقلۇق قاچىلانغان ئامپۇللارنى ئۆتكۈر قىزىتقۇچ ئەسۋاب بىلەن قىزىتىپ ئاغزىنى ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ نېمە ئوكۇل ئىكەنلىكىنى سورىدى، ھامىل ئۇنىڭ قۇشقاچ مېڭىسىدە ياسالغان ئوكۇل ئىكەنلىكى، بۇنى ئۆزىنىڭ تېپىپ چىققانلىقى، بۇ ئوكۇلنىڭ نېرۋا ئاجىزلىقىدىن پەيدا بولغان ھەر قانداق كېسەللەرگە شىپا بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ ھۈسەيىن ئاكا ھامىلدىن شۇ ئوكۇلدىن بىرنى سېلىپ قويۇشنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ھامىل «دورا تەكشۈرۈش پونكىتى» ساپلىق دەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ رۇخسەت قىلمىغۇچە كىشىلەرگە سالسا جىنايەت بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. لېكىن ھۈسەيىن ئاكا بەكمۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا تەڭلىكتە قالغان ھامىل ئۇنىڭغا بىر كىمگە تىنماسلىق ھەققىدە ۋەدە ئېلىپ بىرنى سېلىپ قويدى. ھۈسەيىن ئاكا ئەتىسى ئەتىگىنىدە ئاغزى - قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا تەجرىبىخانىغا كىرىپ كەلدى - دە، ھامىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلامسىرىغان ھالدا: «رەھمەت ئىنىم... مەن كېچىدىن بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك ئۇخلىدىم، بۇنى ئىجاد قىلغان بېشىڭىز كۆككە يەتسۇن، ئىشلىگەن ئالقانلىرىڭىزدىن قىزىلگۈل ئۈنسۇن» دەپ ماختىغانىدى...

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى زەينۇرە مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ...

— ھە؟! — چۆچۈپ كەتتى ھامىل ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، — ئەمدى ... ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟...

— شان - شەرەپ، مۇكاپاتلارنى ئەدەھەمگە ئۆتۈنۈپ بېرىمەن.

— مەن ... مېنىڭ دەۋاتقىنىم جەدۋەلنى قانداق قىلىمەن؟ بۇنداق جەدۋەل بولمىسا...

— يۈرۈڭ، مېنىڭ ئىشخانامدا بار. ئۇنى تولدۇرۇپ بولۇپ يېزەنجاڭنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىڭ. تامغىنى ئۆز قولى بىلەن باسسۇن، ھە راست، «قوشقاچ مېڭىسى» تەتقىقاتى يېزىلغان خاتىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماي ئالغاچ كېلىڭ.

ھامىل ئالدىراپ چاپىنىنى كىيدى، زەينۇرە بولسا يېپىنى گاھى قويۇپ بېرىپ، گاھى يىغىۋېلىپ لەگلەكنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈۋاتقان بالىدەك ئۇنىڭغا قاراپ ھەجەيىپ تۇراتتى...

7

يېڭىدىن كەشىپ قىلىنغان «قوشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلىغا «851» ئوكۇلى دەپ نام بېرىلدى ۋە مەملىكەت بويىچە شىپاخانىلاردا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا «851» ئوكۇلىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن بىمارلار شىپاخانىلارغا، دورا دۇكانلىرىغا بۇ ئوكۇلنى ئىزدەپ كېلىشكە باشلىدى. مىللىي شىپاخانا ھويلىسى، دەرۋازا ئالدىلىرىغا پىكاپ، بولگىۋاي ماشىنىلار تىزىلىپ كەتتى. ھەتتا يىراق - يېقىندىن كەلگەن يازغۇچى - شائىرلار، پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىر ئاماللاپ «851» ئوكۇلدىن كۆپرەك ئېلىۋېلىشنى كۆزلەيتتى. ئالغان كورۇپكىلىق ئوكۇللارنى قاتمۇقات قەغەزلەرگە ئوراپ سومكىلىرىغا ئاۋايلاپ سېلىشاتتى.

بۇ كۈنلەردە ھامىل ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن رەھبىرىي كادىرلارنى ئۆزى باشلاپ بۆلۈملەرگە ئېلىپ كىرەتتى. ئۇلارغا ئوكۇلنىڭ ئىجاد قىلىش جەريانى، ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشلىرى ھەققىدە كەمتەرلىك بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. ھەتتىگىنەي، بۇنداق كۈنلەردە خالىق يەنجاڭ بولغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ئۆز كەتمىنىگىنى ئۆزۈڭ چاپقاندىن كۆرە، باشقىلار سېنىڭ كەتمىنىڭنى چاپسا تەسىرچانلىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان بولماتتى!... ئەپسۇس ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى باھالاش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. لېكىن ماۋۇ رەھبەرلەر ئالدىدا مېنىڭ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغىنىمدىن ئۇنىڭ تونۇشتۇرغىنى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك بولاتتى - دە.

بۇ ئىشلار ھامىلنى قانچە خۇشال قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە بىر يېرى تۈز قويغاندەك ئېچىشاتتى. كۆڭلى جايىدا بولمىغاچقا گەپ - سۆزى، ھەرىكىتى بىسەرەمجان ئىدى. ئۇ ئەدەھەم ئۈستەل مۇشتلاپ، ئىت - مۈشۈكتەك تالىشىدىغان ۋاقىتلارنىڭ قاش - كىرپىك ئارىلىقىدەكلا قالغىنىنى ئويلىغىنىدا پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باساتتى. شۇنداقتىمۇ ئەدەھەمنىڭ تۆھپىسىدىن كەچسە كېچىپ، كىشىلەر بىلەن دە تالاش قىلىپ سەتلەشمەيدىغانلىقىغا

ئىشىنەتتى. ئۇرۇش - جاڭجالسىز، قىزىرىپ - تاتىرىشماي بىر تەرەپ بولۇشتىن ھامىل ئەنسىرەيتتى. قاتتىق تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئىسپاتلىنىپ چىققان ھەقىقەت ئالتۇن قوزۇقتەك ئۇپۇرۇلمايدۇ ... داتلاشمايدۇ... قايرىلمايدۇ... لېكىن ئەدھەم ھازىر نېمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدىغاندۇ، ياكى ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمدىن خەۋەر تاپقان بولسا ماڭا قارشى يول مېڭىۋاتامدۇ - يە! ...

باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن چىرمىلىپ قالغان ھامىل ھېلىدىن ھېلىغا سائەتكە قاراپ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شىپاخانا دەۋازىسى ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئاخشام تاماق ۋاقتىدا زەينۇرەنىڭ: «مەن گېزىتخانىدىكى ئاكامغا ئېيتىپ قويدۇم. مۇخبىر ئەۋەتمەكچى، دوختۇرخانىدىن نېرى كەتمەڭ. ئىلاجى بار ئۆزىڭىز كۈتۈۋېلىڭ» دېگەن بۇيرۇقى ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە كۆمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇراتتى.

تاقەتسىزلەنگەن ھامىل خاتىرىسىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىشخانىغا كىردى، ئىشخانىدا ئەدھەم بېرىلىپ بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. ھودۇقۇپ، مەڭدەپ قالغان ھامىل ئىشخانا ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى.

— كېلىڭ ھامىل، مەن سىزنى چاقىرماقچى بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى ئەدھەم قەلەمنى قويۇپ، — گېزىتخانىدىن ھېلىلا تېلېفون كەلدى، ئۇ يەردىن بىر مۇخبىر ئەۋەتىپتۇ، ئۇ كىشى «851» ئوكۇلىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماقچى ئوخشايدۇ. مۇخبىرنى ئۆزىڭىز كۈتۈۋالسىڭىز قانداق؟

ھامىلنىڭ كاللىسىغا، بۇ ئەخمەقنىڭ ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوقمىكىنە، دېگەن بىر ئوي لەپپىدە سايە سېلىپ ئۆتتى.

— قانداق، ۋاقتىڭىز يوقمۇ - نېمە؟

— بۇ ... بۇ ... قا ... قانداق بولا ؟! ...

— ئوكۇلنى ئىشلەشتە كۆپ جاپا چەكتىڭىز. مەن دورا زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ سىزگە ھەمقان بولالمىدىم. بۇ ئوكۇل سىزگە بەش قولدەك ئايانغۇ؟!

— ما ... ماقۇل ... — ھامىلنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، تۇكرۇكىنى يۇتتى، گېلىدىن غورت قىلغان ئاۋاز چىقتى، تىزلىرى پۈكۈلدى. ئۇنىڭ كۆزى ئەدھەمنىڭ ئالدىدىكى «ئېرىك قوي① مېڭىسى ئوكۇلى تەتقىقاتى» دېگەن خەت يېزىلغان ماتېرىيالىغا چۈشۈپ، كۆڭلى سەل ئىمىن تاپتى.

«ھىم بۇنى نېمىشقا كۆرۈنمەيدىكىن، ماڭا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرەر پىلان قۇرۇۋاتامدىكىن» دەپ ئويلاپ يۈرسەم بۇ يېڭى تەتقىقات بىلەن ئاۋارە ئىكەن - دە...«851» ئوكۇلىنى قوشقاندا ۋە خىل ئوكۇل كەشىپ قىلدى، مانا بۇ ئۇنىڭچىسى... بۇ تۇرۇق ئۇزۇنتۇرا، ئۇندىمەس — ھارماسلىقتا تۆگە، تېنىم تاپماسلىقتا چۈل شامىلى، ئېتىقادىغا نىسبەتەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان دەرۋىش ئىكەن ...

— ئەدھەم، بارمۇسىز؟

ھامىل چۆچۈپ كەتتى.

---

① ئېرىك قوي - پىچىۋېتىلگەن قوچقار.

ئىشخانىغا قۇددۇس جۈرئەت قىلىپ كىرىپ كەلدى، ھامىل خاتىرىسىنى ئېلىپ ئالمان - تالمان چىقىپ كەتتى.

— قۇددۇسكا، ئولتۇرۇڭ، قارىشىمچە ئاغزىڭىز گەپ يۇقى تۇرۇۋدىغۇ ... قېنى سۆزلەڭ.

— ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن تېلېفون كەلدى، — دېدى قۇددۇس تاماكىدىن سارغايغان تىرنىقىنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ، — تەمسىلان ئالغاندا، ناھىيىلىك مىللىي ئامبولاتورىيە خام دورا قاچىلانغان تاغارلىرىنى ئامبارغا بېسىۋەتكەنىكەن، ئۇلار بىخەستەلىك قىلىپ قارىماپتۇ، ئامبارنىڭ تېگىدىن ئۆتكەن نەم بىر قىسىم دورىلارنى كۆكەرتىپ قويۇپتۇ. بۇنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ - يوق، دورا زاۋۇتىدىن تەجرىبىلىك بىر كىشى كېلىپ تەكشۈرۈپ بەرسە، دەيدۇ. تېلېفوندا يەنە باشقا ناھىيىلەردىمۇ مۇشۇ ئەھۋال بارمۇ - يوق، تەكشۈرۈپ كەلسە دەيدۇ.

— شۇنداقمىكەن ؟ — ئەدھەم بىر پەس ئويلىنىپ قالدى، — ماقۇل، ئەتىگىچە بېرىپ باقاي ...

— ۋۇي قاراڭ، تەمسىلان ئالغاندا، بىر گەپ ئاڭلايمەنغۇ، ھامىل «‹851› ئوكۇلىنى مەن ئىجاد قىلدىم» دەپ ئۇچۇرىغانلا ئادەمگە ۋالاقلاپ يۈرگۈدەك. سىزنىڭ خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— خەۋىرىم بار، — دېدى ئەدھەم كۈلۈپ، — ياشلار ماختىنىشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇنىڭ ماختىنىشىغىمۇ يول قويمىساق لىللا بولماس قۇددۇسكا. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇ ئوكۇلىنى ئىشلەشتە خېلىلا ئەجىر سىڭدۈردى.

— تەمسىلان ئالغاندا، ئىشلار سىز دېگەندەك ئاددىي بولسىغۇ مەيلىدى، لېكىن ھامىل ئۇنچىۋالامۇ ساددا يىگىتلەردىن ئەمەس، ئاڭلىسام ئۇنىڭ خوتۇنى بىر بالا - قازامىش ...

— قۇددۇسكا، سىز - زە ... — دېدى ئەدھەم بېشىنى ئېغىتىپ، — بىرەر ئىشقا تولىمۇ ئەستايىدىل ھەتتا چېكىدىن ئاشۇرۇپ باھا بېرىسىز ...

— شۇنداق قارىمايمۇ بولمايدۇ، — دېدى قۇددۇس، — تەمسىلان ئالغاندا، شىپاخانىمىزدىكى بەزى كىشلەر، بۇ قېتىمقى ئوكۇلنى ھامىل كەشپ قىپتۇ، ئۇ خەنزۇچىدا 7 - 8 يىل، تىبابەتچىلىكتە 4 يىل ئوقۇغان بىلىمى ئەسقىتىپتۇ، دەپ يۈرۈشىسە.

قۇددۇسنىڭ يەنە بىرمۇنچە گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، لېكىن ئەدھەمنىڭ بىر نەرسە يېزىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ گېپىنى ئۈزۈپ چىقىپ كەتتى. ئەدھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە، بۇ ئادەم ئۆزى قوپال بولغىنى بىلەن ئاق كۆڭۈل، بۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەر كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىنىڭ سەممىيلىكىدىن زىيان تارتىپ قالىدۇ، دېگەن ئويىنى كۆڭلىدىن كۆچۈردى. قۇددۇس يېقىندا يۆتكىلىپ كېتىش توغرىلىق تەشكىلگە ئىلتىماس يازغانىدى، لېكىن شىپاخانا بويىچە ھەممىلا كىشى قارشى چىقتى، ئەدھەم كىچىك بولسىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭلى تەسكىن تاپقۇدەك گەپلەرنى قىلدى. بىرئاز يۇمشىغان قۇددۇس ئېچىنغان ھالدا: «ۋاي ... ئىنى، ھەر قايسىڭلارنى دېسەم ئىشلەپ كۆلدە كۆمەچ بولۇپ كەتسەممۇ ۋايىسمايمەن. لېكىن مۇشۇ خالقىنىڭ مەنمەنچىلىكى جېنىمغا پاتتى. ئالغان بىلىمى، يەكۈنلىگەن تەجرىبە - ساۋىقى، ئۇزۇن يىللىق رەھبەرلىك سالاھىيىتى بار تۇزۇك-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

كىنە بىر رەھبەرنىڭمۇ مۇشۇنداق خۇسۇسىيىتى قاتتىق بولامدۇ؟ ...» دېدى.

ئەدھەم يەنە يېرىم سائەتتەك ئىشلىدى ـ دە، ماتېرىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ دورا زاۋۇتىنىكى ھەربىر گۇرۇپپا باشلىقى ۋە تېخنىكا بۆلۈم باشلىقى ھامىلغا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شىپاخانىنىڭ تېخى تاللىرى ئارتىلمىغان باراڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ، دورا زاۋۇتىغا قايرىلىدىغان جايغا كەلگەندە ھامىل بىلەن بىرلىكتە چىقىپ كەلگەن مۇخبىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— سىز گېزىتخانىدىن كەلگەن مۇخبىر بولسىزغۇ دەيمەن، — ئەدھەم قولىنى سۇنـدى، — سىزگە ھەمراھ بولالمىدىم.

— پەرەز قىلىشىمچە سىز مىللىي شىپاخانا دورا زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ئەدھەمدەك قىلىسىز. مەن سىزنى بۇرۇن ئاڭلىغان، ئىقتىدارلىق كەشپىياتچى، شۇنداقمۇ؟!

— يا ... ياق، ئاشۇرۇۋەتتىڭىز ... يەنىلا ھامىلدەك ئىقتىدارلىق خادىملىرىمىزنىڭ بولۇشى بىلەن پەخىرلىنىمىز ...

— تولىمۇ كەمتەركەنسىز ... بۇ قېتىمقى «851» ئوكۇلنى ...

— شۇنداق، ئوكۇلنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردىم، — دېدى ھامىل مۇخبىرنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپ.

— مەن تېخى ئىگىلىگەن ماتېرىيالىمغا تامغا باستۇرۇۋالماقچى ئىدىم، — دېدى مۇخبىر كۈلۈپ، — ئەمدى سىز ئىسپات بولدىڭىز ـ دە ...

— بولىدۇ، ئەگەر يەنە خاتىرجەم بولالمىسىڭىز، ھامىل كاتىپقا دەپ تامغا باستۇرۇپ بەرسۇن.

ئەدھەم ئۆزىنىڭ ئەتە ئەتىگەندە ناھىيىلىك مىللىي شىپاخانىلارغا ماڭىدىغانلىقى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە دورا زاۋۇتىنىڭ ھۆپ، دورا كومۇلاچلاش، قىيامخانا قاتارلىق بۆلۈملىرىنىڭ سۈپەت ۋە سانىنى نۇقتىلىق تۇتۇشنى ھامىلغا تاپشۇرۇپ دورا زاۋۇتىغا قايرىلدى. باياتىن بېرى كۆڭلى دەككە ـ دۈككىدە بىئارام بولغان ھامىل يېنىككىنە تىن ئېلىپ، مۇخبىرنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ سائىتىگە قارىدى. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىشخانا ئالدىدىكى ۋېلسىپىتىنى ئېلىپ ئەمدىلا مىنىشى بىلەن ھۆسەيىن ئاكا يېتىپ كەلدى.

— ھامىلجان ئىنى، — دېدى ھۆسەيىن ھامىلنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — ھېلىقى ئوكۇلـىڭىزدىن ئىشكاپىڭىزدا بولسا بىرەر كورۇپكا ئىلتىپات قىلسىڭىز بوپتىكەن ... شىپاخانىدا تۈگەپ كېتىپتۇ.

— ھۆسەيىن ئاكا، سىزمۇـزە، ئادەمنى تازا تەڭلىكتە قويۇۋاتىسىز ... ئۆتكەندە بەش كورۇپكا ھەل قىلىپ بەردىمغۇ ...

— قاراڭ، مېڭەمنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشى دەمسىز، ئۇيقۇسىزلىق دەمسىز، ئىشقىلىپ بارلىق كېسەللىرىمنى بىركىم سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ ئېلىپ كەتكەندەكلا يەپ ـ يېنىك بولۇپ قالدىم، ھى ... ھى ... ھى، — ھۆسەيىن ئاكا خۇشامەت بىلەن كۈلدى، — ئىشكاپىڭىزنىڭ بىرەر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغا قاراپ بېقىڭا ئۇكا ... قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى مەنمۇ قايتۇرارمەن...

— بولىدۇ، — دېدى ھامىل سەل ئويلىنىپ، — ئەتە ئىشخانىغا كېلىڭ.

ھامىل ۋېلسىپىتنى مىنىپ ئۆيىگە ياندى، ئۇ بۈگۈن ئەدھەمنىڭ ناھىيىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ تېنىگە سىغماي قالغانىدى. ئۆزىگە ھەر تەرەپتىن يار - يۆلەكتە بولۇۋاتقان قىسمەتكە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايتتى. لېكىن ئەدھەمنىڭ ھامىلنىڭ كۆڭۈل پىنھانىدىكى سىرلىرىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك كۆزلىرىنىڭ مەنىلىك قىسىلىشى، غەلىتىلا كۈلۈمسىرەپ قويۇشلىرى ئۇنىڭ «ھەممە ئىشتىن» خەۋىرى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ھامىلغا ھەر تەرەپتىن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى، تېخى سەمىمىيلىك بىلەن باشقىلار ئالدىدا ماختىشى نېمە سەۋەبتىندۇر؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مۇغەمبەرلىك، ھېيىلىگەرلىك، مەسخىرىلىك ۋە ئاداۋەت ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئورنىدا يەنە نېمىشقا سەمىمىيلىك نۇرلىرى چاقنايدىغاندۇ؟ كىشلەرنىڭ «ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق، ھىممەتلىك، قەلبىدە كىر ساقلىمايدىغان ئادەمنىڭ كۆز نۇرى ئۇنىڭ دىلىغا ئوخشاش پاك بولىدۇ» دېگىنى ھەقىقەت ئوخشىمامدۇ؟!

ھامىلنىڭ دەسلەپكى خۇشاللىقى نېمە سەۋەبتىندۇر بارا - بارا سەلكىنىگە دۇچ كەلگەن توزاندەك توزۇپ، ئورنىنى كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بىر خىل ئېغىر سۈكۈت باستى... بۇ كۆڭۈلسىزلىك ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتقاندەك، ۋېلسىپىت پېدالىنى تېپىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرى سۇ چىغىرىقىدەك ئېغىر ئايلىنىشقا باشلىدى.

ھامىل ئاشۇنداق چېگىش ئوي - خىياللار بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندە زەينۇرە ئۈستەلگە ئۈچ تەخسە ھەر خىل قورۇلما، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھورنان ۋە ھېقىقەتەك پارقىراپ تۇرغان بىر جۈپ بوكال تىزىپ قويغانىدى. ئۇ ھامىلنىڭ خامۇش چىرايىغا يالتىدە بىر كۆز تاشلىۋالدى - دە، پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

— قانداق، باشلىقىڭىزنىڭ ناھىيىگە كېتىشىدىن كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇۋاتامدۇ - نېمە؟ — دېدى زەينۇرە قولىدىكى بىر بوتۇلكا پىۋىنىڭ ئاغزىنى ۋاقىدە ئېچىپ، — ئەكسىچە مەندىن مىننەتدار بولىشىڭىز بولىدۇ...

— سىز ... قانداقلارچە؟ ...

— ھا ... ھا .. ھا ...، — زەينۇرەنىڭ قولىدىكى بوكالدىن يامراپ چىققان ئاپئاق كۆپۈك بارماقلىرىغا ئېقىپ چۈشتى، — ۋاي سۆيۈملۈكۈم، مەن تېخى سىزنى مېنى تولۇق چۈشىنىدۇ دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم ...

ھامىلنىڭ «كەشپىياتى» نى ھەر خىل سىرلىق ئۇسۇللار بىلەن قانۇنلاشتۇرغان زەينۇرە گېزىتخانىدىكى ئاكىسىغا ئېيتىپ شىپاخانىغا مۇخبىر ئەۋەتتى، بۇمۇ پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغۇرغاندەك ئاسانغا چۈشتى. بۈگۈن ئەتىگەن ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن تۆيۈقسىز بىر ئۇقتۇرۇش كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا ئىجادىيەتلىرىنى باھالاش يىغىنىدا «851» ئوكۇلى ئىككىنچى دەرىجە بولۇپ باھالىنىپ، 300 يۈەن پۇل، ئىككى دەرىجە مائاش، بىر كۈمۈش مېدال مۇكاپات بېرىلگەنلىكى، شۇڭا لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى دەرھال ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە يېزىلغانىدى.

زەينۇرەنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بىر ھازا ئىسنى يوقىتىپ قويدى.

ئۇ بۇ ئۇقتۇرۇش مىللىي شىپاخانىغا يېتىپ بېرىش ئالدىدا ھامىلنىڭ ئىشىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئاساسقا ئىگە قىلىش چارىلىرىنى بىردەمدىلا ئويلاپ تاپتى. زەينۇرە گېزىتخانىدىكى ئاكىسىغا تېلېفون بېرىپ شىپاخانىغا بىر مۇخبىر ئەۋەتىپ يېڭى كەشپىياتنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشنى ئۆتۈندى. ئۇ بۇ ئىشنى بېجىرىپ بولۇپمۇ يەنە خاتىرجەم بولالمىدى. چۈنكى مىللىي شىپاخانىدىكى ئەدھەمنى ۋاقىتلىق كۆزدىن يوقىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. زەينۇرە ھەپتە بۇرۇن پەن - تېخنىكا كومىتېتىدا ئېچىلغان يىغىندا ناھىيىلىك مىللىي ئامبۇلاتورىيە باشلىقىنىڭ بىر قىسىم خام دورىلار ئامباردا نەم ئۆتۈپ، يۇمشاپ قالدى، دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ئىش يادىغا كېلىش بىلەن ئىنتايىن نازۇك بىر ئوي ئۇنىڭ كاللىسىدا قىل سۆرەتكەندەك ئىز قالدۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ ئىدارە باشلىقىغا: بۇ ئىشقا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقى، دۆلەتكە نۇرغۇن زىيان بولۇپ قالماي، بەلكى خەلقنىڭ زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ قېلىش خەۋپىنىڭ يىراق ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ، باشلىقنى چۆچۈتۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن باشلىق زەينۇرەنىڭ مەسلىھەتى بويىچە مىللىي شىپاخانىغا تېلېفون بەرگەنىدى. بۇ مۇرەككەپ، بېجىرمەك قىيىن ھەم نازۇك پائالىيەتلەر زەينۇرەنىڭ تېلېفون تۈۋىدىن سىلجىماي تۇرۇپ يېرىم كۈن ئىچىدە ئوينىغان ئويۇنلىرى ئىدى. 25 يېشىغىچە چاشقاننى تاخلاتمىغان زەينۇرە ئۈچۈن بۇ ئىشلار ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ھەم قىزىقارلىق، گويا جەڭ مەيدانىدىكى جەڭگىۋار ھاياتتەك تۇيۇلاتتى...

— كېلىڭ يىگىت، بۇ خۇش خەۋەرنى چۈشۈممىكىن دەۋاتامسىز؟ — دېدى زەينۇرە پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان بىر جۈپ چوكىنى ھامىلنىڭ ئالدىغا تاققىدە قويۇپ.

ھامىل ئاغزىغا سېلىۋالغان بىر پارچە گۆشنى ئۇ قوۋۇزىدىن بۇ قوۋۇزىغا ئايلاندۇرۇپ چاينايتتى. لېكىن چايناۋاتقىنى گۆشمۇ، بىر پارچە لاتىمۇ ياكى كونا مازمۇ تەمىنى ھېچ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆرمەس كۆزلىرى قورساقلىق بوكالنى چىڭ قامالاۋالغان زەينۇرەنىڭ قانسىز، نازۇك بارماقلىرىغا تىكىلدى. كىرىشىپ كەتكەنلىكتىن بارماق بېغىشلىرى ئاقىرىپ تۇرغان بۇ چاڭگالدىن گويا بوكال مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ ئىچىدە داۋالغۇپ تۇرغان پىۋىمۇ «تەقدىرگە تەن بەر» دېگەندەك بىلىنىپ كەتتى...

— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش سىزنىڭ ئۆز كەشپىياتىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن ئىنچىكىلىك بىلەن ئەقىل ئىشلىتىشىڭىزگە باغلىق، — دېدى زەينۇرە مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھامىلغا تىكىپ، — لېكىن بەردەممەرەك بولۇڭ، ھەرگىز يان بېرىدىش مۇمكىن ئەمەس، كۆكسىڭىزگە تاقىلىۋاتقان كۈمۈش مېدال، ئىككى دەرىجە مائاش، 300 يۈەن پۇل، چۈشىنىۋاتامسىز - يوق ...

— ئە ... ھەئە ... — ھامىل ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمايلا باش لىڭشىتتى.

— ھەراست، خاتىرىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم، ھەممىسى جايىدا ئىكەن، — زەينۇرە قول سومكىسىدىن خاتىرىنى ئېلىپ ھامىلنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، — كۆرۈپ بېقىڭ.

— بولدى، كۆرمىسەممۇ بولىدۇ، — ھامىل خاتىرىنى يانچۇقىغا سالماقچى بولدى،

لېكىن زەينۇرە جىددىي تەلەپپۇزدا بۇيرۇدى:

— مەن سىزنى كۆرۈپ بېقىش دەۋاتىمەن! ...

هامىل خاتىرىنى ۋاراقلىدى. ئۆزى بىر چاغلاردا يېزىپ قالدۇرغان «ئادارىقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبى، شىپالىق ئۇنۇمى» دېگەن تېما باشتا كۆزگە چېلىقتى، يەنە بىر نەچچە ۋاراق ئۆرۈلگەندىن كېيىن «سۆلەپ مىسىر①» دېگەن ماۋزۇ يېزىقلىق تۇراتتى، هامىل ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا ئۆتۈلگەن بۇ دەرسلەر ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كەيـنىدىن «بەھمەن سېبى② » ۋە «بەھمەن سۇرۇغ③»، «شاقاقۇل④» ۋە «گۈلى سۇسان⑤» لار چىقىشى كېرەك ئىدى، ئاجايىپ كۈتۈلمىگەن هادىسە — هامىلنىڭ كۆزلىرى چانـقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، سۆلەپ مىسىرنىڭ كەينىدە «قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى تەتقىقاتى» تۇراتتى! ... قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلدىكىنە ؟! ... هامىل ئالدىراپ ۋاراقلىدى. هېچ خاتاسى يوق، خاتىرە ۋاراقلىرى، بەتلەر يىرتىلىپ چاپلانغان ئەمەس ... لېكىن «قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى تەتقىقاتى» دېگەن ماۋزۇ «هەيران بولما، مېنىڭ ئورنۇم ئەزەلدىن مەشەدە» دېگەندەك بەت بېشىدا گىدىيىپ تۇراتتى ...

هامىل تەئەججۇپ بىلەن زەينۇرەگە قارىدى، لېكىن «كەنجىتاي» هېچنېمە بولمىغاندەك بىخارامان تاماق يەپ ئولتۇراتتى. ئەنە ئۇ ئالدىرىماي هور ناننى چىشلەپ ئۈزدى، ئارقىدىن قولىدىكى چوكىسىدا مايلىق گۆشنى قىستى ـ دە، ئەپچىللىك بىلەن كىچىككىنە ئاغزىغا سالدى. بوكالدىكى پىمۇدىن فۇرتتىدە بىر يۇتۇم ئىچتى ... ئۇنىڭ بۇ هەرىكىتى ئارقا ئارقىدىن داۋاملىشىۋەردى ...

8

خالىق يۈەنجاڭ ئۇرۇمچىدىن قايتىپ كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىدىن چاقىرتىلدى. ئۇنىڭ تېخى يول هاردۇقى چىقىپ كەتمىگەچكە شىپاـ خانىنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئولتۇرۇپ، مۆگدىگىنىچە شەهەرگە كىرىپ كەلدى. خالىقنى پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلدى. باشلىق خالىقنى ساپاغا تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۈستەل تارتمىسىدىن تولدۇرۇلغان بىر جەدۋەلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

— بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ.

خالىق جەدۋەلگە بىرلا قاراپ ئۇنىڭ «851» ئوكۇلى تەتقىقاتىنىڭ جەدۋەللەشكەن ئانكىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ «لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى» دېگەن كاتەكچىدىكى «هامىل كېرىم» دېگەن ئىسمىغا كۆز يۈگۈرتۈپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، جەدۋەلنى باشلىققا قايتۇرۇپ بەردى.

— جەدۋەل توغرا تولدۇرۇلۇپتىمۇ؟

— هېچ خاتاسى يوق ... مەن بۇ ئوكۇلنىڭ تۇنجى تەتقىقاتى باشلانغان ۋاقتىنى ئېنىق بىلىمەن.

①، ②، ③، ④، ⑤ دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەمسە بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ ...

خالىق «851» ئوكۇلنىڭ تەتقىقاتچىسى ئەدھەم مەسۇمنىڭ يەككە ماتېرىيـالى» دېگەن سەھىپىلەرگە كۆزى چۈشۈش بىلەن ساپاغا باشقىدىن جايلىشىپ ئولتۇردى، ئۇ ماتېرىيـالنى ئوقۇغانسېرى ھەيران بولماقتا ئىدى.

— بۇ زادى قانداق گەپ؟ — دېدى باشلىق خالىققا كـۈلـۈپ، — جەدۋەلدە ئوكۇلـنى لايىھەلىگۈچى ھامىل دېيىلگەن، لېكىن يەككە ماتېرىيالدا ئەدھەمنىڭ ئىسمى يېزىـلغان. بۇنىڭغا مېنىڭ ئەقلىم يەتمىدى.

— قىزىق ... بۇ كىمنىڭ ئويۇنى ...

— سىز جەدۋەل بىلەن يەككە ماتېرىيالنى ئېلىپ كېتىپ، باشقىدىن تولدۇرۇپ ئەۋەتىڭ. لېكىن ۋاقتىنى سوزۇۋشقا بولمايدۇ. ئاپـتونوم رايونلۇق پـەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن ماتېرىيالنى سۈيلەپ بۈگۈنمۇ تېلېفون كەلدى.

خىيالى قۇيۇنغا يولۇققان ساماندەك چېچىلىپ كەتكەن خالىق ناھايىتى خـاپا ھـالدا شىپاخانىغا قايتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە قايسىدۇر بىر چاغدا پەن - تېخنىكا مۇۋەپپـەقىيـەتلىرىنى باھالاش يىغىنىدا ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدىن قاتـنـاشتۇرۇلغان «يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى» ھەققىدىكى بىر ماقالە ئۈستىدە ئىكـكىنچى دەرىـجە بولامـدۇ، ئۈچىنچى دەرىجە بولامدۇ دەپ خېلى كۆپ تالاش-تارتىش قىلىنغانلىقى كەلدى، ئەگەر بۇ قېتىمقى توقۇناقنى تېز ھەل قىلمىغاندا شىپاخانىغا كەلـگەن شان - شەرەپ ئەلۋەتتە باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتەتتى.

خالىق شىپاخانىغا كەلدى - دە، كاتىپنى ئىزدەپ تاپتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى خالىق جەدۋەل بىلەن ماتېرىيالـنى پـاققىدە ئـۈستەلـگە تاشلاپ، — جەدۋەلدىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، ئۆزۈم تامغا بېسىپ بەرگەن، لـېكىن بۇ ماتېرىيال كىمنىڭ ئىشى؟

— قۇددۇسكام ماتېرىيالنى يېزىپ ئېلىپ كەپتىكەن، مەن تامغا ئۇرۇپ بەردىم.

— يەنە شۇ قۇددۇس، نەگىلا بارسا شۇنىڭ شالتىقى! شۇلا ئىشلىگەن ئىشتىن بىرەر خاتالىق چىقماي قالمايدۇ. ئۇ نېمىشقا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلـمايـلا قاپقارىـسىغا ئىش كۆرىدۇ؟

— بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس، ئۇمۇ ئىشخانا جۇرىنى - دە.

— جـۇرىـنى ؟! ھـېـلى سىز دەرھـال كـادىرلارغا، تېۋىپلارغا ئۇقتـۇرۇش قىلىڭ. چۈشتىن كېيىن مەجلىسخانىغا يىغىلىسۇن.

خالىق چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ھامىل ۋە ئەدھەم بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆھبەتـلەشتى، بۇ سۆھبەتتىن ئۇنىڭ قايمۇقۇپ تۇرغان بېشى تېخىمۇ گاراڭ بولۇپ كەتتى. ھـامىل: «بۇنى مەندىن سوراش ھاجەتسىز، باشتىلا ئۆزىڭىزنىڭ خەۋىرى بار. بۇنىڭغا ئۆزىـڭىز گۇۋاھ - دە» دېدى. ئەدھەم بولسا «توغرا، ھامىل خېلىلا جاپا چەكتى، مەن لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەزىبىر تېخنىكىلىق ئىشلىرىنى ئىشلىشىپ بەرگەندىن كېيىن دورا زاۋۇـتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتىم، لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلىمىغانىكەنمەن» دېدى.

خالىق چۈشلۈك دەم ئېلىشنى ئارانلا توشقۇزدى، ئۇ بۇ ئىش توپەيلىدىن قۇددۇسنى لەت قىلىپ بىرئاز بولسىمۇ ئۆزىگە ئېگىش ھوزۇرىدىن لەززەتلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ سىرلىق تۈگۈننىڭ تېخىمۇ چىگىشلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

مەجلىسخانا كادىرلار ۋە بىر قىسىم تېۋىپلار بىلەن تولدى. مەۋلان ھاجىم، مۇنىر-دىن ئاخۇنۇم، سەددىردىن قارى، ئاقمولللا خەلپىتىم، قاراجىملار ساپالارغا چۆككىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. خالىق يۈەنجاڭ قۇددۇسقا قارىماسلىققا قانچە تىرىشسىمۇ، يەنىلا كۆزلىرى ئۆچرىشىپ قالاتتى، ھامىل بولسا سەھىيە ژۇرنىلىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان ئەدھەمگە يەر ئاستىدىن يوشۇرۇن سەپ سالماقتا ئىدى.

— ئەممىسە يىغىننى باشلايلى، — دېدى يۈەنجاڭ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، خالىق ئۆزۈمە-چىدە ئېچىلغان پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىنىڭ قىسقىچە روھىنى ئىزاھلىغاندىن كېيىن، بۈگۈن ئەتىگەن ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىدا بولۇنغان سۆزلەرنى ۋە «851» ئوكۇلى ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى، ئۇ، بۇ ئوكۇلنىڭ شىپاخانىغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكى، مەملىكەت بويىچە ئاجايىپ ئىنكاسلارنىڭ مەيدانغا كەلگەن-لىكى، لېكىن بەزى كادىرلارنىڭ تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، قىسمەن ئاۋارىچىلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇ جەد-ۋەل ۋە ئەدھەمنىڭ ماتېرىيالىنى ئۈستەلگە پاقىدە تاشلاپ قويۇپ قۇددۇسقا مىختەك قادالدى:

— بۇ ئويىنشىدىغان گەپمۇ؟ سىز نېمە ئۈچۈن داۋاملىق خىزمەتكە مەسئۇلىيەتسىزلىك پوزىتسىيە تۇتىسىز؟ ... جەدۋەلدە ھامىلنىڭ ئىسمى، ماتېرىيال بولسا ئەدھەمنىڭ. بۇ ... قانداق تېتىقسىزلىق ...

— مەن بۇ ماتېرىيالنى ئاخشىمى چۈشەكەپ قويۇپ يازغىنىم يوق، — دېدى قۇددۇس قولىنى شىلتىپ، — تەمسىلان تېۋىپلار بىلەن باش قوشۇپ ئاندىن يېزىپ چىقتىم ... لېكىن ھەر-قانداق جەدۋەلنى كۆرگىنىم ...

— تۆھپىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ؟......

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن. بۇ ئەلۋەتتە ئەدھەمنىڭ - دە!

— سەككىز ئوكۇلنى ئىجات قىلغان يەردە بۇنىمۇ ئىجات قىلىشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىپسىز - دە.

— تەخمىن؟ ... — قۇددۇس ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەن 30 يىلدىن بېرى «تەخمىن» بىلەن خىزمەت ئىشلىمىدىم. ئەدھەم تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلىپ ئىش باشلى-غان ۋاقىتتىن تارتىپ بىلىمەن.

— كۆزىڭىزنىڭ ئەستەر پاختىسىنى چىقارماڭ، مەنمۇ ھامىلنىڭ تۇنجى بولۇپ بۇ ئوكۇل ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقانلىقىغا، يېزىلاردىن قوشقاچ بېشى ئەكىرىپ ئەمەلىي ئىشلىگەن-لىكىگە گۇۋاھ ...

— ھاي بۇرادەرلەر، — دېدى مەۋلان ھاجىم ئېغىر خورسىنىپ، — ئەگەر ئىككى رەھ-بەر ئۆزۈڭلارنىڭ پالۋانلىقىنى كۆرسىتىكە بىزنى چاقىرغان بولساڭلار، بىز بۇ ئويۇننى

كۆرمەياق قويايلى ... «يىڭنە يىپى بىلەن، ھەر ئىش ئىپى بىلەن» دېگەن سۆز بار. سوغۇق قان، كىچىك پېئىل، سەۋرى - تاقەتلىك بولايلى.

— شۇنداق، — دېدى كۆزلىرىدىن نارازىلىق ئۇچقۇنلىرى يېنىپ تۇرغان مۇنىرەدىن ئاخۇنۇم، — ھەربىر ئىشتا سەۋرلىك ۋە سالماق بولماق كېرەك، ئاۋۋال ھامىل ۋە ئەدھەم- جانلارنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆرەيلى ...

مەجلىسخانىنى جىمجىتلىق باستى. ھەممە كىشىنىڭ كۆزى ئەدھەم بىلەن ھامىلغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئەدھەم تەمكىنلىك بىلەن كۆلۈمسىرەپ ھامىلغا كۆز قىرىنى تاشلىغىنىدا ھامىل ئالمان - تالمان كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ خالىقتا قارىدى. يۈەنجاڭ بولسا: «سۆزلە، نېمە ئاۋاق كېسەلدەك ئاقىرىپ ئولتۇرىسەن؟ ...» دېگەندەك باش لىڭشىتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشارىسى ھامىلغا، كاتاڭغا پېتىپ قالغان ھاراۋا چاقىنى پىشاڭ بىلەن كۆتۈرگەندەك مەدەت بەردى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئېسەنكىرەپ تۇرماقتا ئىدى. چۈنكى ھەممە كىشى سوتچىدەك ئۆزىگە قاراپ تۇرغان بۇ سورۇن — يېڭىلسەڭ شەرمەندە بولىدىغان، يەڭسەڭ شۆھرەت قازىنىدىغان مەيدان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئار-نومۇس، ۋىجدان، ئەخلاق - پەزىلەت، ئادالەت پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ قىپيالىڭاچ مەيدانغا چۈشۈش كېرەك ... ئۇ دەسلەپ بۇنداق مەيدانغا چۈشۈشنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. پەقەت خالىقتا ئويناشقاندەك، ياكى ماختانغاندەك، قىسقىسى گەپ تاپالماي تەمتىرەپ قېلىپ ئۆزىنى بىردەملىك خىجىللىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەپ سالغان بىر ئېغىز سۆزى ئۇنى شۇ دەقىقىدىلا كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن مۇشۇ مەيدانغا باغلاپ قويغانىدى. بۇ كۆرۈنمەس يىپلار ئۇنى بىئىختىيار ھەرىكەت قىلىشقا، سۇ ئۈزۈش ماھىرىدەك مەشق قىلىشقا سۆرەپ كىردى. شۇ چاغدا «قوشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى تەتقىق قىلىۋاتىمەن» دېمىسە بوپتىكەن، «ئويلانماي تۇرۇپ ئېيتىلغان بىر سۆز، ئاۋايلىماي ئالغان بىر قەدەم پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يەتكۈدەك پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ» دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ ... لېكىن ئۇ ھازىر كېچىككەنىدى ...

— مەن بۇرۇن، — دېدى ھامىل چىڭقىلىپ، — قوشقاچ مېڭىسى ئوكۇلىنى تەتقىق قىلىپ كۆرمىگەن. لېكىن ئۇ چاغلاردا مەن ئوقۇغۇچى بولغاچقا ئۇنى ئىشلەشكە شەرت- شارائىتىم يار بەرمىگەن ... بۇ قېتىم ...

— سىزنىڭ بۇ ئوكۇلنى تەتقىق قىلغىنىڭىزنى كىم بىلىدۇ؟ — دېدى قۇددۇس.

— خالىق يۈەنجاڭنىڭ خەۋىرى بار. بۇ كۆزدىكى گەپ.

— شۇنداق، بۇ خېلى بۇرۇنقى گەپ، ھە، ئەدھەم، سىزنىڭ قانداق پىكرىڭىز بار؟

كىشىلەر ئەدھەمگە تاقەتسىزلىك بىلەن بىردەك تىكىلدى. چۈنكى ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ھەممىسى دېگۈدەك پات - پاتلا سائەتكە قاراپ تاماقلىرىدا چېكىلدىشاتتى ۋە بەزى سائىتى يوقلار دېرىزىدىن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قارايتتى. قۇياش ئەمدىلا چېچەكلىرى كۈنچىلىشىپ ئېچىلايلا دەپ قالغان مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ يالاڭ شاخلىرى ئارىسىدىن قىپقىزىل بىر پارچە ئوتتەك پاتماقتا ئىدى. دېرىزە تۈۋىدە بولسا ھۆرپەيگەن ئىككى قوشقاچ پەيلىرىنى تازىلىشىپ، ئاخىرقى بىر - ئىككى قېتىم چۇرۇقلىدى - دە، ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتتى ...

— مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرىمەن، — دېدى ئەدھەم غەملىك كۈلۈمسىرەپ، — ھامىلىنىڭمۇ «مەن ئىشلىدىم» دېيىشكە ئاساسى بار. مەن بۇرۇن گۆش تېپىغا كىرىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىدىن ئوكۇل ئىشلەپ كۆرمىگەچكە، كۆپرەك تەتقىق قىلدىم ۋە قىينالدىم. ئوكۇل سۈيۇقلۇقىنى ئېرىتىپ بولۇپ سۇزۇلدۇرۇشتە ھامىلىغا مۇراجىئەت قىلدىم. سۇزۇلدۇرۇش چارە - تەدبىرلىرى «دورىگەرلىك بىلىملىرى» دېگەن كىتابتا بار ئىدى. خەنزۇچە كىتابنى ماڭا قارىغاندا ھامىلە راۋان ئوقۇيالايدۇ ۋە بۇنى ھامىلە تېپىپ چىقتى. كېيىن مەن ئوكۇلنى ئېرىتىش، سۇزۇلدۇرۇش، تىندۇرۇش قاتارلىق تېخنىكىلىق جەھەتتە تەجرىبە ئىشلەپ بېرىپلا دورا زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتىم، ھامىلە كۆپرەك جاپا تارتتى.

مەجلىسخانا سۈكۈنات ئىچىگە چۆمدى. خالىق يۈەنجاڭ يىغىننى ئەتە چۈشتىن كېيىن داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خۇلاسە قىلدى. كىشىلەر ئۆزئارا گۇدۇڭلىشىپ، بەزىلىرى پىچىرلىشىپ دېگۈدەك سىرتقا چىقىشتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئەدھەم، مەۋلان ھاجىم، مۇنىرىدىدىن ئاخۇنۇملار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ئۆزىڭىزنى بىھۇدە خاپىلىققا جورىتماڭ ئوغلۇم، — دېدى مەۋلان ھاجىم تال بوستان ئاستىدا كېتىۋېتىپ، — ھەق ھامان ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ.

— ئەلبەتتە، ھەركىمنىڭ نام - ئەمالى بەش قولدەك ئايان تۇرسا، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخۇنۇممۇ تەسەللىي بېرىپ، — بۇرادەرلەر سىزنى چۈشىنىدۇ.

— ھەربىرلىرىنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇتقانلىرىغا مەمنۇنمەن.

ئەدھەم ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەلدى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، تال بوستانلىق ھويلىسى بار ئىدى. شىپاخانا خادىملىرى ئۈچۈن سالغان بۇ ئۆيلەر بىر يۈرۈش بولۇپ، خۇددى بىر قېلىپتىن چىققاندەك، ھەممىسىنىڭلا تال بوستانلىق ھويلىسى بار ئىدى. بەزى پەرۋىشكە سەل قارىغان ئائىلەلەرنىڭلا تاللىرى قۇرۇپ كەتكەنلىكتىن كاۋا تېرىۋەتكەنىدى.

ئەدھەمنىڭ بۇ ئۆيدە يالغۇز ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا 11 يىل بولۇپ قالدى. شۇنداق، ئۇ چىناردىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆيلەنمىدى. ئاشۇ كەم سۆز، نومۇسچان، ناتسۋان قىز ئۇنىڭ ھاياتىغا جىمجىت كىرىپ كەلدى ۋە جىمجىتلا كەتتى. توغرا، ئۇ كەتتى. ئەدھەم ئۇنى ھەتتا چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرەي دەپ ئارزۇ قىلدى، لېكىن ھايات چېغىدا كۆتكەن مۇھەببىتىگە نائىل بولالمىغان مەسۇمە قىز ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىدى، بارا - بارا ئۇنتۇلدى. ئەدھەم ئاياغ ئۇچى يوق دورا ئۆسۈملۈكلىرى، ئەينەك پىروبىركىلار، ئېرىتىش ئەسۋابلىرى، توپلىغان رېتسېپلار ئىچىدە ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇتتى. ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈندۇر گاھى - گاھىدا سۆپسۆزۈك سۇزۇلمىلەر ئىچىدە چىنارنىڭ مۆلايىم چىرايىنى كۆرۈپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ: «چىنار كەتتى، لېكىن ئۇ قۇرۇق كەتمەپتىكەن. قانداقتۇر بىر نەرسەمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ» دەپ پىچىرلايتتى. ئەدھەم بۇ ئىشقا ئانچە كايىشمۇ قىلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق يوشۇرۇن سىر دېڭىزغا چۆشكەن تاشتەكلا قالدى. مەرھۇم چىنار ئەدھەمنىڭ قەلبىدە

www.uyghurkitap.com

چېچەك ئاچقان مۇھەببىتىنى يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇپلا ئېلىپ كەتمەكچى. ئايىۋۆۋى شىپاخانىغا كەلگەن يىلى يوشۇرۇن كۆيۈش ئوتى ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئاجايىپ نازۇك مۇھەببەت بىخىنى يېتىلدۈردى. ئەدھەم ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، «ھېلىلا كۆزۈڭنى چوقۇيمەن» دەپ تۇرغاندەك تومشۇقىنى ئۇچلاپ يۈرىدىغان بۇ ئاغزى ئىتتىك، ئايىغى يېنىك قىزنى قانداقلارچە ياخشى كۆرۈپ قالدىكىنە؟!... ئۆزىدىن 8 ياش كىچىك بولغان بۇ جاۋىلداق قىزنىڭ كۈنبويى ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى ئەدھەمگە گويا تالانتلىق ئارتىسنىڭ قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسەتكىنىدەك كۆڭۈللۈك، تاتلىق بىلىنەتتى. دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ لەززەت يوقتەك قىلاتتى. ئاخىرى سەۋرى قاچىسى تولغان ئەدھەم بىر شەنبە كۈنى پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ كونسېرت بېلىتىدىن بىرنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ ئويۇنغا تەكلىپ قىلدى، كۈتۈلمىگەندە ئايىۋۆۋى:

— بۇ بېلەت يەتمەيدۇ، قولىڭىزدىكىنىمۇ بېرىڭ، — دېدى.

— نېمىشقا؟... — دېدى ئەدھەم ھەيران بولۇپ.

— چۈنكى يىگىتىم بىلەن بېرىشىم كېرەك - تە...

ئەدھەم قولىدىكى يەنە بىر بېلەتنىمۇ بەردى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋاتقان ئايىۋۆۋىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى...

بۇ ئىشلار پات - پاتلا ئەدھەمنىڭ يادىغا چۈشىدۇ ۋە ئۇ ئۆزىگە مەسخىرىلىك كۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئايىۋۆۋىگە «جازا» بەرگىنىنى ئويلىسا ۋىجدان ئالدىدا ئۆرتىنىدۇ. شۇ چاغدا نامەردلىك قىلغان ئىكەن، ئەلۋەتتە، قەلب مۇددىئاسىغا كۆڭۈل كۈچى بىلەن يەتمەك پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

ئەدھەم بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئويلىغىنىدا ئۆزىنى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ: «مەن مۇكەممەل ئادەم ئەمەسكەنمەن، دۇنيادا نۇقسانسىز نەرسە بولمايدۇ، دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مېنىڭمۇ قانداقتۇر كاۋاك يەرلىرىم خېلىلا كۆپكەن» دەپ ئۆزىگە - ئۆزى كايىيدۇ. ئۇ شۇنىڭدىن بېرى بىرەر ئايال زاتىغا كۆز قىرىنى سالمىدى. بولمىسا ئەدھەمنىڭ يېشىنىڭ چوڭلۇقىنى دېمەستىن سۆز تاشلاپ، بېشارەت قىلىپ باققان قىزلارمۇ بولدى. ھەتتا بەزى قىزلار ئاشكارىلا: «مۇھەببىتىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ئەدھەم كۈلۈپ: «يۈرىكىمدە بىرلا ئوت بار» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى. توغرا، چىنار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت مۇھەببەت ئوتى ئەمەس، بەلكى غايە ئوتى ئىدى.

ئۆزىنىڭ ياشلىق ئۆمرىنى مىللىي تىبابەت دورىگەرلىكىگە بېغىشلىغان بۇ يىگىت كەسپىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، ئۆزى تۇتۇش قىلغان ئىشقا تەۋرەنمەس ئەستايىدىللىقى بىلەن بىرمۇنچە يەرلىك دورىلارنى تەتقىق قىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى كەشپ قىلغان 8 خىل ئوكۇلمۇ دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى سۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ياساپ چىققان جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى ئىدى. بۇ ئوكۇللارنى مۇكاپاتلاپ بېرىلگەن مەخمەل تاشلىق كىنىشكىلىرى ھېلىھەم ئۇنىڭ ساندۇقىدا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. مانا ئەمدىلىكتە و - قېتىملىق ئىجادىيىتىنىڭ بۇنداق بورانغا دۇچ كېلىشىنى ئۇ

ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى. ھامىلنى دورا زاۋۇتىنىڭ ئوكۇل بۆلۈمىگە ئۆزى يۆتكەپ چىقتى. رەھبەرلىككە ئارقا ـ ئارقىدىن دوكلات سۇنۇپ، تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىمۇ قىلدى. لېكىن ئۇ ھازىر نېمە ئويۇنلارنى ئويناۋاتىدۇ. ئەدھەم ناھىيىگە دورا تەكشۈرۈش ئۈچۈن باردى. ناھىيىلىك مىللىي ئامبولاتورىيىنىڭ باشلىقى دورىلارنى ئالدىقاچان ئۆزلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىپ بولغانلىقىنى، يۇقىرىدىن ئادەم تەلەپ قىلمىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ باشقا ناھىيىلەرگە تېلېفون بېرىپ بۇنداق ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئەدھەم قايتىشىدا ئايبۇۋى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. ھامىلنىڭ ئالدىراقسانلىقىنى كۆڭلىگە ئالماسلىقىنى، ئەگەر ئۇ ماقۇل بولسا شىپاخانىغا يۆتكەپ كېتىشىنى ئېيتتى. لېكىن ئايبۇۋى قەتئىيلىك بىلەن: «ھامىل دېگەن ئىسمىنى ئېغىزغا ئېلىش ئەمەس، ئويلاشقىمۇ سەسكىنىپ كېتىمەن، سىز تېخى ئۇنى ئاقلاۋاتامسىز؟ مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، ئۇ سىزنىڭ ئۆپكىڭىزنى ئىچىڭىزدىن قېقىپ، ئۈچەيلىرىڭىزنى سۇغۇرۇۋالغاندىلا ئاندىن ھوشىڭىزنى يىغىسىز... ئەمما كېچىككەن بولىسىز...» دېدى ـ دە، شارتىلا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئەدھەم ئەتىسىلا ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتىغا كىرىپ باشلىق بىلەن كۆرۈشتى ۋە بۇ ھامىلنىڭ ئايالىنىڭ قويۇۋاتقان ئويۇنلىرى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى شىپاخانىغا تېلېفون بىلەن ئىستانسىدىن مۇخبىرلار كېلىپ سۈرەتكە ئالغانلىقىنى ئۇققاندىلا ئايبۇۋىنى قايتا ئەسلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھەرگىز ھامىلنىڭ ياشلىقىغا ئېلىپ بېرەر قېتىم ماختىنىۋالغانلىقى، كۆرەڭلىك قىلغانلىقى ئەمەسكەن، بۇنىڭ تېگى، يىلتىزى، چارە ـ تەدبىرلىرى بار مۇكەممەل پىلانىكەن.

ئەدھەم ئورۇن سېلىپ ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئەتىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان مۇنازىرىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ھامىل، زەينۇرە، ئايبۇۋى، قۇددۇس، مەۋلان ھاجىملار بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خالىق يۇنجاڭ گويا مۇقەددەس تاش ھەيكەلدەك تىك قەد كېرىپ تۇراتتى...

9

ئەدھەم يىغىن مەيدانىغا كىرىپ كەلگەنىدە كىمدۇر بىرى گېزىتنى ئۈنلۈك ئوقۇۋاتاتتى:

...«ھامىل كېرىم شىپاخانىغا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقى، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كەسپىي جەھەتتە ئالاھىدە نەتىجە يارىتىپ تەشكىل ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى، ئۇ ھازىر دورا زاۋۇت تېخنىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. يولداش ھامىل كېرىم ياشلىق باھارى ۋە بىلىمىنى مىللىي تىبابەت دورىگەرلىك ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى. ئۇنىڭ تىنىماي ئىزدىنىشى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغان ‹851› ئوكۇلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن ‹ئىككىنچى دەرىجىلىك› مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ھامىل كېرىم بىر كۈمۈش مېدال، 300 يۈەن پۇل، ئىككى دەرىجە مۇئاش بىلەن مۇكاپاتلاندى...»

uyghurkitap.com

ئەدھەم بوسۇغىدا تۇرۇۋەرگەنىدى بولاتتى، لېكىن خالىق، قۇددۇس، مەۋلان ھاجىملار بىلەن كۆزى ئۇچرىشىپ قېلىپ بىرئاز ئوڭايسىزلاندى... مەۋلان ھاجىم سول چېچىلدۇراق لوقىيا سالدى:

— بۇ ماقالىدىن رەھبەرلىرىمىز ئالدىن خەۋەر تاپقانمىكىن؟

— مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى ئەدھەم مەيۈس چىرايى بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— يېزىلغان ماقالىنى كۆرۈپ ماقۇللۇق بەرگەنمىدىڭىز ياكى...

— مەن ھامىل ۋە مۇخبىرغا ئىشەنگەنىدىكەنمەن...

ھامىلنىڭ كۆزلىرى ئالاقزادە بولدى، مەۋلان ھاجىمنىڭ گېزىتنى مىجىقلاپ ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ قويۇشى، يىغىننى داغدۇغا بىلەن باشلاشنى نىيەت قىلىپ تۇرغان خالىقنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويدى. ھەممىنىڭ ھۆرمەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغان بۇ راست سۆز، يۇمشاق دىل ئالىمدىن خالىقمۇ ئەيمىنەتتى، خالىق «يىغىننى باشلايمىز» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «851» ئوكۇلىنى لايىھىلىگۈچىنىڭ يەككە ماتېرىيالىنى يەكۈنلەپ، تەستىقلاپ چۈشۈرۈشتە بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراش بولغانلىقى، بۇنىڭغا ھامىل قاتناشتۇرۇلمىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېچىچە بىلەپ چىققان نەيزە ئۇچىنى يەنىلا قۇددۇسقا قاراتتى.

— مەن قارشى، — دېدى قۇددۇس شۇ ھامانلا، — تەمسىلان ئالغاندا، شۇ كۈنى ھامىلنى تاپالمىدۇق، مەن رەيھانەمنى ئەۋەتتىم. ھامىلنى ئايالى تېلېفوندا چاقىرىپ ئېلىپ كېتىپتىكەن.

— مېنىڭچە، — دېدى سەدىردىدىن قارىي كوسا ئېڭىكىنى سىيلاپ، — ھاملاخۇن «مەن بۇ ئوكۇلنى بۇرۇنلا مۇتائىلە قىلغانمەن» دەپ ئېيتتى. شۇڭا مۇشۇ جەرەستاندا بىر ئىسپاتلاپ كۆرسە قانداق؟

سەدىردىدىن قارىمنىڭ سوئالى ھامىلنى مەڭدەپ قويدى. ئۇ دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئالمان - تالمان خاتىرىسىنى ئالدى - دە، خەنزۇچە خەتلەر گىچىماچ سۈۋۈشۈپ كەتكەن بەتنى ئېچىپ يىغىندىكىلەرگە كۆرسەتتى:

— ما... مانا... ئا... ئالىمبۇرۇنلا يېزىلغان... مۇ... مۇنداقچە ئېيتقاندا يىلىمۇ بار.

كۆپچىلىك خەنزۇچە خەتنى تونۇمىسىمۇ خاتىرىنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، گويا ئۇنىڭدىن «851» ئوكۇلى ئۆمىلەپ چىقىدىغاندەك قاراشتى. ئەدھەم خەنزۇچە ماۋزۇنى كۆرۈپ تاتىرىپ كەتتى. دەرۋەقە «قوشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە» دېگەن تېما كۆزگە ياققال تاشلىنىپ تۇراتتى، ئەدھەمنىڭ خاتىرىسىدە بولسا «قوشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى تەتقىقاتى» ئىدى. ھامىل ئەدھەمنىڭ قولىدىكى كۆك تاشلىق خاتىرىغا نەزەرىنى سېلىش بىلەن توكۇرۇكىنى يۇتتى. لېكىن توكۇرۇكى گېلىدىن ئۆتمەي، بۇرنى سوزۇلۇپ، كۆز چاناقلىرى جامدەك ئېچىلدى. ئەمما زەيىنۇرەنىڭ: «بەردەمىرەك بولۇڭ، ھەرگىز يول بېرىشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى - دە، يۈزىگە خاتىرجەملىك تۈسىنى بەردى.

— بىز ھامىلنىڭ تەتقىقات تېزىسىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈمىز، —

دېدى خالىق كۆپچىلىككە، — لېكىن يىلىدا خېلىلا پەرق بار. ھاملىتنىڭ 3 يىل بۇرۇن يېزىلغان.

خالىق يۇەنجاڭنىڭ «ھاملىتنىڭ 3 يىل بۇرۇن يېزىلغان» دەپ مىختەك قاراپ ئېيتقان بۇ سۆزىدىن قانداقتۇر يوشۇرۇن ۋە سىرلىق مەنىنى سەزگەن ئەدھەم قورقۇنچلۇق بىر قارا قۇيۇننىڭ ئۆزىگە قاراپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ھاملىتتىن سوئال سورىماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا قۇددۇس گەپ ئېچىپ قالدى.

— ئۇنداقتا ھاملىت بۇ تەييار ئاشنى نېمە ئۈچۈن 3 يىلغىچە ئوتتۇرىغا كۆتۈرۈپ چىقالمايتىكەن؟ تەمسىلان ئالغاندا، مەن بۇ ئوكۇلنى ئونىنچى ئايدا تەجرىبىخانىدا ئەدھەمنىڭ ئىشلەپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ھەم كۆك تاشلىق خاتىرىدىكى تەزكىرىلەرنىمۇ ئوقۇغان.

— مەن، — دېدى ھاملىت تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپلا شىپاخانىنىڭ تاشقى بۆلۈم دورىخانىسىدا ئىشلىدىم. ئۇ يەردە شەرت - شارائىت يوق ئىدى...

— سىز ئۇ يەردە بىر يىلدىن كۆپرەكلا خىزمەتتە بولدىڭىز، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخۇنوم بېشىنى ئېگىپ، - مېنىڭ خاتىرەمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئەدھەم ئىككى يىل ئىلگىرى مۇشۇنداق كۆكلەم مەزگىلىدە سىزنى يوتكەش ھەققىدە مەۋلان ھاجىم ۋە پېقىرغا مەسلىھەت سالغان. ئىككى يىل ئاز مۇساپە ئەمەس، ئوغلۇم، يەنە نېمە ۋەجىدىن مۇتائالىيىڭىزنى كامالەتكە يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلمىدىڭىز؟...

— مەن... بۇرۇن بىر نۆۋەت تەجرىبە قىلىپ ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى سۈزۈلدۈرمەي تاشلاپ قويغان...

— ئۇنداقتا، — دېدى قۇددۇس، — بۇ قېتىم ئەدھەم «دورىگەرلىك بىلىملىرى» دېگەن كىتابنى بەرگەندىن كېيىن 0.5 پىرسەنتلىك تۇز كىسلاتاسىدا سۈزۈلدۈرغانلىقىنى تېپىپ چىقىپ بۇ كەشپىياتىڭىز ھەققادىرغا يېتىپتۇ - دە؟!

—...

مۇنازىرە بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا ئىدى. ھاملىتنىڭ بەزى ھاللاردا دۇدۇقلاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ ھازىر تەمكىن، سالماق ئىدى، ھەربىر گېپىنى تارازىدا تارتىپ قىلىۋاتاتتى. قىسقىسى، غەلىبە قىلىشقا ئىشەنگەن قىمارۋاز تېخى ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىنى چىقارمىغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئىشەنچ تېمىپ تۇراتتى. ئۇ ھەتتا ئەدھەمنىڭ ئەمدى سۆز باشلايدىغانلىقىنى، نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغاندەك خاتىرجەم ئىدى.

— ھاملىت، — دېدى ئەدھەم سالماق بىلەن، — مەن لايىھىنى تۇنجى قېتىم ئوكۇل ئىشلەش بۆلۈمىدە سىزگە ئېيتقاندا، سىز نېمە ئۈچۈن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغاندەك ھەيران بولىسىز؟

— ئەلبەتتە ھەيران بولمەندە، چۈنكى تۇنجى تەتقىقاتىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەجەبلىنەرلىك ھادىسە دە...

— ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن «قانداق كېسەللەرگە شىپالىق ئۈنۈمى بار؟» دەپ سورايسىز؟

www.uyghurkitap.com

— بۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنىڭ قىزىرىش - قىزارماسلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن!...

— سىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىياپىتىڭىز، تەلەپپۇزىدىكى ئاھاڭلىرىڭىز ھازىر دېتكەنىلىرىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە، — دېدى ئەدھەم جىددىي ئاھاڭدا، — ھەتتا سىز «گۆش تېپىشقا كىرىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئەزالىرىدىن ئوكۇل ئىشلەپ كۆرمىگەن تۇرساق، قانىداق بولار؟» دەپ ئىككىلەنىدىڭىز، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟...

— بۇ ناھايىتى ئاددىي ھەقىقەت، كەشپىياتىمىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئېگىلەپ كېتىلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن ئەتەي كوچىلاپ كۆرگەنىدىم.

— سەۋرى قىلىڭ ھامىلاخۇن، — دېدى ئۆز سۆز ئاقمولىلا خەلپىتىم، — سىزنىڭ مۇتائالىيىڭىز قانداقلارچە ئەدھەمجان تەرىپىدىن ئېگىلەپ كېتىلىدۇ؟ سۆزلىرىڭىز روشەنرەك بولسۇن...

— بۇ سوئال ئەدھەمگە قويۇلغان بولسا جايىنى تاپقان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەي...

زەينۇرە ھەر كېچىسى ھامىلنىڭ قۇلىقىغا قوغۇشۇن قۇيغانىدەك بىر - بىرلەپ ئورنىتىۋەتكەن سوئال - جاۋابلار نەق ۋاقتىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى، مانا ئەمدىلىكتە غەلىبە ھامىل تەرەپكە يۈزلەندى... ھامىل خوتۇنىنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىنىشقا، ئۇنىڭ تاپانلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ: «سەن مېنىڭ پەرىشتەم، سەن مېنىڭ جەننىتىم، سەن مېنىڭ قۇتقۇزغۇچ خۇدايىم» دەپ پۈتۈن جاھانغا تووۋلاشقا تەييار. بۇنداق ئاياللار تۇرمۇشتا خار بولمايدۇ. ئۇلار ئاللا بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان بارلىق مەئىشەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەگداشسىز ئەقلى ئارقىلىق گاھ ياخشىلىق بىلەن، گاھ يامانلىق بىلەن باشقىلار ئىلكىدىن يۇلۇپ ئالىدۇ، ئۇلار شۇنچە چەبدەس، شۇنچە چېچەن، شۇنچە پاراسەتلىك ئىكەنكى، ئۆز رىسقلىرىنى تارتتۇرۇپ قويغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ شور پېشانىلىكىدىن كۆرىشىدۇ، ياشىسۇن ئەقىللىق، دانىشمەن، سۆيۈملۈك، رەھىمسىز ئاياللار!...

ھامىلنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ھەممە ئىشلار تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇ ئەمدى يەنە بىر كوزىرىنى چىقاردى.

ھامىل «قۇشقاچ مېڭىسى ئوكۇلى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە» تەتقىقاتى يېزىلغان خاتىرىسىنى بۇلتۇر 10 - ئاينىڭ بېشىدا ئەدھەمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكى، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە تاسادىپىيلا «لايىھە» نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، شۇ چاغدا ھامىل ئۆزىنىڭ نەچچە كېچىلەپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، كېيىندىن تاماق ئۆتمەي قوقاستا پۇچۇلانغانىدەك ئازابلىنىپ چىققانلىقىنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدى. ئۇ ئاخىرىدا:

— مەن بۇ مەسىلىنى ئەدھەمگە ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتماقچىمۇ بولدۇم، لېكىن بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، چۈنكى ئەدھەم مېنىڭ باشلىقىم ۋە مېنى ئۆستۈرگەن كىشى! بۇ تەرەپلەر مېنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتسەم ئايىبۇۋىدەك بىر يارامىلىق خادىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاقىۋەت مېنىڭمۇ بېشىمغا كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىم، — دېدى.

مۇنازىرە مەيدانى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكتى، مەۋلان ھاجىم، مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم، قۇددۇس، سەدىردىن قارىي، ئاقمۇللا خەلپىتىم، قاراجىملار بىر - بىرىگە قاراشتى، باشقىلار بۇلارنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەدھەم ھاملىنىڭ كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادالدى، خالىق بولسا ھاملىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك سىنچىلاپ قارىغىنچە: «مۇنۇ كاززاپ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ. ئايىۋۇنى ئۇنداقچى - مۇنداقچى دەپ يامانلاپ يۆتكۈۋېتىشكە قول قويدۇردۇ - يۇ، ئەمدىلىكتە بولسا...» دەپ ھاملىغا غىجىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى قوللىغان ئوبېيكتىنىڭ تەۋرەنمەس پاكىتتىن بىرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇدى.

— مەنمۇ ئىككى ئېغىز پىكىر قىلاي، — دېدى خالىق گېلىنى قىرىپ، — شىپاخانىمىزدا بۇ ئوكۇل توغرىلىق ھېچقانداق گەپ بولۇنمىغان ۋاقىتتا مەن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقانتىم. ھامىل كەشىپ قىلماقچى بولغان ئوكۇلنىڭ شىپالىق ئۈنۈمىنى بىلگەندىن كېيىن ئىختىراچىنى قوللىدىم، مەدەت بەردىم. بىر نەچچە قېتىم سۈرۈشتە قىلدىم، ھامىل بىر نۆۋەت قۇشقاچ بېشى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يېزىغا ماڭغاندا ئۆز نامىمدىن خەتمۇ قىلىپ بەردىم. ئەلبەتتە، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەن ئىكەنمىز ئۇنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشقا، ئانالىز قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك، بۇ رەھبەرلىكنىڭ بۇرچى...

خالىقنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېمەكچى ئىكەنلىكى ئۆزىگىمۇ ئايدىڭ ئەمەس ئىدى. مەۋلان ھاجىمنىڭ «يۈەنجاڭ» دېگەن ئىلتىجاسىدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇترۇقسىز، مەنىسىز گەپلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى.

— ئىنىزاغا ئۇرۇق سالىدىغان گەپلەرنى بەس قىلايلى، ئۆزىمىزگە ھاي بېرەيلى، — دېدى مەۋلان ھاجىم ئاچچىقى بىلەن، — بىزنىڭ مۇباھىسە① مىز ئادالەت ۋە پەزىلەتكە موھتاجدۇر. ئېغىزدىكى ئىنگىرلىق — دىلدىكى قارىلىقتۇر، ھەركىم ئۆز دىلىنى سەممىيەت نۇرى بىلەن بېزدىگەي. شۇندىلا مۇباھىسە ئوڭۇشلۇق قارارىنى تاپىدۇ. ھازىر ئەدھەمنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىدىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆرسەك...

ئەدھەم ئۆزىنىڭ راستىنلا قارا قۇيۇنغا دۇچ كەلگەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ ھازىر ئوغرىلىقتا ئەيىبلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۆلۈمدىنمۇ ئارتۇق ئازاب ئىدى. بۇنداق نومۇس ئۈچۈن ئۇ ھاياتىدا كەشىپ قىلغان بارلىق ئىختىرالىرىنىمۇ تېگىشىۋەتكەن بولاتتى. ئەدھەمنىڭ چىرايى كۈز خازانلىرىدەك سارغىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئىسسىق قاننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەدھەمنىڭ ئىچىدىن ئۆرتىلىۋاتقان غەزەپ بىردىنلا كۆچكە ئايلاندى. چۈنكى ئۇ ھاملىنىڭ «ئاخىرى يېقىلدىڭمۇ؟» دېگەندەك تەبەسسۇمىنى كۆرۈپ قالغانىدى.

— مەن ھاملىنىڭ خاتىرىسىنى سوراپ ئالغىنىم يوق، — دېدى ئەدھەم غەزەپ بىلەن، — ئۇ ئۆزى ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرىدا يېزىپ قالدۇرغان بىرنەچچە خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تەپسىرلىرىنى كۆرۈپ باقسىڭىز دەپ بەردى، مەن ئادەتتە خەنزۇچە كىتابلارنى

① مۇباھىسە — مۇنازىرە.

www.uyghurkitap.com

تاتىلاشتۇرۇپ ئوقۇيالايمەن، لېكىن ھامىلنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇيالمىدىم، چۈنكى خەتلەر بەك سۇۋاشما بولۇپ كەتكەنىكەن، شۇڭا خاتىرىنىڭ بېشىدىكى «ئاداراقى ۋە ئۇزۇك تەرىكىبى، شىپالىق ئۇنۇمى» دېگەن ماۋزۇنى ناھايىتى قىيىنىدا ئوقۇدۇم. قالغانلىرىنى قانچە تىرىشىپ باققان بولساممۇ ئېنىق چۈشىنەلمىدىم.

بۈگۈنمۇ كەچ بولدى. يەنىن ئايىغى چىقماي تارقالدى. ھامىل خالىق بىلەن تال بوستان تېگىدە بىر ئاز كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ دەرۋازىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

ئەدھەم ئۆيگە كېتىۋېتىپ دورا ئۆسۈملۈكلىرى تېرىلغان ئېتىز يېنىدا قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقان قۇددۇس بىلەن مەۋلان ھاجىمنى كۆرۈپ، يۈزىگە لاپپىدە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. ئۇ قايرىلىپلا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەدھەم ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۆيدىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە سوغۇق، كۆڭۈلسىز كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇ يەڭنىدىكى مەسخىرىلىك كۈلۈشلەرنى، تىغدەك تېگىۋاتقان ئاچچىق سۆزلەرنى، بۇ ئاھانەتلەرگە شاھىد بولۇپ ئولتۇرغان ئاشۇ ھەر كۈنى ئىسسىق سالاملىشىدىغان ئادەملەرنىمۇ ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. ئەدھەم كۆڭۈلسىز خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرگەنسېرى بۇ خىياللار خۇددى سايىدەك ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى، ئۇنى دەھشەت سالاسىگە سېلىۋاتقىنى ھامىلنىڭ خاتىرىسى ئىدى. بۇ خاتىرە تۇيۇقسىزدىن قۇددۇس، مەۋلان ھاجىم ۋە دوستلىرى ئۇنىڭغا گۇمانلىق قاراۋاتىدۇ. ھامىل راستىنلا 3 يىل بۇرۇن تەتقىق قىلىپ كۆرگەنمىكىنە؟! ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ئەدھەم لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ھەيران بولىدۇ؟ خاتىرىدىمۇ قوشاق مېڭىسى ئوكۇلىغا ئائىت بىر نەرسە يوق ئىدىغۇ! ياكى ئەدھەم دىققەت قىلمىدىمۇ - يا؟ ياق، قارىغاندەك قىلمىدى...

ئەدھەم تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتتى. قۇلاق تۈۋىدە ئايىبۇۋىسىنىڭ: «ھامىل سىزنىڭ ئۆپكىڭىزنى ئىچىڭىزدىن قېقىپ ئۈچىيىڭىزنى سۇغۇرۇۋالغاندىلا ھوشىڭىزنى يىغىسىز... ئەمما كېچىككەن بولىسىز...» دېگەن سۆزى بىردىنلا ياڭرىغاندەك بولدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيدۇ؟... چوقۇم بىرەر ئىشنى سېزىپ قالغان، بولمىسا بۇنداق ھۆكۈم چىقىرامدۇ؟!...

ئەدھەم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ بىر چاغدىكى كۆك تاشلىق خاتىرىنىڭ ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. خاتىرە ئەزەلدىن قۇلۇپلانغان تارتما ئىچىدە تۇراتتى. شۇ چاغلاردا ئەدھەم خاتىرىنى بىرەر سەۋەب بىلەنمۇ ئالغىنى ئېسىدە يوق ئىدى...

ئىشىك چېكىلدى ۋە ئارقىدىن «ئەدھەمكا» دېگەن بوشراق ئاۋاز كەلدى. بۇ قۇددۇسنىڭ كىچىك قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— كىرىڭ.

— ئەدھەمكا، دادام سىزنى بىزنىڭ ئۆيگە بىر كېلىپ كەتسۇن دەيدۇ، — دېدى قىز بوسۇغىدىلا، — ئۇلار سىزنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ.

ئەدھەم قۇددۇسنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە تاشقىرقى ئۆيدە ئۇنىڭ باللىرى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدە قۇددۇس بىلەن مەۋلان ھاجىم كېلەم يېيىلغان سايادا

ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. قۇددۇس ئەدھەمگە چاي قۇيۇپ داستىخانغا تەكلىپ قىلدى. لېكىن شۇ تاپتا ئەدھەمنىڭ كۆڭلىدىن نېمە ئۆتىسۇن؟! مەۋلان ھاجىم ئۇنىڭدىن «قۇشقاچ مېڭىسى ئۇكۇلى تەتقىقاتى» نىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بېرىشىنى سورىدى. قۇددۇسمۇ بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى، شۇڭا ھەرقانداق ئىنچىكە، نازۇك تەرەپلەرنىمۇ ئويلىنىپ ئەسكە ئېلىشنى ئېيتتى.

ئەدھەم كىتابخانلىرىمىزغا مەلۇم بولغان بارلىق جەريانىنى بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويدى. مەۋلان ھاجىم بىلەن قۇددۇس كۆك تاشلىق خاتىرىنىڭ ئۈستەل ئۈستىگە چىقىپ قېلىش ھادىسىسىنى ئۇزۇن تەھلىل قىلىپ، بۇ مەسىلە ئايىۋۇنىڭ ئەدھەمنى ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئىبارەت ئاچچىق سۆزگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بېكىتىپ چىقتى.

— ئۆزىڭىزدىن ئۆتكەن، ئوغلۇم، — دېدى مەۋلان ھاجىم، — بەزى ھاللاردا تولىمۇ كەمتەرلىك غەپلەت ئۇيقۇسىنى باستۇرۇپ، يامانلىقنى تەنتەنە قىلدۇرىدۇ.

— مەن، — دېدى قۇددۇس ئاستاغىنا، — ئەتىلا ناھىيىگە بېرىپ ئايىۋۇي بىلەن سۆزلىشىمەن.

— دادا - دادا، — دېدى قۇددۇسنىڭ كىچىك قىزى يۈگۈرۈپ كىرىپ، — تېلېۋىزوردا ھامىل ئاكام چىقىۋاتىدۇ.

قۇددۇس، مەۋلان ھاجىم، ئەدھەملەر بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، تاشقىرقى ئۆيگە چىقىشتى. تېلېۋىزوردا دەرۋەقە ھامىل ئۈستىگە تىزىلغان قېلىن كىتابلارنى كۆرۈۋاتقان، نېمىلەردۇر يېزىۋاتقان ۋە سالاپەت بىلەن كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ تەكچىلىرىدىكى كىتابلارنى ئېلىپ ۋاراقلىغان كۆرۈنۈشلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. كۆرۈنۈشكە ئەگىشىپ دىكتور سۆزلىمەكتە ئىدى:

«... ياش تۆھپىكار ھامىل كېيىم ئىسلاھات يولىدا ھارماي - تالماي ئىزدىنىپ، ھەربىر مىنۇت - دەقىقىنى قولدىن بەرمەي، ئۆز بىلىمىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ مىللىي دورىگەرلىكنىڭ قالاق، ئاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى سەرپ قىلماقتا...»

دىكتور «851» ئۇكۇلىنىڭ كەشپ قىلىنىش جەريانىنى سۆزلىگەندە ھامىل ئاق خالات كىيگەن ھالدا ئېرىتىش ۋە سۈزۈلدۈرۈش ئەسۋابلىرىنى كۆزىتىۋاتقان ھالدا كۆرۈندى... «851» ئۇكۇلىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا مۇكاپاتلانغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا بولسا ھامىل تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئىنتايىن چوڭ كۆرۈندى. دىكتور ئاخىرىدا سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلار بىلەن چۈشۈردى:

«... يولداش ھامىل ۋە ئەدھەملەر مىللىي شىپاخانا دورا زاۋۇتىدا بىرنەچچە يىللار جاپالىق كۈرەش قىلىپ «851» ئۇكۇل ۋە ھۇماما، قىچا، سىياھدانە قاتارلىق 9 خىل ئۇكۇل كەشپ قىلىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا سۇندى، بۇ ئۇكۇللارنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى...»

— نومۇسسىز، — قۇددۇس يەرگە تۈكۈرگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئۆزىنىڭ ئىسمىنى باشقا ئېلىپ بىر، تەمسىلان ئالغاندا 9 خىل ئۇكۇلغىمۇ ئۆزىنى كىرگۈزۈۋالغىنىنى قارا. ئەدھەم ئۇ ئۇكۇللارنى ئىشلىگەندە ھامىل نەدە ئىدى؟!...

— گېزىتتىكە بېسىلغان «ياش تۆھپىكارنىڭ يېڭى تۆھپىسى» دېگەن ماقالىدىمۇ،—

www.uyghurkitap.com

دېدى مەۋلان هاجىم خاپىلىق بىلەن، — ئاشۇنداق يېزىپتۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئىسمى باشتا. بۇ بارلىق ئوكۇلالارنى لايىھىلىگۈچى هامىل، ياردەملەشكۈچى ئەدھەم دېيىلگەنلىك بولىدۇ.

— بۇ ك-ۋېىسكۈندۇزدە بۇلاڭ-چىلىق قىلىش، — دېدى ئەدھەم ئېغىر تىنىپ.

— سەۋرى قىلىڭ ئوغلۇم، — دېدى مەۋلان هاجىم بارماقلىرىدا يۇمشاق ساقاللىرىنى سىپاپ، - شۆھرەت ۋە ئىلتىپات خۇش - خۇشچىلارغا مەنسۇپ ئەمەس، هەق هامان ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ.

— بىز سىلەرگە، — دىكتورنىڭ ئاۋازى يەنە ياڭرىدى، — «ياش تۆھپىكار هامىل كېرىمنى زىيارەت» دېگەن...

— ۋۇي... ياش تۆھپىكارنىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، — قۇددۇس تېلېۋىزورنىڭ كۇنۇپكىسىنى تارسلا قىلىپ بېسىۋەتتى.

دەل مۇشۇ مىنۇتتا خالىق يۇەنجاڭمۇ ناۋات سېلىنغان ئاچچىق چاينى راھەتلىنىپ ئىچكەن هالدا تېلېۋىزور كۆرمەكتە ئىدى.

خالىق ساپادا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتتى. تاتلىق ئەسلىمىلەر ئىلكىدە كۆلۈمسىرىدى، ناۋىتى تېخى ئېرىپ بولالمىغان چاينى مەززە قىلىپ ئوتلىدى. ئۇ ئىشلارنى ئالدىرىماي - تەمكىنلىك بىلەن قىلدى، چۈنكى ئۇ هازىر ئۆزىدىن بەكمۇ رازى ئىدى...

خالىقنىڭ «يۇەنجاڭ» ماركىلىق تاجنى كىيگىنىگە تۇپتوغرا بەش يىل بولدى. ئۇ بۇرۇن ۋىلايەتتىكى بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇمۇ يېتەرلىك ئازار تارتتى. ئۇ سىنىپىي كۆرەشتىن قاچقانسېرى «سىنىپىي كۆرەش» قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىۋەردى. جېنىدىن جاق تويغان خالىق «ئەمەل» ماركىلىق دوپپىنى ئەمدى كىيمەسمەن، دەپ ئۆزىگە تالاي قېتىملاپ تەنبىھ بەردى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ كۆڭكىنىدەك بولمىدى، «تۆت ئاپەت» يوقىلىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندە يۇقىرىدىن «يۇەنجاڭ» ماركىلىق تاجنى يەنە ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدى. قانداق قىلىسەن، بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا ئىكەن. بەزىلەر بىر ئۆمۈر تىرىشىپ - تىرمىشىپ يېتەلمىگەن بەخت بەزىلەرگە سالجىدەك چاپلىشىۋالىدىكەن...

خالىق يۇەنجاڭ بولغاندىن كېيىن هوقۇقنىڭ چۈلۈۋۈرىدىن مەھكەم تۇتتى، ئۇنى ئاچچىقلىتىپ قاچۇرۇپ قويمىدى، قاتتىق ئىشلىتىپ يېقىتىپ قويمىدى، ئەركىلىتىپ چىچاڭ-شىتىۋەتمىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى ياخشى، سىياسەتچانلىقى يۇقىرى، پرىنسىپاللىقى كۈچلۈك، كىشىلەرنى رەنجىتمەيدۇ، دەپ مەدھىيىلىشىدۇ. شۇڭا ئۇ مۇشۇ بەش يىلنى بەش كۈندەك ئۆتكۈزۈۋەتتى، لېكىن ئاپئاق گۆرۈچنىڭ تېشى، ساپسېرىق بۇغداينىڭ قارابېشى بولغاندەك هەربىر ئورۇندا قۇددۇستەك قۇلىقى قاتتىق، بىغەرەز، ئەمەلىنىڭ ئورنىنى هېسابلاشماي ئادەمگە يۈز ئاتىدىغانلاردىن بىرەر - يېرىمى چىقىپ قالىدىكەن... ئۇنىڭغا هۆرپىيىۋېرەي دېسە رەھبەرلىك سالاھىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەمەدانلىقى، يوغانچىلىقى، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مەسىلىلەرنى هەل قىلىشى كىشىگە ئەلەم قىلىدۇ - دە، مانا بۇ قېتىمقىمۇ بۇرنىغا سۇ كىرەر...

خالىق بۇ تاتلىق خىياللارنىڭ مەززىسىنى سۈرۈۋاتقان بولسىمۇ يەنە نېمىدۇر يېتىش-

مەيۋاتقاندەك قىلاتتى. خۇددى ھەسەلنى يەۋەرسە گالنى ئېچىشتۇرغاندەك، كۆڭلىنىڭ پىنھان بىر يەرلىرى خىرە ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ ئەندىشە يەنىلا ھامىلغا ئىشىنەلمەسلىك ئىدى. گېپىنىڭ تۇتامى يوق، ئاغزىدا شەھەر ئالدىغان ئالقاپنىڭ قانداق قىلىپ «851» ئوكۇلنى كەشىپ قىلغانلىقىغا ئەقلى ھەيران بولاتتى. تېخى مۇنازىرە يىغىنىدا ئەدھەمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويۇشلىرىچۇ! قارا، بۇنىڭ گەپكە ئۇستىلىقىنى «سىزنىڭ يۈزىڭىزنىڭ قىزىرىش - قىزارماسلىقىنى سىناش ئۈچۈن...» بۇ نېمىدېگەن جايىدا قايتۇرۇلغان زەربە؟ «كەشپىياتىمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن قانچىلىك دەرىجىدە ئىگىلەپ كېتىلگەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن ئەتەي كوچىلاپ كۆرۈلگەن ئۇسۇل» دېيىشلىرىچۇ! بۇ پاكىتلارغا قارىغاندا ئۇ مىنى قۇددۇس ئالدىدا ھەرگىز ئوسال ئورۇنغا چۈشۈرمەيدۇ...

خالىق ھامىل بىلەن تۇنجى قېتىم كەشپىيات توغرىلىق سۆزلەشكىنىنى ئەسكە ئېلىۋېتىپ بىردىنلا شۈركىنىپ كەتتى، ئۇ چاغدا خالىق ئۇنىڭدىن: «بۇ ئوكۇلنىڭ نېمىگە پايدا قىلىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققانسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئامما ھامىل ھودۇقۇپ تاتىرىپ: «چىقتۇق... چىقمىز...» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەرگەنىدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن مۇنازىرە يىغىنىدىمۇ بىردە تاتىرىپ، بىردە سارغىيىپ، دۇدۇقلاپ كېتىدۇ؟ نېمە سەۋەبتىن ئايىبۇۋىگە ئۆزى يامانلىق قىلىپ، ئەدھەمگە ئارتىپ قويىدۇ؟ ئاخىرىدا ئايىبۇۋىنى ماختاپ كاززاپلىق قىلىدۇ؟

خالىق خۇددى چايان چاققاندەك ساپادىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە ئايىبۇۋىنىڭ يۆتكىلىش ئىلتىماسىنى ئېلىپ كىرگەنىدە دېگەن گەپلىرى كەلدى: «خالىق يوەنجاڭ! شان - شۆھرەت ئۈچۈن ئۆز دوستىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ بېرىشتىن يانمايدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئىشلەشتىن كۆرە توخۇ باقىمەن دېگىنىم راست. بۇنى ھەرگىز ئۆزىڭىزگە ئېلىۋالماڭ. ئەمما ھامىلدىن ھەزەر ئەيلەڭ، ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپقان ھەر قانداق ئادەم ئاخىرى سېسىق پايتىمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ...»

خالىق ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى، سىركايىغا چاي قۇيماقچى بولدى، قولى تىترەپ سىركايىنى ئۆرۈۋەتتى، ئۇ ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. «توغرا، ئىنساپ - دىيانەت ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلغان ئەدھەم ھەرگىز ھامىلدەك ئادەمنىڭ قازىنىغا قارىمايدۇ... بۇنىڭدا قانداقتۇر بىر شۇملۇق باردەك قىلىدۇ، مەن باشتىلا گۇمان قىلغانىدىم. بەلكىم ئەدھەم لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بەرگەندۇ دەپ ئويلاپ تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ھامىلغا تېگىپ كەتتىم؟ ئايىبۇۋى توغرا ئېيتىدۇ. بۇ ئوكۇل ئىشىنى چوڭقۇرراق، ئىنچىكىرەك، ئەستايىدىلراق تەكشۈرۈش كېرەك... تەكشۈرۈش كېرەك... لېكىن تەكشۈرگەندە...

خالىق چاي تۆكۈلۈپ كەتكەن ساپاغا يەنە لاسسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قۇددۇس ئالدىدا مات بولۇپ سېسىق پايتىمىغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟! خەقنى تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلماسلىقتا ئەيىبلەپ ئەمدىلىكتە ئۆزى شۇنداق بولۇپ قالسا قۇددۇسنىڭ ئىشىكى تۆت چىشلىق بولار... تېخى ھامىلنىڭ ھېلىقى جەدۋىلىنى سۈرۈشتە قىلمايلا تامغا بېسىپ بەرگىنىچۇ!... مۇنازىرە يىغىنلىرىدا ئويلىمايلا ھامىلنىڭ دېپىنى چالغىنىچۇ!... ياق، جان كەتسە كەتسۇن، قۇددۇس ئالدىدا يۈز كەتمىسۇن! بۇ ئىشنىڭ ئىلاجى بار ئاياغ - قۇيرۇقىنى تېزرەك ئۈزۈۋېتىش كېرەك...

www.uyghurkitap.com

## 10

تالاش - تارتىش، ۋارقىراپ - جارقىراش، غەۋغاغا تولغان مۇنازىرە بىر قانچە ۋاقىت بولۇپ ئۆتتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن لايىھىلىگۈچىنىڭ ماتېرىيالى سۈرۈشتە قىلىنغان تېلېفوننى ئېلىپ زېرىككەن خالىق ئاخىرى ئەھۋالنى ئېيتىپ ماتېرىيالنى ھازىرچە بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارا جاكارلىدى. خالىق يۈەنجاڭ بۇ كۈنلەردە تېرىككەك، تولا چېچىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇددۇس جىمغۇر، ھەرىكەتلىرى سىرلىق ئىدى، پات-پاتلا ئىزسىز يوقاپ كېتەتتى، ئۇ ھەل بولۇش باسقۇچىغا ئۆتكەن مۇنازىرىنى بىرلا سۆز بىلەن تىسرىنىپەرەن قىلىۋېتىپ، بارغانسېرى ئارقىغا سۆرىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەملىكەت بويىچە كېلىۋاتقان خەت - چەكلەر ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، بۇ خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ھامىل تىلغا ئېلىنغانىدى، قۇددۇس ئايىۋۋى بىلەن ئىككى ۋاقىت سۆھبەتلىشىپ بېرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدى، ھەتتا، ئايىۋۋىنىڭ يولدىشى ئايالىغا تەربىيە ئىشلەپ كۆرگەن بولسىمۇ ئايىۋۋى: «سىز ئارىلاشماڭ، ئىككى ئىت بىر سۆڭەكنى تالاشسا، تالىشىۋەرسۇن، بىزنىڭ نېمە چاتىقىمىز...» دەپ ئېرىنى سىلكىۋەتتى. ئەمما قۇددۇس ئايىۋۋىنىڭ ئاچچىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ تېگىدەچوقۇم بىرەرسىرنىڭ بارلىقىنى بايقىۋالغانىدى.

مۇنازىرە يىغىنلىرى كۈندىن - كۈنگە چېكىش، مۇرەككەپ، نازۇك مەسىلىلەر بىلەن قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ھامىل بارغانسېرى قەتئىيلىشىپ مەيدانىغا يالىڭاچ چىۋشتى، ئۇنىڭ تاشلاۋاتقان پاكىتلىرى تۆت پۇتى يەر دەسسەپ تۇرىدىغان پاكىتلار ۋلۇپ يىغىن ۋەزىيىتى ئەدھەم ئۈچۈن پايدىسىز بولماقتا ئىدى. ھامىل ھەر كۈنى يېڭى بىر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇ بەشىنچى قېتىملىق مۇنازىرىدە «ئەدھەمنىڭ بۇرۇنقى ئىجاد قىلغان ئوكۇللىرىدىمۇ ئوغرىلىق بار، مەسىلەن، سىياھدانە ئوكۇلىنى ئاپتونوم رايونلۇق دورا ئانالىز قىلىش ئىدارىسىدىكى ياڭ كې دېگەن خەنزۇ يولداش ئىجاد قىلغان، ئۇ بۇ توغرىلىق شىپاخانىمىزغا ئەرزىمۇ يازماقچىكەن...» دېگەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. كىشىلەر بارغانسېرى ھامىل تەرەپكە ياتماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ئاقمۇللا خەلپىتىم بىلەن قاراجىم «ھازىرقى ئىسپاتلارمۇ يېتەرلىك، بۇ مۇتائىلەنى ھامىلغا تەھقىقلاش كېرەك» دەپ ئوچۇق ئېيتتى. بۇ گەپ خالىققا ياغدەك ياقتى، لېكىن مەۋلان ھاجىم، مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم، سەدىرىدىن قارىي، قۇددۇسلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن كەشپىيات يەنىلا ھامىلغا بېكىتىلمىدى.

ئەدھەمنىڭ توققۇز قېتىملىق كەشپىياتى توققۇز قېتىملىق مۇنازىرىگە دۇچ كەلدى. مانا بۈگۈنمۇ يىغىن زالىغا ئادەملەر ئادەتتىكىدىن كۆپرەك يىغىلدى، ھامىل يىغىن مەيدانىغا كۆز يۈگۈرتۈپ قۇددۇسنى ئىزدىدى، لېكىن ئۇ كەلمىگەنىدى. ھامىل خۇشاللىق ھاياجىنىدىن تىترەپ كەتتى، چۈنكى قۇددۇس ئالدىنقى مۇنازىرىلەردە ھامىلنىڭ تەرجىمە قىلىنغان تەتقىقات تىزىسى بىلەن ئەدھەمنىڭ كۆك تاشلىق خاتىرىسىنى پۈتۈن يىغىن تۈگىگىچە سېلىشتۇرۇپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا ھامىلنىڭ ئەسلى خەنزۇچە يېزىلغان خاتىرىسىنى خالىقتىن ئېلىپ ئۆزۈلىنچە ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى، ھەتتا خاتىرىنىڭ باش ۋە ئاخىرىدىكى خەت رەڭلىرىنى، ئوكۇل تەتقىقاتى يېزىلغان ئوتتۇرىدىكى خەت رەڭلىرىگە سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن ۋاراقلارنى يېرىم قاتلاپ تەپسىلىي قارىدى. قۇددۇسنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ھامىلنى چوڭدا ئولتۇرغاندەك

بىئارام قىلىۋەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ باغرىنى سۇغۇرۇۋالغاندەك، چىرايى ئۆلۈك تۈسىگە كىرگەنىدى. ھازىر قۇددۇسنىڭ يىغىن مەيدانىدا بولماسلىقىدىن بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئۆزىنىڭ غەلىبە مەشئىلىنى كۆرگەنىدەك بولدى.

خالىق يىغىننى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن «851» ئوكۇلىغا بېرىلگەن مۇكاپاتنى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇكاپاتلاش كومىتېتى قايتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ خەۋەرنىڭ تەسىرىدىن يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكتى.

— بىز، — دېدى مەۋلان ھاجىم ئاچچىق كۈلۈپ، — قولىمىزدىكى ناننى تۇتۇپ يېيەلمەيدىغان خەلق، «ئىككى سەگ تالىشۇر، لوقمىسىنى قاغا - قۇزغۇن ئەپقاچۇر» دېگەن شۇ - دە!

— بىز ئەمەلىي مەسىلىگە كېلەيلى، — دېدى خالىق كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، — تۈنۈگۈن سۆز ھامىلدا توختىغانىدى. قېنى، ھازىر ئەدھەم ھامىل قويغان مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرسۇن!

بۇ كۈنلەردە ئەدھەم ئوبدانىلا يادىغانىدى. ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى پەنجىرە قەغىزىدەك ئاقارغان، ياكاق سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان، چوغدەك يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ خۇنى ئۆچكەنىدى، مانا ھازىر ئۇ «ئىجادىيەت ئوغرىسى» سانىلىپ مۇنبەردىكى جاۋابكار سۇپىسىدە تۇرماقتا. بەزىلەر ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنماقتا، يەنە بەزىلەر تەنتەنىلىك مەسخىرە كۈلكىسىنى كۈلمەكتە.

— مەن، — دېدى ئەدھەم قەددىنى رۇسلاپ، — ھامىلنىڭ «خاتىرەمنى مەقسەتلىك ئالدى» دېگەن سۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرىمەن. مەن خاتىرىسىنىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق ئوكۇلغا ئائىت نەرسىنى ئوقۇغۇنۇم يوق ھەم ئۇنداق نەرسىنى كۆرگىنىممۇ يوق...يادىمدا بىلىشىچە، خاتىرىدە كۆرگەن ماۋزۇلىرىم دورا ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى ھەققىدە ئىدى...

— توختاڭ، — دېدى ھامىل قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆتكەندە سىز «خاتىرىدىكى بىر نەچچە ماۋزۇلارنى تاتىلاشتۇرۇپ ئوقۇپ باققان» دېگەن ئىدىڭىز... بۈگۈن يادىمدا قېلىشىچە دەپ ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇۋاتىسىز، لېكىن چېنىپ قېلىۋاتىدۇ. سىز ئەسلىدە خاتىرەمنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپ ھەپتە ئۆتكەندە «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. ئۆزىڭىزگە ياخشى تونۇشلۇق بولمىغان بۇ تەتقىقاتنى ئالدىراپ - تېنەپ ئىشلىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن باش - ئۇچىنى چىقىرالماي يەنە ماڭا ئىلتىجا قىلدىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سىز بىر ئېغىز راست گەپ قىلىۋەتسىڭىز بىز يەنە كونا دوستلاردىن بولۇپ ئۆتىمىز.

— خوش شۇنداق، — دېدى قاراجىم بىپەرۋالىق بىلەن، — ئەيىب قىلىشتىن كۆرە، ئەيىبنى ئىقرار قىلماسلىق ياماندۇر.

— تۇنىسىز كۈن يوق، داغسىز لەيلى يوق، دېگەن گەپمۇ بار، — دېدى ئاقىموللا خەلپىتىم چىشىسىز ئاغزىنى تامشىپ، — ئىنساپ چاپسان ئۆتۈپ كېتىدىغان شائىر شۆھرەتكە ئويۇنچۇق بولماسلىقى لازىمدۇر.

— ئەپۇ قىلىشىنلا تەقسىرلەر، — دېدى ئەدھەم ئاچچىق بىلەن، — توغرا، مەن بىر ئىنسان، شۇڭا ۋۇجۇدۇمدا ھەر خىل نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ھال، ئەمما ھەرقايسى

www.uyghurkitap.com

لىرى ئېيتىۋاتقان ئىپلاسلىق مېنىڭ تېنىمدىن بۇرۇن ئالالمايدۇ. چۈنكى مال - دۇنيا ئوغرىلىقىدىن ئەقىل مېھنىتى خىيانىتى كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر. بۇنداق جىنايەت يولىغا كىرمەكلىكتىن ھالال خوتۇنىنى بازارغا سېلىش ياخشىراقتۇر!...

— ئاپىرىن ئوغلۇم، — دېدى مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم، — سىزنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭىز، تېگىگە يېتەلىگەن ئادەم ئۈچۈن پاك دىيانەتلىك مۇسۇلمان قەسەمدۇر.

— مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم ھەزرەتلىرى لىللا گەپنى قىلدى، — دېدى مەۋلان ھاجىم، — ئەقىل كۆزىمىزنى روشەنرەك ئاچايلى، چىرايلىق ئىسپاتلار ئالدىدا ئەخلاق - پەزىلىتىمىزنى تۇپراق بىلەن تەڭ قىلمايلى، ھۆسنى گۈزەل نەرسىنىڭ ھەممىسى پۇراقلىق بولىۋەرمەيدۇ. لەيلى - قازاق گۈلىنىڭ ھۆسنى گۈزەل بولسىمۇ بەدبۇي پۇراق چاچىدۇ. ھاياتتا توشقانمۇ بۆرىگە قىلتاق قويىدىغان ئىشلار بولىدۇ. يول ئۈستىدە ياتقان يىلان بەزى ھاللاردا ئارقاندەك كۆرۈنىدۇ.

خالىقنىڭ بېشى تارسىدە يېرىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىماقتا ئىدى. گەرچە ھامىل پاكىت جەھەتتە ئۈستۈن تۇرسىمۇ خالىقنىڭ ۋىجدانى ئەدھەمنى ئاقلاپ تۇراتتى. ئۇ ھازىر بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ «بۇ ئىشنى قانۇنغا يوللايمىز» دېسىلا ئىش تۈگەيتتى. لېكىن ئۇنىڭدىكى مەنمەنلىك بۇ سۆزنى قىلىشقا ئىجازەت بەرمەيتتى. ھامىل ئەدھەم ئالدىدا يىقىلغان ئىكەن، خالىقمۇ قۇددۇس ئالدىدا يىقىلىدۇ، خالىق ئۈچۈن زور يوقىتىش يۇيۇپ تۈگەتكۈسىز نومۇس، ئۆلۈم بىلەن باراۋەر. ئايىۋۋى توغرا ئېيتقان، خالىق ئاخىرى سېسىق پايتىمىغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟!

خالىق يۈەنجاڭ گۈنسىز كۆزلىرى بىلەن ھامىلغا قارىدى. ھامىل ئۇنىڭغا: «بىرەر قېتىم يىقىلساڭ نېمە بوپتۇ؟ بۇرۇنمۇ يىقىلىپ ئۆمىلەپ قوپقانغۇ؟...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، خالىق ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ھامىلغا ۋارقىرىۋەتتى:

— سۆزلىمەمسەن!؟...

ھامىل نەق مۇشۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ مۇنىرىدىن ئاخۇنۇم، مەۋلان ھاجىم، ئەدھەملەرنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن يىغىن ھاۋاسىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ھامىل ئەڭ ئاخىرقى تاۋۇكاغا ئاتىغان كوزىرىنى تېخى قويىندا ساقلاپ ياتقاچقا، غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىسى مۇكەممەل ئىدى. خالىقنىڭ سوئالى بۇ كوزۇرنى چىقىرىشقا مەيدان ھازىرلىدى.

— مەن ھازىر بىر خاتالىقىمنى ئىقرار قىلىمەن، — دېدى ھامىل تەنتەنە بىلەن، — بۇنى جىنايەت دېسىمۇ بولىدۇ.

يىغىن ئەھلى ھامىلغا قاراشتى. چۈنكى ئۇلار ھاياجان بىلەن ئېيتىلغان بۇ خىتابقا كۈندۈزدە يۇلتۇز كۆرگەندەك ھەيران بولۇشقانىدى. ھامىل ھەممىگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ تەمكىنلىك بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەدھەم لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى مەن «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپ كۆردۈم، بۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىغا ئىشەنچىم كامىل بولسىمۇ، لېكىن دورا تەكشۈرۈش پونكىتى تەرىپىدىن ساپلىق دەرىجىسى بېكىتىلمىگەنىدى. شۇ ھالدا ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنى شىپاخانىمىزدىكى ھۆسەيىن ئاكىغا سالغانىدىم. بۇ ئىشنى قىلىپ

قويۇپ نەچچە كۈنلەرگىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى، ئۆزۈم مۇشۇ كەسىپنىڭ ئەھلى تۇرۇقلۇق قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن تەشكىل، رەھبەرلىك قانداق چارە كۆرسە قوبۇل قىلىمەن!...

يىغىن مەيدانىنى ئېغىر سۈكۈت باستى... ھامىلىنىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممە تېڭىر-قاپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ سۆزلىگەن «جىنايەت» ئەمەلىيەتتە غەلىبە تۇغى ئىدى. ھامىل كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن ئۆز سۆزىنىڭ ھەقىقىي سالمىقىنى مۆلچەرلەپ بولدى، ئۇ گەرچە چىرايىغا «بىچارە جىنايەتچى» تۈسىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئىچىدە «ياشىسۇن سۆيۈملۈك خوتۇنۇم زەينۇرە! زەينۇرەنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسىتىگە ھەشقاللا!» دەپ شۇئار توۋلاۋاتاتتى. بۇ زەھەرلىك ھىيلىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئەدھەمنىڭ كۆزلىرىدىن چاق-نىغان كەسكىن نەپرەت نۇرى ھامىلنىڭ خۇنۇك ئۆزۈنچاق تەلەتىگە قادالدى.

— بۇنى سەن نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق دېمىگەن؟ — دېدى خالىق ۋارقىراپ.

— چۈنكى بۇ بىۋاسىتە قانۇنغا تاقىلاتتى...

خالىق يۇەنجاڭ كاتىپىنى ئەۋەتىپ قاياقتىندۇر ھۆسەيىن ئاكىنى چاقىرتىپ كەلدى.

— ھۆسەيىنكا، — دېدى خالىق جىددىي تەلەپپۇزدا، — ھامىل ساڭا «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلىنى ئۇرغانمىدى؟ بۇ قايسى ۋاقىتتىكى گەپ؟

— ئۇرغان، لېكىن ۋاقتى ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، — دېدى ھۆسەيىن بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چەمەك قولىدا تاتىلاپ، — ھىم، توغرا، خازانلار تىللا چاچقاندەك تۆكۈلۈۋاتقان چاغلار ئىدى.

— ھۆسەيىنكا، — دېدى ھامىل مەنىلىك قاراپ، — ئۇبدان ئەسلەپ باقسىلا بۇ ئۆتكە-تەبىر بايىرىمىدىن ئىلگىرىكى گەپ ئەمەسمۇ؟

— ھامىلجان توغرا ئېيتىدۇ... بەلكىم شۇنداقتۇ... ئەلۋەتتە شۇنداق...

— ھامىل بالا، سىز لوقما سالماڭ، — دېدى سەدىرىدىن قارىي، — ھۆسەيىن ئۆزى ئەسلىگىنى ياخشى. قېنى ھۆسەيىنكا، ھازىر ئۆزلە تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرىدىن بىرىنى ئېيتسىلا، بىز بۇنىڭدىن قايسى ئاي ئىكەنلىكىنى مۆلچەللەپ ئالالايمىز... يەنە بىر گەپ، ئۇ چاغدا تاللار باراڭدىمىدى ياكى كۆمۈلگەنمۇ؟

— توغرا، توغرا، تاللار باراڭدىن چۈشۈرۈلگەن لېكىن كۆمۈلمىگەن.

— ئۇنداقتا بۇ 10 - ئايدىن ئىلگىرىكى ئىش ئەمەس، — دېدى مۇنىردىن ئاخۇنۇم.

— ھۆسەيىنكا، مەن سەندىن يەنە بىر ئىشنى ئېنىقلاپ ئېلىشىم كېرەك، — دېدى خالىق، — ئۇچاغدا «قۇشقاچ مېڭىسى» ئوكۇلىنىڭ داغدۇغىسى كۆتۈرۈلگەن چاغلارمىدى ياكى مەيدانغا تېخى چىقمىغان ۋاقىتمىدى؟

— ئەدىكىنى، ئۇنداق ئوكۇلنىڭ بار - يوقلۇقىنى ئىنسى - جىنمۇ بىلمەيتتى، بىر كۈنى مەن نېمە ئىشتىنكى ئوكۇل بۆلۈمگە پوسۇققىدە كىرىپ قاپتىمەن، ھامىلجان...

ھۆسەيىننىڭ ئاخىرقى سۆزى بۇ مۇنازىرە ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. باياتىن بېرى ئېگىز - پەس ھالدا قىيىنىلىۋاتقان ھامىل پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتتى. ۋاقىتنىڭ پاتراق توشۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ دېرىزىدىن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ ئاخىرقى قىپقىزىل شولىسىغا قارايتتى. ئۇ خالىقنىڭ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىپ تۇرغان چىرايىنى

كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئوڭۇشلۇق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ ئوقنى ئاتتى:

— مەن تۇنجى قېتىملىق كەشپىياتىمنىڭ ئۆزۈمگە بۇنداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن، — دېدى ھامىل چىرايىغا بىچارە تۇس بېرىپ، — ئەدھەمكامنىڭمۇ كۆڭلىگە كىر چۈشۈپ قالدى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلىۋاتىمەن... شۇڭا بۇ كەشپىياتنى ئەدھەمكامغا ئۆتەندىم...

— سىز تولا ئويۇن كۆرسەتمەڭ، — دېدى غۇرۇرى زەرەرلەنگەن ئەدھەم، — مەن ئەزەلدىن بىراۋنىڭ ئىشىغا توپا سېلىپ، رىسقىغا تەلمۈرگەن ئادەم ئەمەسمەن... ئەگەر مەن ئوغرىلىقتىلا ئەيىبلەنمىگەن بولسام، بۇ تۆھپىدىن ئاللىقاچان قولۇمنى يۇيۇپ قولتۇقۇمغا ئېرتىۋەتكەن بولاتتىم...

نېمە قىلارىنى بىلمىگەن خالىق سائەتكە قارىدى، ئاللىبۇرۇن ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىت بولغانىدى، شۇڭا ئۇ ئاخىرقى بىرلا ئۇسۇل كۆپچىلىكنى قول كۆتۈرۈشكە ئىلتىجا قىلدى.

— دىققەت قىلايلى، — دېدى خالىق قولىنى كۆتۈرۈپ، — ھامىل 12 ئاۋاز، ئەدھەم توققۇز ئاۋاز. قول كۆتۈرمىگەنلەر 13 كىشى، شۇڭا تۆھپە ھامىلغا...

— مەن قارشى، — بوسۇغىدا قۇددۇس پەيدا بولدى، — مەن ئەزەلدىن تۆھپىنى ئاۋازغا سېلىپ ئالىم سايلىغاننى كۆرمىگەن!

قۇددۇس يىغىن مەيدانىنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ توختىدى - دە، ئۆرە تۇرۇپلا قولىدىكى قەغەزنى پۇلاڭلاتتى:

— مانا، بۇ تېلېگرامما ئاپتونوم رايونلۇق دورا ئانالىز قىلىش ئىدارىسىدىكى ياڭ كې دېگەن يولداشتىن كەلگەن. تەمسىلان ئالغاندا، مېنىڭ ئوشۇقچە گېپىم يوق، مەن مۇشۇ تېلېگراممىنى ئوقۇپ بېرىمەن، ئارقىدىن بىر ئېغىزلا سۆزۈم بار.

قۇددۇس بوم ئاۋازى بىلەن تېلېگراممىنى ئوقۇدى:

«... شىپاخاناڭلاردىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. مەن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن سىياھدانە ئوكۇلىنى كەشىپ قىلغىنىم يوق، دورا ۋە رېتسېپنى ئەدھەم تېپىپ چىققان. مەن پەقەت ئېرىتىش - سۈزۈلدۈرۈش قاتارلىق تېخنىكىلىق جەھەتتە مەسلىھەت پىكرىمنى بەرگەن».

بىر دەقىقە تىمتاسلىقتىن كېيىن يىغىن مەيدانى بىردىنلا غۇلغۇلا بىلەن تولدى. ئۇلار شىپاخانا نامىدىن بېرىلگەن تېلېگرامما توغرىلىق نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىشاتتى، كىمنىدۇر قاغايتتى، تىللايتتى... ئاخىرى ھەممە كۆزلەر خەنجەردەك ھامىلغا سانجىلدى.

— تەمسىلان ئالغاندا، مېنىڭ ئاخىرقى سۆزۈم، — دېدى قۇددۇس ۋارقىراپ، — ئەدھەم بىلەن ھامىلنىڭ خاتىرىلىرىنى ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئېلىپ قالدى، ئۇلار يېزىلغان خەت رەڭلىرىنى خىمىيىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق تېخنىكىلىق تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ ۋاقىتنى ئېنىقلاپ چىقماقچى، تەكشۈرۈش خۇلاسىسى ئەتە چىقىدۇ...

قاراڭغۇ چۈشتى. شىپاخانىنىڭ ھەيۋەتلىك قۇببىسى سۇس ھاۋارەڭ سوغۇق

نۇردا غۇۋا تاۋلىنىپ تۇرىدۇ... بالىلار «لەگلەك شامىلى» دەپ خۇشال بولىدىغان ئىللىق سەلكىن دېرىزىلەرگە شەپە بېرىدۇ... ئاللىقاچان توزۇغان ئۆرۈك چېچەكلىرى يوللاردا ئۇچۇشماقتا... ئاسماندىكى قىزغۇچ شەپەق ئورنىنى ئېغىر يامغۇر بۇلۇتلىرى ئىگىلىگەن. باغنىڭ ھەممە بۇلۇڭلىرىدا چۇرۇقلىشىپ سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاللىبۇرۇنلا ئۆچكەن. بىر كۈن كەچكىچە ھاياتلىق ئۈچۈن تىنىم تاپمىغان جان-جانىۋارلار ئۆز ئۇۋىسىغا كىرىپ ھاردۇق ئېلىشقىنىدەك، ئادەملەرمۇ ئۆيلىرىدە خۇشاللىق ۋە قايغۇلىرى، راھەت ۋە جاپالىرى، كەلمىگەن كۈننىڭ غەم ۋە پىلانلىرى ئۈستىدە سۆزلىشىدۇ، كايىيدۇ، چۈشەندۈرىدۇ... ئۆزىنى ئۇشۇقچە ئۇپرىتىدۇ... لېكىن ئەدھەمچۇ؟ ئۇ كۆڭۈلسىز ۋە سۈرلۈك يىغىن مەيدانىدا ھەسرەت-نادامەت ئىسكەنجىسىدە تەنھا بوغۇلۇپ ئولتۇرىدۇ. ئاپئاق ياقىلىرىغا ياش تامچىلاپ چۈشمەكتە... ئۇ بۇنداق ياش تۆكمىگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولغان، ھەتتا چىنار ئۆلگەندىمۇ كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئېچىشقاندەك قىلدى-يۇ، كۆزىدىن ھەسرەت يېشى تۆكۈلمىگەن!... پەقەت چىنارنىڭ يەتتە نەزىرىسى بولغان كۈن ئۇنىڭ يۈمران قەلبىگە ئوت تامغا بولۇپ جاراھەت قالدۇرغان...

ئەدھەمنىڭ ئېسىگە بىردىنلا چىنار كەلدى. مومىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، چىنار ئېغىر ئورۇن تۇتۇپ ياتقان كۈنلەردە مومىسىدىن ئالمىدىن باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايتتىكەن، مومىسى ھەر كۈنى ئېلىپ كەلگەن ئالمىنى ئۇزاقتىن-ئۇزاق پۇراپ خۇددى جۆيلۈۋاتقاندەك «ئەدھەمنىڭ ھىدى كېلىدۇ» دەپ پىچىرلايدىكەن... ئۇ ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مومىسىدىن سېۋەت تەلەپ قىلىپتۇ ۋە ياستۇق تېگىدە يىغقان ئالمىلىرىنى جانسىز نازۇك قوللىرىدا سۈرتۈپ سېۋەتكە سېلىپ:

— موما، بۇ ئالمىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىڭ... مەن... مەن ساقايغاندا شىپاخانا ئالدىدا ئالما ساتىمەن... ئۇ... ئۇ... ئالمىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى ... — دەپتۇ...

ئەدھەمنىڭ قوغۇشۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنى ساپادىن ئارانلا كۆتۈرۈلدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يىغىن مەيدانىدىن چىقتى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. سوغۇق شامال ۋۇجۇدىنى بىردەملىك سەگىتكىنى بىلەن قەلبىنى سەگىتەلمىدى، ئەدھەم بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چوڭ يولغا چىقىپ، مەقسەتسىزلا ئۈستەڭ تەرەپكە ماڭدى. ھۆسنى-كامالىغا يەتكەن تەبىئەتنىڭ باھار چېچەكلىرىگە تولغان باغلىرىغا تۈننىڭ قارا چاپىنى يېپىلغانىدى.

ئەدھەم ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان پىغانلىق ھېس-تۇيغۇلار ئۇنى نەگە سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ؟ بۇ بىزگە نامەلۇم... شۇنىسى ئېنىقكى، ھازىر ئەدھەمنىڭ كۆڭلىدە نە ئۆزىنىڭ سۆيگەن كەسپى، مۇھەببەت قويغان خىزمىتى، مۆجىزىلىك ھاياتقا بولغان ئىشتىياقى، قان-تەر بىلەن دۇنياغا كەلگەن تۆھپىلىرى، ياشلىق كۈچىنى ئايىماي سەرپ قىلغان پىداكارلىقى يوق ئىدى. ئۇ ئۇلارنى ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. كۆڭۈللۈك ھەم مەنىسىز تۇيۇلغان ئۇ ئىشلارنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ھازىر ئۇ چىنارنى ئويلايتتى. ئەدھەم چىنارنى ھەسرەت بىلەن ئەسلىمەكتە... يۈرىكى نالە بىلەن پىغان قىلماقتا!... ئاھ... ئەدھەم قويىنىدىكى گۆھەرنىڭ قەدرىگە يەتمەپتىكەن... شەپقەت-

www.uyghurkitap.com

لىك ئايالىغا مەرھەمەت قىلماپتىكەن... ئەمدى ئاشۇ كەم سۆز، سۆيۈملۈك ئوچۇق چىرايلىق قاراش نېمىسەپ ئەمەس... ھەتتا ئۇنىڭ ئىزلىرىنى قومدىنمۇ تاپالمايدۇ... ياق... ئەدھەمگە مۇڭ تۆكۈش ئۈچۈن بىر سىرداش لازىم... ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ھەمدىل، ھەمپىكىر ھەمراھىنىڭ كۆڭلىگە قالدۇرماي تۆكۈشى، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى، تىترەپ تۇرغان يۇمران كۆكرەكلىرىنى كۆز ياشلىرىدا يۇيسۇن!... ئاچچىق ـ ئاچچىق ياش تۆكۈپ نالە بىلەن ئۇنىڭدىن مەدەت تىلسۇن... ئۇنىڭ ھارارەتلىك باغرىغا تاشلىنىپ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلاپ بىردەم تىپتىنىچ ئارام ئالسۇن!... بولمىسا ئەدھەم ھاقارەت، نومۇس، ۋىجدان ئوتلىرىدا پۇچىلىنىپ بىر سىقىم كۈل، خەستە تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدۇ... لېكىن ئۇ سىرداش قېنى؟! قېنى ئۇ تارتىنچاق كۆزلىرىدە بالىلىق چېچەنلىكىنىڭ نۇرى چاقنىغان قىز؟!... قېنى ئۇ مەخمەلدەك قاپقارا قويۇق كىرپىكلىك كۆزىنى سۈزۈپ ئۆزىنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرغان مۇلايىم چىنار!...

يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەت ئاچچىق غەزەپكە ئايلانغان ئەدھەم كېتىۋاتىدۇ... شۇنداق، ئۇ مۇڭ تۆكۈش ئۈچۈن سىرداشىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ... بۇتىغ ئۆتمەيدىغان قاراڭغۇ كېچىدە سىرداشىنى قايسى پىنھاندىن تاپار؟... جىسمانىي جاراھەتتىمۇ تېزلا ساقىيىپ كېتىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ روھىي جاراھىتى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلارمۇ؟!... ھاياتتا ھەق ـ ناھەقنىڭ قوشكېزەك ئىكەنلىكىنى، لېكىن ناھەق بالدۇر كۆز ئاچقانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەنتەنە قىلىدىغىنىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك ئىدىغۇ؟! ئەمما ئەدھەم بۇلارنى چۈشەنمەيدۇ... دىيانەتلىك ئاتا نەسىھەتى بىلەن ئەدەب ـ ئىكراملىق، ئىززەت نەپسى نازۇك، ھۆرمەت شەپقىتى بىباھا چوڭ بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ مۇھەببەت قويغان ئادەملەر ئۇنى ئىپلاسلىق پاتقىقىغا سۆرەپ كىردى. ئاتا يوللۇق كىشىلەر ئالدىدا «ھالال خوتۇننى بازارغا سېلىش ياخشىراقتۇر» دېگەن قاباھەت تىل ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. كىشىلەرنىڭ :«دەردمەن تىللىق كېلىدۇ. غەزەپلىك ئېغىزدىن نېمىلەر چىقمايدۇ» دېگىنى راستىكەن. چۈنكى ئۇ نېمىدىن يىرگەنسە شۇ يىرگەنگەن نەرسىنىڭ ئۆزى جولۇپ قالدى ـ دە!

ئەدھەم ئۆستەڭ بويىدىكى سۇغا بۆرۈلىدىغان چىغىريول جەينىكىگە كەلگەندە چوڭ يولدىن ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، ئۇ چىغىريولغا قەدەم ئېلىۋېتىپ ۋېلىسىپىت ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئەرنىڭ: «كىرەمدۇق» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى، بۇنىڭغا جاۋابەن ئارقىدا ئولتۇرغان ئايال: «ياق مەۋلان ھاجىم ياكى قۇددۇس جۇرېىنى تېپىپ شۇلارغا ئېيتايلى...» دېدى. ئەدھەم ئايالنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى، بۇ ئايىۋۋى ئىدى!...

ئەدھەم ئاچچىقىنە كۈلدى. ئەدھەمگە بۇ ئىككىسىمۇ، ئادەمنى يۇتۇپ كەتكۈدەك مۇنۇ قاراڭغۇلۇقمۇ ئەھمىيەتسىز، ھەممىسى ئۆتكۈنچى نەرسىلەر. ئەدھەم ئۈچۈن ھازىر چىنار كېرەك... ئۇ ئىچى ـ قارنى بوشىغىچە دەردىنى تۆكىدۇ... مۇڭدىشىدۇ... دىلدىشى ئاڭلايدۇ. بىللە ياش تۆكۈپ بىللە كۈلىشىدۇ... ئەدھەم بارچە جەۋرى ـ جاپا، غەم ـ قايغۇلىرىنى ئۇنتۇيدۇ...

ئەدھەم مەھەللىلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قىڭغىر ـ قىيسىق چىغىر يول بىلەن ياۋا

قومۇشلار شالدىرلاپ، يۇلغۇن تۇپلىرى قەد كېرىپ تۇرغان مازارلىقتا يېتىپ كەلـدى. ئۇ دۆمچەك - چۇمچەك قەبرىلەر - ئارا باھارنىڭ يۇمشاق ئوتلىرى بىلەن قاپلانغان يالغۇز قەبرىنى تاپتى. مانا مۇشۇ ئىككى غۇلاچ سوغۇق يەر تېگىدە ئۇنىڭ سىردىشى ئەدھەمنى كۆتۈپ تۇراتتى... قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن مەھەللە تەرەپتىن ناخشا ئاۋازى كەلـدى. بەلكىم بۇ بېغىغا سۇ ياقىلاۋاتقان سۇچى يىگىتنىڭ تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان مەھبۇبىسىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئېيتقان ناخشىسىدۇر:

گۈل باھارى كەلمىگۈچە
بۇلبۇل چىمەن دەپ سايرىماس.
دەرد - ئەلەملەر كەلمىگۈچە،
بەندە خۇدا دەپ يىغلىماس...

ئۇ مۈك تۆكۈش ئۈچۈن قەبرە بېشىغا تىزلاندى...

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

---

### تۈزىتىش

دىققەتسىزلىكتىن 1989 - يىل 12 - سان 148 - بەتتىكى «مۇكاپاتلانغان ئەسەرلەر تىزىملىكى»دىن بىر قۇر خەت چۈشۈپ قالغان. تۆۋەندىن 13 - قۇر بىلەن 14 - قۇر ئارىلىقىغا «ساۋاقداشلار (پوۋېست) ...... مەمتىمىن ھوشۇر» دېگەن بىر قۇرنى قوشۇپ ئوقۇشۇڭلارنى، 1990 - يىل 1 - سان 83 - بەتتىكى تۆۋەندىن 2 - قۇردىكى «خەقەر» دېگەن سۆزنى «خەقلەر» دەپ، يەنە شۇ بەت تۆۋەندىن 10 - قۇردىكى «خەلقۇ ئالام» دېگەن سۆزنى «خەلقى ئالەم» دەپ، 160 - بەت 1 - ئىستون تۆۋەندىن 3 - قۇردىكى «دېگەنلىكىنى، دەپ» دېگەن سۆزنى «دېگەنلىكىنى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

تەھرىر بۆلۈم

## «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئەركىن داۋۇت

# سېغىندىمەن سېغىندىم سېنى

### گۈل سۆيگۈسى

1

گۈل قېشىدا بولىمەن پەيدا
خۇراز چىللاپ بەرگەندە خەۋەر.
گۈل پۇرايمەن قانماي پۇرايمەن،
كېچىنەكتەك يايراپ تاڭ سەھەر.

گۈلسىز بىر كۈن ياشىيالمايمەن،
گۈلگە كۆڭلۈم يېقىن شۇقەدەر.
ماڭا ئىلھام بېغىشلايدۇ گۈل،
گۈل ھۆسنىگە سالىمەن نەزەر.

ئاۋايلايمەن گۈلنى پەپىلەپ،
ئۆستۈرىمەن تۆكۈپ كۈمۈش تەر.
گۈل قېشىدىن كەتمەيمەن يىراق،
ساقىسىز بولۇپ قالسامۇ ئەگەر.

2

ئۆتەر ئۆمرۈم گۈلدەك ياشىرىپ،
گۈلگە شەيدا بولغىنىم ئۈچۈن.
ئەكس ئېتەر چېھرىمدە كۈلكە،
قەلبىمدە يوق قىلچىمۇ تۈگۈن.

يۈگۈرمەيدۇ كۆزۈمگە ئۈنچە
قاپلىسىمۇ ئەتراپنى تۈتۈن.
قارايتالماس چېھرىمنى، گۈلنى،
سىياھ چېچىپ يامرىسىمۇ تۈن.

ئۆتەر ئۆمرۈم گۈلدەك ياشىرىپ،
گۈلگە شەيدا بولغىنىم ئۈچۈن.
بېغىشلانغان دەۋرگە، گۈلگە،
پاكلىق قۇچقان ۋۇجۇدۇم پۈتۈن.

### مۇئەللىمەن

1

مۇئەللىمەن ئۆمرىد ئۇچقۇنى،
كۆزلىرىمدىن چېچىلىپ تۇرار.
دەريا كەبى ئۇقچۇپ ھېسلىرىم،
شاۋقۇن سېلىپ ئەركىن جۇش ئۇرار.

ھېكمىتىمدىن ئېچىلىپ گۈللەر
تاڭ بىلەن تەڭ خۇش پۇراق چاچار.
ھۇزۇرلىنىپ جىمىكى ئىنسان
تەزىم ئەيلەپ ھۆرمەتتە باقار.

2

مۇئەللىمەن گەپلىرىم خۇددى
قىيام قىلغان شېكەردەك تاتلىق،
بېغىشلايمەن گۈلگە، غۇنچىگە
ئىچ ـ ئىچىمدىن ھەر ۋاقىت شادلىق.

ئايرىمايمەن يىراق ـ يېقىن دەپ
ئەۋج ئالغان قەلبىمدە پاكلىق،
ھەممىگە تەڭ قارايمەن شۇنداق،
ناتونۇشقا قىلمايمەن ياتلىق.

غادايىمايمەن پىيادىلىككە،
يول يۈرگەندە بولسامۇ ئاتلىق،
جاپاسىنى تارتىشىپ بىرگە،
تۇغىدۇرىمەن ئاڭا ئاسانلىق.

3

مۇئەللىممەن بىربىلىپ نەپكە،
ئېنتاۋەت ھەم يۈزنى ساتمايمەن،
ئەلنىڭ كۈتكەن ئۈمىدى، ئەھدىنى
تەر ئاققۇزۇپ چوقۇم ئاقلايمەن.

نەپ ئالدۇرار كىشىنى يولدىن،
ھۆرمىتىمنى كۈچەپ ساقلايمەن.
ئالدانمايمەن ھىيلە نەيرەڭگە،
ھەق پىكىرنى دائىم ياقلايمەن.

4

مۇئەللىممەن مۇنبەر ئالدىدا،
ئۆز كۈچۈمنى قىلمەن جارى،
شاگىرتلىرىم بەرگەندە سالام،
يۈرىكىمنىڭ چېكىلەر تارى.

شامدەك كۆيۈپ بىلىم ئىشقىدا،
ئىزدىنىمەن دوستلار قاتارى.
ئۆتكەللەردىن ئۆتىمەن بىر - بىر،
چىنىمىنىڭ بار قۇۋۋەت مادارى.

### بىر تۈپ جىگدە

1

بىر تۈپ جىگدە تەۋرىنەر يېنىك
ئايدىڭ كېچە قۇملۇققا بېقىپ.
ئۇنىڭ ئاشۇ ھالىتى، تۇرقى،
قالدى ماڭا قەۋەتلا يېقىپ،
يۈرىكىمدە ئالەمچە سۆيگۈ
شاۋقۇنلىدى دەريادەك ئېقىپ،
ياپرىقىدىن چېچىپ كۈمۈش نۇر،
مېنى تارتىپ ئەپلىدى ئەسىر.
كۆز ئالدىمدا بولدى نامايان،
چەكسىز كەتكەن بىر سىرلىق قەبىرە.
قىزىلگۈللەر تەۋرىنىپ چوغدەك
پەيدا قىلدى ئۆزگىچە تەسىر.
يۈرەكلىرىم سوقتى ئېگىز - پەس
ماڭلىيىمدىن چېچىلدى مارجان.
پاك جىسمىغا تۇتاشتى بىر ئوت
بۇ ھالەتتىن قالدىممەن ھەيران.
بولدى گويا ۋىسال تاپقاندەك،
خىيالىمدا ئوتلۇق بىر ئارمان.

2

جۇشقۇن ناخشام ياڭرىدى لەرزان،
تىڭشىدى جىم ئانا تەبىئەت.
ئەشۇ جىگدە قەيسەرلىكىگە،
ئۇرغۇپ تاشتى دىلدىن مۇھەببەت.
ئۇ، قۇم، توسۇپ قامىتى بىلەن،
ئىنسانلارغا ياغدۇرغاچ شەپقەت.

### سىغىندىممەن، سىغىندىم سېنى

1

كۆزلىرىمدىن تۆكۈلەر ئۈنچە
نە ئۈنچىكى يۈرەكنىڭ قېنى.
خىيالىمدا كەپتەردەك ئۇچۇپ،
تەشنالىقتا ئىزدەيمەن سېنى.

مۇڭلىنىمەن خۇددى يېتىمدەك
ئۆتەڭلەردە تۈنەپ ھەر كېچە.
پاشا چاقار قادىلىپ مىختەك .
سالار ئازاب ماڭا يەتكىچە.

دېرىكىڭنى ئالالمىدىم ھېچ،
مېنى كۈچەپ ئايلاندۇردى غەم.
تىنىقىڭدا چەككىن دىلىمنى،
بىر پەس يايراپ بولاي خاتىرجەم.

2

شىلدىر - شىلدىر بۇلاق بويىدا
كۈنگە باقتىم مەيۈس تەلمۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆيۈپ سېنىڭ ئىشقىڭدا ئوتتەك،
قاپىقىمنى قاتمۇ قات تۈرۈپ.

يۈرىكىمنى تاتىلاپ تېخى،
قىلىۋەتتىم پۈتۈنلەي يارا.
ئۆرلەپ كەتتى ئىستىمام بارغانچە،
مېنى كېلىپ تېزدىن داۋالا.

3

قارىغايغا باققانتىم، جىسمىڭ،
كۆزلىرىمگە كۆرۈندى غۇۋا.
پەيدا قىلماي غايىپ كۆرۈنۈش،
يۈرىكىمگە سالساڭچۇ ئۇۋا.

تېنىم تاپماي ئۇرغان ئاھلىرىم
قۇلىقىڭغا يەتكەندۇ بېرىپ.
قاچانغىچە كۈتىمەن سېنى،
ھۆل توپىغا باغرىمنى يېقىپ.

4

سېغىندىممەن، سېغىندىم سېنى
يىراقلاردا يۈرمە خىرامان.
ئەللەيلىنىپ شەيتان بەزمىسىدە،
بولدۇم دېمە ھەر ياقتا مېھمان.

ئۆز ئۆيۈڭنىڭ لەززىتى باشقا
ھەر كۈنلىكى يەپ ئۆتسەڭمۇ نان.
باغدا ئۆسكەن يۇمران نوتىدەك،
كۆكلەيدۇ - دە، ياشىرىدۇ جان.

كۆرسەت ماڭا كۈلگۈن چېھرىڭنى
قاپلىسىمۇ ئەتراپنى تۇمان.
قەلبىمگە سەپ ئوتلۇق مېھرىڭنى،
قايتىپ كەلگىن قېشىمغا جانان.

ئىچىۋەتكىن ئەمدى يۈزۈڭنى،
نادانلىق ئۇ گوياكى زەنجىر،
ئازابلانمىسۇن قىران چاغلىرىڭ
خۇراپاتقا بولمىغىن ئەسىر.

قۇتۇل ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن
ئىچىڭدىكى بوغچىنى تاشلاپ،
ئېلىپ بارار سېنى يورۇقلۇق
غەلىبە بىلەن مەنزىلگە باشلاپ.

## بۇلاق

كۆي تۆكىدۇ ئەجەب يېقىملىق
ئوت - چۆپ بىلەن ئورالغان بۇلاق.
ئاڭلىنىدۇ ئۇنىڭ كۈيلىرى،
دىققەت بىلەن سالغاندا قۇلاق.

مەپتۇن بولۇپ ئاشۇ شوخ كۈيگە
گۈل - گىياھلار چاچىدۇ پۇراق.
ئۈمەئلىنىپ باقىدۇ لىڭشىپ،
بارخانلارنىڭ كەينىدە توغراق.

كۆي تۆكىدۇ ئەجەب يېقىملىق،
ئوت - چۆپ بىلەن ئورالغان بۇلاق،
بار ئۇنىڭدا ئۆزگىچە مەنا
تۈيغۇ بېرەر كىشىگە قايناق.

## قىزىلگۈلدەك...

كىرىۋاپسەن قەلب خانەمگە
دېرىزەمنى قويغاندا ئېچىپ.
مېنى مەستخۇش ئەيلىدىڭ جانان
قىزىلگۈلدەك خۇش پۇراق چېچىپ.

دېرىزەمنى تاقىدىم مەزمۇت
ئەمدى ئۇنى قويمايمەن ئېچىپ.
ئۆزلۈكىڭدىن چۈشتۈڭ قولۇمغا،
كېتەلمەيسەن ھەرگىزمۇ قېچىپ.

## قاشتېشى

پارقىرايسەن كۆزنى چاقنىتىپ،
سۇ ئاستىدا تۇرساڭمۇ ھامان.
توسالمايدۇ نۇرىڭنى ئەسلا
كۆكنى قاپلاپ كەتسىمۇ تۇمان.

پاكلىق ساڭا ئەزەلدىن سىرداش
كېتەلمەيدۇ بىردەم يېنىڭدىن.

چىن سۆيگۈنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
ئۇرۇن ئالغان سۆزۈڭ تېنىڭدىن.
نېمە سىر بار
شەرەت قىلسام ئالىيىپ ماڭا
زەردە بىلەن كايىپ باقىسەن.
نەشتەر ئۇرۇپ مىسكىن دىلىمغا
ھەرە بولۇپ راسا چاقىسەن.
مېنى كۆرۈپ قالساڭ خىلۋەتتە
شاش بۇغىدەك چۆچۈپ قاچىسەن.
نېمە سىر بار چۈشەنمىدىم ھېچ،
چىرايىڭنى قاچان ئاچىسەن؟

ئۆتنە ئالەم

شۇم كېسەلنىڭ زەربىسى بىلەن
بىر تۇغقىنىڭ تاپقانتى قازا.
ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈردۈڭ
بولۇۋاتسا ئۆيۈڭدە ھازا.

غەزەپلەندىم نەپرەتتە ساڭا
قاملاشمىدى ئۇ ئىشىڭ تازا.
ئۆتنە ئالەم بۇنى ئويلاپ قوي،
سەنمۇ بىر كۈن تاپىسەن قازا.

ئىلھامجان ئابلىز

## ھايات ۋە سۆيگۈ

ئاشۇ كەپە، يەنە شۇ بوۋاي

بالا-چېغىم،
يىراق سەھرادا
كۆرگەن ئىدىم تېمەن بىر بوۋاي.
شاھ ھۆزۈرى سۈرۈپ كەپىدە
قىسسە سۆزلەپ بەرگەن خۇش چىراي.

ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنى نىكەم...
بېرىپ قالدىم ياندۇرقى باھار.
شاخ ـ شۇمبىدىن پۈتكەن بۇ كەپە
بولۇپ كەپتۇ ئاڭا روزىغار.

تونۇش كەپە،
ئاچچىق يۆتىلىپ.
چىقىپ كەلدى بوۋاي يالاڭياق،
بىر قاراپلا تونۇدۇم لېكىن،
بوۋاي مېنى ئۇنتۇغان نەۋاق.

يۈگۈرۈپ بېرىپ قول بەردىم ئاڭا،
قاراپ قالدى بوۋاي سىنچىلاپ.
بەلكىم تۇتقۇن قىلدى سوئاللار،
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى يامراپ...

سەھرادا سەھەر

كۆي تارىتار باغلاردا سۇبھى دەمدە تورغايلار،
كۆي پەيزىدىن مەست بولۇپ چولپان مۆكتى ئېھتىمال.
يېنىك ـ يېنىك تەۋرىنىپ ئېتىزلاردا مايسىلار،
ئۈپۈق تامان كۆز تىكىپ دولقۇنلىنار بىمالال.

تەبەسسۇمدا ئويغاندى كەڭ داللار كۆز ئېچىپ،
رەڭ بەرگەندە باغرىغا ھال رەڭ شولا يېيىلىپ.
تارىغاندا ئىپار ھىد قىزىلگۈلدىن ھەر تەرەپ،
ياپراقتىكى شەبنەملەر پارلاپ كەتتى جىلمىيىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساددا دىلنىڭ كۆيىدەك پىچىرلىشىپ زىلال سۇ
ئارمىنى بوپ دېھقانىنىڭ ئېقىپ كىردى چۆنەككە.
نۇر تالاسى ئىچىدە غىرىچ ئۆسكەن مايسىلار
شادلاندۇردى دېھقاننى بوي سوزغاندەك پەلەككە.

بايا كۆزگەن ئۇ تېخى چۈشىدىلا مۇشۇنداق،
تۇرار ئەنە، ئالدىدا جىلۋىلىنىپ قۇت - ئامەت.
ئۈمىدلىنەر ھەر سەھەر دېھقان ئېتىز ئارىلاپ،
تىلەر ھەمدە تاڭلاردىن كۆڭلىدە كۆپ شاپائەت.

ئاھ... پەرىشتەم كۆزۈڭدە پىنھان بىر كەڭلىك

شۇ سىرلىق ئورمانغا سىر تۆكسە چۈشۈم،
قەلبىمنى سېھىرلەر غايىپ بىر زىلتار.
ئىسمىنىڭ بارىنى بەر سەم تۈنلەرگە،
كۆزنەكتە تاڭ بولۇپ كۈلسەن دىلدار.

ساددا بىر ئۈن بىلەن چاقىرسام ھەررەت،
كېتىسەن خىيالدەك ساداسىز يوقاپ.
قۇياشنىڭ چۈشىدەك پارلايسەن يەنە،
نۇرلارمۇ سىر بەرمەس ئىسمىڭنى ئاتاپ،

ئېزىققان تۈيغۇدەك يېتىم بىر نىگاھ،
ئۇنتۇلغان چۈشلەرنى تۇرار ئەزۋەيلەپ.
ئەسەبىي ئۆكسۈشتىن كەلسەم ئېسىمگە،
بىر مىنىسكەن ئاھاڭدا ئۆتتۈڭ كۈي كۈيلەپ.

ئاق كۆڭۈل ئۇۋچىدەك كۈتتۈم بىتاقەت،
سەن ئۆتەر يوللارغا چېچىپ مېھرىمنى،
ئاھ... ئىنكەن كۆزلىرىڭ پىنھان بىر كەڭلىك،
يالمىدىڭ تالايلاپ يۈرەك سىرىمنى.

ئاقۇش تۇمان كۆتۈرۈلسە باغرىڭدىن،
ھېسلىرىمنى ھىدلاپ ئۆتەر ھەر سەھەر.
گىرۋىكىڭدە چاقماق چېقىپ ئىلھامىم
داللارغا چاچقۇ بولۇپ تۆكۈلەر...

سېنىڭدە بار ئانا يۇرتقا تىنۋىنىش،
داللارغا پاكلىق تىلەپ ئاقسەن،
ھەر دولقۇنۇڭ يۇرتقا چىللاپ ئاسايىش،
كەڭلىكلەرگە يۈرىكىڭنى ياقىسەن؛

دولقۇنۇڭدا بار قۇياشنىڭ جىلۋىسى،
شاۋقۇنلايسەن ئۇپۇق تامان نۇر پۈركۈپ.
يۈرىكىمدە تاڭ ئويغىتار ھەر تامچەڭ،
ئارمانلىرىم ئاقار ساڭا چۆمۈلۈپ.

2

بالا چېغىم ھەۋەسىمگە ئوت ياققان
دولقۇنىڭدىن بالقىپ شەپەق يالقۇنى،
شۇ يالقۇندىن كۆز گۆھىرىم نۇرلىنىپ،
ئاشىق بولغان ساڭا تومەن دولقۇنى،

دىلنى قاپلاپ كەتتى مانا باراقسان،
پاك سۆيگۈمدەك ئەقىدەڭنىڭ گۈللىرى،
دولقۇنلىرىڭ پەپىلىگەچ ھەر قاچان،
ئۈمىدلەندى مەنزىلىمنىڭ چۆللىرى...

3

سەن سۆيدۈرگەن تاتلىق چۈشتەك ھاياتىم،
بىر چاغلاردا گىرىمسەن بوپ مۈڭلاندى.
يۈكسەكلىككە يولىدىڭا بېتىنىم،
پەرۋازلاردىن ھايات يولۇم نۇرلاندى.

تومەن دولقۇنى

ئانا دەريا ئۇچۇپ كەلگىن سۆيۈپ، دەك،
نۇرلىرىڭغا تىنۋىندۇراي تۈنلەرنى...

1

خىيالىمغا گىرە سېلىپ ھەر قاچان،
چۈشۈمدىمۇ تىلەپ كەلدىڭ خەيرلىك.
ئانا دەريا مېھرىم سىڭگەن جانجان،
دولقۇنلىرىڭ ئىقبالىمدەك جىلۋىلىك.

ئۈشتىياقلار، يىراقلارغا باشلىسا،
ئاق يول تىلەپ كۆلۈپ قالدىڭ قىيالماي،
بىر ھەۋەستىن مىڭ مەرتىۋە يالتايدىم،
ئارمان بەرگەن دولقۇنىڭغا چىدالماي.

لېكىن ئانا مېھرىڭ تاشتى قايتىلاپ،
ھېكمەت ئارا شان قوچۇشقا ئۈندىدىڭ.
«ئۆگەن ئوغلۇم سىرلار ئارا ئىچىپ يول
مۆجىزىگىنى ئانا يەرگە سۇن...» دېدىڭ.

روھىڭ مەدەت بەردى بىلىم يۇرتىدا،
ئىندىرىكىمنى يۇرغۇتتۇڭ سەن ھەر ئەسنا.
پەرۋانە مەن ئىزگۇ ئارمان ئوتىدا،
ئەقىدەڭگە جاۋاب بەردىم مەن ئانا.

«قۇياش بولدى، ياشلىقىمنىڭ يالقۇنى»،
«ئانا دەريا» دولقۇنىڭدىن نۇر ئىچىپ.

ئەركىن مۇھەممەت

سەھەردىكى ناخشا

بوۋاقنىڭ كۆلكىسىدەك ئوماق سەھەر
تەبەسسۇم قوچىقىدا ياتقان زېمىن.
كۆل سۈيى چايقىلىدۇ شۇنچە يېنىك،
دالىلار گوياكى بىر يېشىل ئېقىن.
تۇمانلار گويا سۈزۈك رەڭدار پەردە
سەھەرنىڭ ساباسىدا تىترەپ تۇرغان.
ئۇپۇقتەك كۆرۈنەر ھەم كەڭ ۋادىلار،
قۇمۇشلار شامالLARغا دولقۇن ئۇرغان.
قىياقلار تاتلىق ـ تاتلىق شىۋىرلايدۇ
يول بىرەر قەدەملەرگە چاقچاقلىشىپ،
كۆل بويى شۇ قۇمۇشلۇق بىر جۈپ ناخشا،
سەھەردەك كۆي چايقىدى باغاشلىشىپ.

گىرە سالغاچ بوينۇمغا قۇت يۇلتۇزى،
كۆي كۈيلەيمەن دولقۇنىڭغا تىۋىنىپ...

4

تۇمەن سېنى ناخشام بىلەن ياد ئەتسەم،
ھەر دولقۇنىڭ بىر ھېكمەت بوپ تۇيۇلار.
ياقا يۇرتتا سېغىنچىمغا بوپ ھەمدەم
شاۋقۇنلىرىڭ دىلغا كۆي بوپ قۇيۇلار.

قارىچۇقۇمغا مۆكتى تالاي قىسمەتلەر،
ياشاپ كەلدىم دولقۇنىڭدىن سىر ئىزدەپ،
دولقۇنلىرىڭ بەرسە ئىزگۇ تىلەكلەر،
ئۇيقۇنلىرىڭ بېشىم سىيلار قۇت تىلەپ.

ئانامغىمۇ تەڭ قىلمايمەن مەن سېنى،
چۈنكى ئانام دولقۇنىڭدىن نۇرلانغان.
كەل سۆيۈپ قوي پېشانەمگە سەن مېنى،
ئانا مېھرى بالا ئۈچۈن پاسىبان!

لىرىكىلار

بىر ئەزىم كۆي ئېقىمى كېلەر لەيلەپ

بىر ئەزىم كۆي ئېقىمى كېلەر ـ لەيلەپ
كۆي چايقاپ ياتقان جىرا، جىلغىلاردىن.
باش قويار ئۇپۇقلارغا دىل سەيلىسى
قېلىشماس ھېسلار توسۇن يىلقىلاردىن.
كۆز ئاچار ئاستا ـ ئاستا كۆكۈم قىزى،
ھېلىھەم تۇمانلىرى شۇنچە سۈزۈك.
بۇ دەم دىل خالى غەيرى گۇمانلاردىن،
ناخشىلار بۇغۇنۇقمايدۇ، ئۈزۈك ـ ئۈزۈك.
سابالار شۇنچە ئەركە، يەڭگىل نەپەس
دىماغلار كۆي تۆكەر خۇش پۇراقلاردىن،
ياپراقلار شىۋىرلايدۇ ئەجەب سىرلىق

www.uyghurkitap.com

تەبەسسۇم ئۆكسۈمەيدۇ زىنناقلاردىن.
ئاھ، دەريا ساھىللىرى ئەجەب جۇشقۇن
ئەۋرىشىم قەدەملەردە ئەزىم تۇيغۇ.
ھىر ئىزگۇ مۇڭ تەۋرىتىپ خىياللاردىن،
پەر قىقىپ ئۆتەر گويا جۈپ - جۈپ ئاق قۇ.
ئاھ، دەريا شاۋقۇنلىرى كۆي مەۋسۇمى
كۆمۈش تار لەۋلىرىگە كەتكەن سىڭىپ.
قىيالار كۆچ بېرىدۇ ئىلاھلاردەك،
ھەر سادا مۇڭلىرىغا باغرىن يېقىپ.
ئاي لەيلەپ چىقار گويا رەڭدار ئۈپۈق
ئەتلەستەك تۇس تاشلايدۇ جىيەكلىرى.
يۇلتۇزلار شوخ بوۋاقنىڭ كۆزلىرىدەك
تارسىمان تىترەپ تۇرار كىرپىكلىرى.
كۆي بىلەن تۇتاشقاندەك كۆك ۋە زېمىن،
تەبەسسۇم يايغان جانلار شۇنچە لەززىز،
باش قويار داللارغا دىل سەيلىسى
مۇھەببەت كۆي تۆكىدۇ جاندىن ئەزىز.
ھىر ئەزىم كۆي ئىقىمى كىلەر لەيلەپ
كۆي چايقاپ ياتقان جىرا، جىلغىلاردىن.
ئەۋرىشىم قەدەملەردە ئەزىم تۇيغۇ،
قېلىشماس ھىسلار توسۇن يىلقىلاردىن.

شۇنچە ئىغىر تەۋرىنىدۇ ياپراقلار

ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن

(خەلق قوشىقى)

شۇنچە ئىغىر تەۋرىنىدۇ ياپراقلار
قۇيغانىمىكىن شوخلۇقىنى يۈتتۈرۈپ.
قاراقچىنىڭ كۆزلىرىدەك سوغ شامال،
دالا كېزەر يىشىللىقنى سۈپۈرۈپ.

چىرالارنىڭ ئۈزۈك - ئۈزۈك ساداسى
ئاڭلىنىدۇ شۇنچە كۆچسىز تىنىقتەك،
ئاھ، ئاق قۇلار سەپەر قىلدى قاياققا.
تەۋرەر قەلبىم گويا تەنھا قېيىقتەك.

تەۋرەر قەلبىم گويا تەنھا قېيىقتەك
ئۆتكەن كەچمىش بەرگىلىرى ئاچچىق ياش.
كۆز مەۋسۇمى مۇڭلىنىپتۇ ئەجەبا،
بىزنى تۇنجى كۆتۈۋالغان قىيا تاش.

يۇلتۇز سۆيگەن كۆك يۈزىدەك خىياللار
ئۈششۈك سوققان بەرگىلەردەك مۆكچەيگەن،
سىېرىق ياپراق لەۋلىرى بىر مەيۈس دىل،
چۈشكۈنلۈكنىڭ پىغانلىرى ئۈمچەيتكەن.

قاراقچىنىڭ كۆزلىرىدەك سوغ شامال،
دالا كىزەر يىشىللىقنى سۈپۈرۈپ.
مۇڭ تۆكىدۇ خىياللىرىم ئازابلىق،
سىنىڭ سىرلىق كۆزلىرىڭگە يۆلۈنۈپ.

ئۆمەر قادىر

## سۆيگۈ ساھىلىدىكى سىرلار

سەن قالدۇرۇپ كەتكەن شىرىن كۆي

ئاق تۇرنىدەك كەلگەنتىڭ ئۇچۇپ،
سەن يىراقتىن يىنىمغا جانان.
ئاق تۇرنىدەك كەتتىڭ ھەم ئۇچۇپ،
قايسى قىسمەت بىزنى ئايرىغان.

ئاق تۇرنىدەك كەتتىڭ سەن ئۇچۇپ،
يەنە قالدىم بولۇپ پەرىشان.

سەن قالدۇرۇپ كەتكەن شىرىن كۆي،
تەكرارلىنار ھۇجرامدا شۇئان.
سەن قالدۇرۇپ كەتكەن شىرىن كۆي،
كۆزلىرىمنى ياشلايدۇ ھامان،
بىر قولۇمدا سۆيگۈ خەتلىرىڭ،
بىر قولۇمدا سۈرىتىڭ شۇئان.

ھەممە خۇشال، پەقەت ئىككىمىز
ئىككى ياقتا تۇرىمىز جانان.

مۇڭلۇق خىيال، شېرىن چۈشلەرگە
قانداق كۆنسۈن يۈرەكلەر هامان.

جىمجىتلىقتا تولماقتا ئەتراپ،
ئۆكۈلمەكتە خازانلار هەر يان.
بىزنىڭ تاتلىق ۋەدىلىرىمىزنى
ئالدىماقتا رەھىمسىز هىجران.

سەن قالدۇرۇپ كەتكەن شېرىن كۈي،
تەكرارلىنار هۇجرامدا شۇ ئان.
هەممە خۇشال، پەقەت ئىككىمىز
ئىككى ياقتا تۇرىمىز جانان.

سېغىنىشتا تارقىلار بىر كۈي

كەچكى شەپەق تال - تال نۇر تۆكۈپ،
يېپىلماقتا دەرياغا تۇتاش.
قىزغۇچ رەڭدە تاۋلانغان ساهىل،
دولقۇنلارنى ئېتىدۇ باغاش.
توقايلىقتا سىلجىنىدۇ ئاستا
بىر جۈپ كەۋدە بولۇپ زەر قۇياش.
سېغىنىشتا تارقىلار بىر كۈي
يەنە قوزغاپ سادا ئېچىرقاش.

يۈرىكى مۇجۇلغان گۈزەل بىر چوكان

تۈن كېچە
هۇجرىدا تولغىنار ئاستا
يۈرىكى مۇجۇلغان گۈزەل بىر چوكان.

ياستۇقتا سىرغىيدۇ ئىسسىق كۆز يېشى،
خىيالى ئۆتمۈشنى هۇۋلايدۇ شۇئان.
ئۇ ئەسلەر ئايدىڭنى، يالغان ۋەدىنى،
قانسىز سوغ لېۋىنى يېمىرىپ ئاران،
بىر چاغلار ئېرىشكەن تاتلىق سۆيگۈلەر
دەشنام ۋە خورلۇقتا يوقالغان تامام.

قىيالماي يولۇمغا ماڭىمەن ئاران

گۈزىلىم، بولدى قوي تۆكمە يېشىڭنى،
بۇ هىجران تەمتىرەپ يوقىلار هامان.
بەر چىداش ئازابقا، ئەگمە بېشىڭنى،
قەلبىڭنى ئەزسىمۇ سۆيگۈ ۋە پىغان.

بىز تەكرار ئايرىلدۇق، ئېلى دەرياسى
ئىشىكلىك ئالدىدا ئاقماقتا راۋان.
شەپەقتە چايقالغان قىزغۇچ دولقۇنلار
يالقۇنلۇق ئىشقىڭنى قىلىدۇ ئايان.

ئۈزدىتىپ قالسەن ساهىلدا غەمكىن،
قىيالماي يولۇمغا ماڭىمەن ئاران.
ئۆتىدۇ ئاي، كۈنلەر پەرىشان لېكىن،
بىر خىيال ئارىلىقتا يۈگۈرەيدۇ پىنھان.

ئېڭىمدا لەيلەيدۇ جىمجىت مەھەللەڭ،
ۋە بىزلەر ئەسەبىي سۆيۈشكەن جاڭگال.
مەن تۇرغان شۇ ئۆيۈڭ بولۇپ يېشىل رەڭ
گۈزەل بىر دۇنيانى ئەسلىتەر دەرهال.

مۇختار سوپى

## كۆكۈم تەبەسسۇمى

تۈگمەن

ئولتۇرىمەن مۈكچىيىپ ئۇندا
غوڭۇلدايدۇ تاشنىڭ ئاۋازى،
ئاپئاق تام
ئاپئاق تورۇس

باش ئۇستۇمدە ساڭگىلاپ تۇرار
ئۆمۈچۈكنىڭ تورلىرى لەپ - لەپ...
خىيالىمدا يىراق بىر ماكان...
قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ هەر دەم
تۈگمەننىڭ

ئېرىلەتتىگۇ، مۇڭلۇق ساداسى.
قەدىمىي توپا ھىدى
ئۇرۇلىدۇ دىماغلىرىمغا.
جەسەتلەرنىڭ پۇراقلىرىدەك
ياغاچ نودىن شاقىرىغان سۇ
بۇ كېچىنى ئالغان ئىگىلەپ
غالىب قوشۇن سادالىرىدەك.
خىيالىمدا بىر سەبىي بالا
ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ئۇ چاغ
ئۇخلاپ قالغان تۇگمەن ئىچىدە.
تاڭغا يېقىن چىلىلغان خوراز
خوراز ئەمەس شەيتان ئىكەن ـ دە،
كىرىپ قاپتۇ چۈشىگە ياق، ياق...
ئاپئاق تام، ئاپئاق تورۇس
پەرىشتىنىڭ ساقىلىدەك ئاق!

خىيال ئەمەس
رېئاللىقنىڭ ئاخىرقى كۆيى
كەپتۇ كۆكتىن ئەلچى بۇ يەرگە.
خۇدا ئەمەس،
خۇدادىن بۇرۇن
مەن بۇ يەرگە بولغان تەۋەللۇت!
سورا،
كىشىلەر كەلگەن بۇيەرگە
جاۋاب بەرمەي، قالامدۇ تۈگمەن؟
قەھرىتان قىش،
مۇزلىغان دەريا،
غوڭۇلدايدۇ تۈگمەننىڭ تېشى.
سۆكەن ئىچىدە
گىگىننى تاشلىغان بوۋاق
ئاپئاق جاھان، ئاپئاق ئۆي ئىچى.

كەتمىنىگە قويۇپ قوناقنى
ئوتتا قاقلاپ يەيدۇ پوستەكچى.
يوللاردىكى ئەسكى ئۆتەڭلەر
پەرىشتىگە بولمىغان ماكان
تۈكسىز ئىتنىڭ قاۋاشلىرىدا
مەڭدەپ قالغان يولۇچى قاچان؟
خىيالىمدا ئاپئاق تام، تورۇس
خىيالىمدا ئاپئاق بىر جاھان...

چۈشەكەيدۇ قۇشقاچ ئۆۋىدا...

چۈشەكەيدۇ قۇشقاچ ئۆۋىدا
زەر پاخالغا تۈگۈلگەن پېتى.
ئىسسىق تارار ئەتراپقا تىمتاس
جىملىۋە قىلار قۇشنىڭ سۈلكىتى.

ۋىچىرلايدۇ گاھى ـ گاھىدا
قۇش بالىسى، قىپقىزىل ئېتى.
ناتونۇشتۇر ئۇلارغا پەقەت
دۇنيادىكى ئۆلۈمنىڭ خېتى.

خىيال

يېقى دۇنيا بىلمەيسەن ئۇنى
سەندىن غالىب، سەندىن بىننەزەر،
ئۇندا مەۋج ئۇرار بۇلاقلار
ھىلال ئاينىڭ شولىسى چۈشەر.
بېغىشلىساڭ بولمايسەن خاراب
سەن ئۆزۈڭنى ئاڭا بىر ئۆمۈر.
نۇر ئىچىدە چاقنايدۇ نۇرلار
سەن بىر ئاخشام ئۇنى ئويلاپ كۆر.

ئەنۋەر داۋۇت

## ئۇيغۇر يەكتى

I

بېشىدا ئاق دوپپا،
چۆرىسىگە

يۇلتۇزلار گۈل بوپ چېكىلگەن
كۆك ئاسماننى كىيىۋالغان ئۇ،
ساما سىلىپ

زوقى بىلەن
يۇقىرىغا ئۆرلەپ سەكرەپ
گويا ئاسماننى ئۆزۈۋالغان ئۇ.

2

ئۇچى ئاسمانغا قادىغان—
ئاينىغى ئۇنىڭ
ئۇپۇققا قاراپ،
ئىز سالغان ئەسىرلەپ.
چېچى ئاقارغان،
بېلى پۈكۈلگەن
ئاتا، ئانىسى ئۇنى كۈتكەن
ئاسمانغا قاراپ،
ئاق يوللار تىلەپ.

3

ئۇ—
ئاي قۇببىلىك مەسچىتتىن چىقىپ،
ئۆلگەن ئاتىسى، ئانىسى ئۈچۈن
سامان يولىنى ئاق بەلباغ قىلىپ،
تاۋۇت ئالدىدا يىغلاپ
هازىلار ئاچقان.
ئۆزىنىمۇ چىللاپ ئەجەل
ئاي يۈزىنى چاڭلار باسقاندا،
گۆرىدە يەنە
ئەجدادى ئوخشاش
ئەسمانغا قاراپ قانىماي ياتقان.

4

دېمەك،
ئۇنىڭ قەلبىدە ئاسمان،
ئۇنىڭ جىسمىدا ئاسمان،
بىلگىن جاھان:
ئۇ — ئۇيغۇر يىگىتى!
كۆڭلى گويا
ئۆزى سۆيگەن
كۆك ئاسماندەك كەڭ ئىنسان!

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋۇر

## هەر مۇقامدا ئېيتقان ناخشىلار

### قار پەيزىنى سۈرمەكتە دالا

تۈكۈلمەكتە كۆكتىن كۈمۈش قار.
قېقىلغاندەك ئۈرۈك چېچىكى.
چاچقاپ كەتكەن قۇمساز تۇپراقنىڭ
ئاق ئەترگە تولدى ئېتىكى.

ئۈششۈك تەگكەن دەرەخ شاخلىرى
تاقىۋالدى قاردىن ئاق مارجان.
ئاپئاق پوسما كىيدى بېشىغا
شەھلا كۆزلۈك نازىنىن جانان.

قارغا تەشنا ئاشىق قىز - يىگىت
قارلىق تاشلاپ يۈرەر قوغلىشىپ.
پاخپاق سۆگەت تۈۋىدە خۇش خۇي
بىر توپ بالا كۈلەر ئويىنىشىپ.

كىرپىكلەرگە ئىلىنگەن قارلار
تۇرار رەت - رەت جىلۋىلىك پارلاپ.
قارنىڭ ئوششاق تۈزۈندىلىرى
گۈل لەۋلەرگە سۆيەر يېپىشلاپ.

كۆرۈنىدۇ ئاق چېدىر ئوخشاش،
خىلۋەتتىكى قېرى ئاق جىگدە.
سۇسىز ياتقان ئېگىز - پەس دەريا
يېپىلغاندەك تۇرار ئاق پەردە.

قار ياغماقتا ئاستا لەپىلدەپ،
ئاق قۇ قانات قاققاندەك گويا.
دىلدا شادلىق قاينايدۇ شۇ تاپ.
قار پەيزىنى سۈرمەكتە دالا.

### تۇتقىن ئەلگە ناخشاڭدىن شەربەت

(ياش ناخشىچى ئىززەت ئىلياسقا بېغىشلايمەن)

كەيىپ بولار كۆڭۈل شادلىقتا.
كۆيلىرىڭنى تىڭشىسا كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويغىتار ساپ سۆيگۈ ياشلىقتا
كۆزلىرىڭنىڭ بۇتلۇق بېقىشى.

گۈل لېۋىڭدىن ناخشا تۆكۈلسە،
چۈشەر لەرزان ئۇسسۇلغا رەققاس،
كۆكتە چولپان تاڭ قېلىپ كۈلسە،
شائىر سېنى كۈيلەشتىن ھارماس.

سېھىرلىنەر بۇلبۇلنىڭ تىلى
شاد ناخشاڭنى قالسا گەر ئاڭلاپ،
قۇلاق سالار يورۇڭقاش، ئىلى،
شاۋقۇن سېلىپ ئېقىشتىن توختاپ.

ئەللىيدە ناخشاڭنىڭ جانان،
ۋىلىق - ۋىلىق كۈلىدۇ بوۋاق.
تىمتاسلىقتا تاڭ قالار ئورمان،
ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماستىن ياڭراق.

بوشىنار دىل ئازاب - ھىجراندىن،
ناخشاڭ بىلەن چۆمۈپ راھەتكە.
ھايات قۇچار بىخلار يېڭىدىن،
تولۇپ ئاجىز تېنى قۇۋۋەتكە.

خۇش ناۋالىق ئەي گۈزەل رەنا،
ياڭرات جۇشقۇن ناخشاڭنى ئەبەت.
تەشنالىقتا قالمايلى يەنە،
تۇتقىن ئەلگە ناخشىدىن شەربەت.

تۇرسۇنجان ھاشىمى

## شېئىرلار

### چېچىلغان يول

بۇ دۇنياغا كەلدىم نەچچە رەت
نەچچە ئۆلۈپ نەچچە تىرىلىپ.
ئىرىشكىنىم كۆلەڭگەم پەقەت
يۇلتۇزلارغا كۆرمىگ چىرمىلىپ.

مەنزىللەرگە قىلدىم كۆپ سەپەر
يوللىرىمنى تاشلاپ ئۇيۇقتا،
ئادرېسىمنى قالدۇردۇم يېزىپ
ئىزلىرىمنى كۆمگەن يوپۇقتا،

ھالسىرىدىم ئۆتەڭلىرىدە
ئەگرى - بۈگرى خارابىلارنىڭ.
قەترىلىرىم قالدى چېچىلىپ،
ئوردىسىغا باھادىرلارنىڭ.

ئىشىكىگە قايسى مەۋجۇدنىڭ
كەلگىنىمدە ئاچچىق يۆتۈلۈپ؛
تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۇ ماڭا
قۇم چۆللەرنى چىقتى كۆتۈرۈپ.

رەتلەپ چىقتىم سەھەرلىرىمنى،
سوئاللارغا كۆمۈلدى ھەۋەس.

تالالىغىنىم مەۋجۇتلۇقۇمدىن
روھىم سىڭگەن ئەڭ قاتتىق نەپەس،

ئۆچۈپ يۈرەر ئۈندەش، پەشلىرىم
نۇر يولىدا ئەپسانە سۆزلەپ.
مەن بارىمەن دەرۋىش تۈسىدە
ئادەملەرنىڭ روھىنى تۈزلەپ.

### شۇنداق ناخشا بۇ...

ھەر كۈن ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،
ئاشۇ كوچاڭدىن ئەگىپ كېتەلمەي...
(ت. ئېلىيوۋ)

شۇنداق ناخشا بۇ...
ھەر ئاخشىمى
ھەر بىر ئىشىككە
ئۆتۈپ كېتەر ئاستا گۈل سۇنۇپ،

شۇنداق ناخشا بۇ...سۈبھى
بۇلبۇل كۈيى تىرىلگەن دەقىق
گۈل تۈۋىدە
قالىدۇ قونۇپ.

## ئاق ۋە يېشىل

سوغۇق دەريا كېلەر يىراقتىن
ناخشىسىنى توۋلاپ ئايازنىڭ.
بىر قىز يۈرەر ئىشقى پىراقتىن
گۈللىرىنى يۇراپ باھارنىڭ.

سەلكىن شامال سۈرگەن شۇ كېچە
ھىدى كەلدى پەسلى باھارنىڭ.
ئاق چېچەكلىك چاغلاردا يىگىت
پەيزىسىنى سۈردى ئاق قارنىڭ.

**نۇرگۈل يۇنۇس**

# ئۈمىدلىرىم قالسۇن چېچەكلەپ

### باشلىغۇم بار ئاينى خانەمگە

باشلىغۇم بار ئاينى خانەمگە
ئايدىڭ كېچە، ئاپئاق بۇ كېچە،
ئايدىن ئۆزۈم ئايرىلالمايمەن
سىردىشىپمۇ تاكى تاڭغىچە.

ئاق نۇر بىلەن يىراققا كەتسە
يۇلتۇز ئارا مېنى يېتىلەپ.
يۈرىكىممۇ تاپسا شىپالىق،
بەرسەم ئىككەن دەردىمنى سۆزلەپ.

بىراق تاڭمۇ يېتىپ كېلىدۇ،
ئايرىلىمىز ئاي بىلەن شۇئان.
ھېسلىرىممۇ بىللە كېتىدۇ
ئاي مۆككەن شۇ تاغ كەينى تامان.

ئۇنتۇلغاندەك شادلىقىم گويا،
كەتكۈم كېلۇر يىراق يەرلەرگە.
چۆللۈكلەرگە سېلىپ مەن كەپە،
باشلىغۇم بار ئاينى خانەمگە.

### مەن قۇش بولسام ئىككەن ئەسلىدە

ھېچكىم بارماس بىر قىيا قاپتال،
مۇڭغا چۆككەن جىرا ۋە بۇلاق.
باشلاپ باراي سېنىمۇ شۇتاپ،
بىر قۇش سايرار ئاڭا سال قۇلاق.

تەبىئەتنىڭ ئىزگۈ كۈيىگە،
سىڭىپ بارار مۇڭلۇق ئاۋازى.
سىرغىپ ئاققان جىرا سۈيىگە،
كۈيلىرىنى ئاتىغان ئەسلى.

شۇ كېچىك جان بەلكىم ئايرىلىپ
ئانىسىدىن قالغاندۇ يېتىم.
تەبىئەتكە دەردىنى تۆكۈپ،
ئاندىن كۆڭلى تاپىدۇ تىنىم.

تۆكۈپ شۇنداق دەردلىرىنى قۇش،
پەرۋاز قىلار ئاسمان قەرىدە.
ماڭا نېسىپ بولماپتۇ ئۇچۇش،
مەن قۇش بولسام ئىككەن ئەسلىدە

### ئۈمىد

ھېسلىرىمنى كۈكۈم قۇچاقلاپ
ئېلىپ قاچار يىراق ئۇپۇققا.
مەن ئاۋارە روھىمنى قوغلاپ،
ئۇمۇ ئىككەن ئەسلى ئۇپۇقتا.

يۈگۈرەيدىكەن كۈكۈم بىلەن تەڭ،
شۇڭا دائىم خىيالىم قېچىپ.
نەچچە ۋاقتىن قويماپتىمەن زەڭ،
ساددا جامدىن شارابلار ئىچىپ.

ئۆتەكلەرگە مىنگىشىپ شۇئان
بارغۇم كەلدى روھىم يېنىغا.
توسۇۋالدى يولۇمنى بۇلۇت.
تەنلىرىمگە ئۇلاشتى يىغا.

روھىم بىلەن كۆرۈشەي تېزرەك،
چىدالمىدىم ئېغىر ئازابقا.
ھېسلىرىمنى ئەپ كەتمە كۈكۈم،
ئۆزى كەلسۇن روھىم بۇياققا.

يەكېتىڭلار روھىم يېنىغا
ئەي ھېسلىرىم مېنى يېتەكلەپ.
ئىككى سىرداش كۆرۈشكەن چاغدا،
ئۈمىدلىرىم قالسۇن چېچەكلەپ.



مەھەممەت ئىبتىپ

# كۈتۈلمىگەن پاجىئە

(ھېكايە)

مۇنەۋۋەر، ماھىرە ۋە ھۆرنىگۈللەر بىر كوچىدا ئولتۇرىدىغان، ياش قۇرامى پەرقلەنمەيدىغان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى بىرلىكتە تۈگەتكەن قىزلار ئىدى. ئۇلارنىڭ تەقى-تۇرقى، چىراي-شەكلى ھەتتا مىجەز-خۇلقى ئۆزگىچە بولسىمۇ، ئۇلار ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە تولىمۇ ئىناق ئۆتكەن قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار زاماننىڭ تەلىپى، ۋەتەننىڭ ئېھتىياجىغا لايىق قانات قېقىپ، يۇقىرى بىلىم ئالىمىگە پەرۋاز قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەپسۇس، ئۇلارغا قىسمەت تەتۈرلۈك قىلدى.

مۇنەۋۋەر كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالىي مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلغانىدى، ئۇ، ئىمتىھان ھارپىسىدا قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ، دوختۇرخانىدا يېتىشقا مەجبۇر بولدى. ماھىرە ئەزەلدىن ئىمتىھاندىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسى ياخشى بولغىنى بىلەن ئىمتىھان نومۇرى تۆۋەن بولۇپ قالاتتى. شۇڭا دۆلەتلىك ئىمتىھاندىمۇ نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىدى. ھۆرنىگۈلنى بولسا ئاتا-ئانىسى ئىمتىھانغا قاتنىشىشقىمۇ يول قويمىدى.

ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ، دېگەندەك مۇنەۋۋەرنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ قالدى. ئۇ ئۇزۇنغا قالمايلا ئاتا-ئانىسىنىڭ ياردىمىدە ئىشقا ئورۇنلىشىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۆش ماگىزىنىدا بوغالتىر بولۇۋالدى. تەمىنلەش كىشىلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتقان ۋە تاۋار ئىگىلىكى گۈللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇنەۋۋەرنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىش ئورنىغا ئىگە بولۇۋالدى دېيىشكە بولاتتى.

دېمىسىمۇ ئۇ خېلى ھالى بار يىگىتلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى، بەزىلەر مۇنەۋۋەرگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەتمۇ يازدى. مۇنەۋۋەر ئۆزىنى بىلەتتى. ئۇ چىرايلىقمۇ ئەمەس، ئانچە سەتمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى كېلىشكەن، ساغلام بەدەن بولسىمۇ، ئۆلۈك كۆز، سۆرۈن چىراي، مىجەزى يەڭگىل ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى بىلىپ، جورا تاللاشتا ئۆزىگە لايىق تەلەپ قوياتتى. ئاخىرى ئۇ ھاپىز ئىسىملىك خەلق ساقچىسىغا كۆڭلىنى

توختاتتى ۋە ئۇنى يارىتىپ قالدى.

ھاپىز يىگىرمە تۆت ياشلاردا بولۇپ، قامەتلىك، چەبدەست، قاپقارا چاچلىرى ئاپتەتتىن تاشقىرى قويۇق يىگىت بولۇپ، بادام قاپاق قارا كۆزلىرى سەل چوقۇر چىرايىغا بىر خىل سىن كىرگۈزۈپ تۇراتتى. مۇنەۋۋەر دەسلەپتە ھاپىزنىڭ ساقچىلىق سورىدىن قورۇنۇپ يۈردى. كېيىن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، مۇڭدىشىپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ سىلىق مۇئامىلىسى، مۇلايىم، دىلكەشلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلى سۆيۈندى. كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر دېگەندەك ھاپىزمۇ ھەر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى. ئىككىلىسى ئىشتىن چۈشۈپ، بىللە كەچلىك سەيلىگە چىقاتتى، كىنو-تىياتىر كۆرەتتى، مۇڭدىشاتتى. مۇڭداشقانسېرى ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر-بىرىگە شېرىن تۇيۇلاتتى. ئۇلار كەلگۈسى تۇرمۇشنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشەتتى. شۇ تاپتا ئۇلار تۈزۈككىنە بىر ئۆي تېپىلسىلا توي قىلىۋالسا بولاتتى.

خېرىدارلىق بولمىسا، زېبالىقلىق نەكېرەك دېگەندەك ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈل تېخى مۇھەببەت بوسۇغىسىنى ئاتلاپ كىرىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. ماھىرەنىڭ ئائىلىسىدە جان سانى كۆپرەك ئىدى. پەقەت دادىسىلا ئىشلەيدىغان بولغاچقا، تۇرمۇشى سىرىقتال ئۆتەتتى. ئۇ ئاھالىلار كوممىتېتى ئۇيۇشتۇرغان قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ئامىتى كېلىپ بىرەر قۇرۇلۇشنى كۆتۈرە ئېلىۋالالىسا، بىر نەچچە ئاي قاتتىق ئىشلىۋالاتتى، ئىش بولمىسا ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قالاتتى. مانا ھازىر ماھىرە ئۆيىدە بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ كۈن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ھۆرىگۈلنىڭ دادىسى پار قازان ئىشچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئىدارىسىدىن قىزىغا تازىلىق ئىشچىلىقى چىقىپ قالدى. بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭغا ۋاقىتلىق ئىدى. ئۇ ئىشخانا بىناسىنىڭ ھاجەتخانىسىنى تازىلايتتى، ئىدارە باشلىقلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىنى سۈپۈرۈپ، ئۈستەل، ئورۇندۇق، ساپالىرىنى سۈرتەتتى. قايناقسۇيىنى ئەكىرىپ بېرەتتى. بۇ ئىشلار قولى ئەپچىل، ئايىغى يەڭگىل ھۆرىگۈل ئۈچۈن ھېچبىر ئېغىر كەلمىسىمۇ، مەكتەپتە ئەلا ئوقۇپ، ئاخىرى «تازىلىق» ئىشچىسى بولۇپ قالغانلىقىغا ئېچىناتتى ۋە بۇنىڭدىن خىجىل بولاتتى.

تۇرمۇش قەدىمىنى جاپالىق، پاسكىنا، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قىلىش بىلەن باشلىغانلىقتىن، ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈلنىڭ كۆڭلى سۇنۇق، روھى چۈشكۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن ئاغرىنغۇسى كېلەتتى. ئاتا-ئانىلارنىڭ ھازىرقى، بىردىنبىر غېمى بالىغەتكە يەتكەن ئوماق، چىرايلىق قىزلىرىنى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن كۈيئوغۇلغا تېزرەك تۇتقۇزۇش ئىدى. كۈنلەر ئايلار ئۆتمەكتە، كۈتە-كۈتە ئىككى يىل ئۆتتى. ھېچكىم بۇ قىزلارنى ئوغلىغا لايىق كۆرۈپ، ئۇلارغا ئېغىز ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا-ئانىلار غەم-غۇسسىگە چۈشۈپ بىئارام بولۇشسا، قىزلار ئوقۇشنىمۇ داۋاملاشتۇرالمىغانلىقى، ئەمدى كېلىپ يىگىتلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە جەلپ قىلالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنەتتى، قايغۇراتتى. ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەرگە مەسلىكى كېلەتتى. ئۇ تۇرمۇش يولىدا كۆڭۈلدىكىدەك، كىشىنى زوقلاندۇرغۇدەك قەدەم باسقانىدى. ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈل ھەر كۈنى كەچتە ھاپىزنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى، كەچلىك سەيلىگە، كىنو-تىياتىرلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى

تى. ئۇلار ئۆز دوستىغا ئاق يول ۋە بەخت تىلەيتتى. ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈل دوستىنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش ئىدى. مۇنەۋۋەرگە ھەسەت قىلمايتتى. لېكىن ئۇلار مۇنەۋۋەرنىڭ بارا-بارا ئۆزلىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن مەيۈسلىنەتتى. ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇسى كېلەتتى. بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككى دوست يەنە ھۆرىگۈلنىڭ ئۆيىگە جەم بولۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى سولغۇن ئىدى. ئۇلار دەستلەپتە ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە مۇڭدىشىپ، بەزىدە مۇڭلىنىپ يىغلىشىپ كېتەتتى، بەزىدە شوخلۇقى تۇتۇپ، چاقچاقلىشىپ كېتەتتى. لېكىن بۇمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقىنى تولدۇرالمىغاچقا، مۇڭدىشىلىرىمۇ ئۇزاققا بارمايتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا مەكتەپتىكى كۆڭۈللۈك ھاياتىنى، نەۋقىران ياشلىقىنى ئەسكە ئېلىشاتتى. شۇ تاپتا ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈلنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىدە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنى ئەسلەش ۋە سېغىنىش ئوتلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇلار شوخلىنىپ، مەكتەپتىكى ھاياتى، كۈلكىلىك قىلىقلىرى ئۈستىدە گەپ باشلىدى. ئۇلار ھەربىر ئېغىز سۆزىدە مۇنەۋۋەرنى تىلغا ئېلىشاتتى، ئۇنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن ئىككىسى خۇددى مۇنەۋۋەر ئىشىكتىن كىرىپ قالىدىغاندەك دېرىزىدىن سىرتقا قارىشاتتى. ماھىرە كەم سۆز ئەمما تىلى ئۆتكۈر، مەنمەنچى بولسا، ھۆرىگۈل ۋىتۇلداقتەك سۆزلەپ تۇراتتى، ئاسانلا باشقىلارنى سۆزىگە ئىشەندۇرۇۋالاتتى، شۇڭا ھېسسىياتچان، ياۋاش مۇنەۋۋەر ھۆرىگۈلنى ماھىرەدىنمۇ ياخشى كۆرەتتى، بەزىدە ماھىرە ئۆتكۈر تىلى بىلەن ھۆرىگۈلگە تەگسە، ھۆرىگۈلمۇ تەن بەرمەي قىزىرىپ-تاتىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاتتى، ئاخىرى چاچلىشىش دەرىجىسىگە باراتتى. مۇنداق ۋاقىتلاردا يۇمشاق كۆڭۈل مۇنەۋۋەر ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بەزلەپ ئەپلەشتۈرۈپ قوياتتىدە، ئۈچەيلەن قايتىدىن دوست بولۇشۇپ قۇچاقلىشىپ كېتەتتى. ئۈچ دوستنىڭ ئاشۇ چاغلىرى سۆيۈملۈك ھەم ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈل ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى ئەسلىسىلا مۇنەۋۋەرنى سېغىنىشاتتى.

ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈلنىڭ شوخلۇقى تۇتتى. ئۇلار مۇنەۋۋەر بىلەن ھاپىزنىڭ شەنبىلىك شېرىن كەچلىكىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىش بولسىمۇ، سېغىنغان دوستىنى ئىشتىن چۈشۈپ ھۆرىگۈللەرنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىشىگە تۇتۇۋېلىشنى، ئۇنىڭغا ئاتاپ سېمىز كالا گۆشىدە پىشتىر مانتا ئېتىپ، ئۈچ دوست بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ بىللە تاماق يېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىش تەقسىم قىلىشتى: ماھىرە دېرىزىدىن مۇنەۋۋەرنىڭ يولىغا قارايدىغان بولدى، ھۆرىگۈل قىيمىنى تەييارلاپ، مانتىنى تۈگۈپ تۇرىدىغان بولدى.

ياخشى كۆڭۈل يەردە قالمايدۇ دېگەندەك، چۈشتىن كېيىن سائەت بەش بولۇشىغا بۇ كوچىنىڭ بېشىدىن مۇنەۋۋەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى، ئۇ يەنە كېلىپ ھۆرىگۈللەرنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ كېلىۋاتاتتى، مۇنەۋۋەر ھويلىغا كىرىشىگە ئىككى دوست ئالدىغا چىقىپ گويا ئۇزاقتىن كۆرۈشمىگەن قەدىرلىك تۇغقانلاردەك كۆرۈشۈپ كەتتى ۋە ھۆرمەت-تەكەللۇپ بىلەن ئۇنى ئۆيگە باشلىدى، ماھىرە بىلەن ھۆرىگۈل

دوستىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى-
دىن تولىمۇ خۇش بولۇشتى، مۇنەۋۋەرمۇ
ئىككى دوستىنى سېغىنغان، مۇڭدىشىۋېلىش-
نى خالايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ دوستلىرى
بىلەن كۆرۈشۈشتىنمۇ مۇھىم ئىشى بار،
ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىمىسا بولمايتتى، شۇ-
ڭا ئۇ، ئۆيگە كىرىپ سافاغا ئولتۇرۇۋېتىپ،
دوستلىرىغا سەزدۈرمەيلا سائەتكە قارىۋالدى.
بۇ چاغدا ھۆرنگۈل ئاشخانا ئۆيىدە مانتىنى
تېزرەك پىشۇرۇش ئۈچۈن كورىنى گاز ئو-
چاققا قويۇپ ئوت يېقىۋاتاتتى. مۇنەۋۋەر
ماھىرە بىلەن تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىۋې-
تىپ، يەنە سائەتكە قاراپ قويدى، ۋاقىت
ئېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ - ھە! ھۆرنگۈل-
لەرنىڭكىگە كىرگىلى ئون مىنۇت بولۇپ
قاپتۇ، ئەمدى ئۇ دوستلىرىغا ئۆزرىخاھلىق
ئېيتىپ قويۇپ ئۆيىگە بېرىش كېرەك،
مۇنەۋۋەر سافادىن تۇردى:

- دوستۇم، ھۆرنگۈل! ھەي ھۆرنگۈل،
ئاشخانىدا نېمە قىلىۋاتىسەن، بۇياققا چىققى-
نا، مەن سىلەرگە، — ئۇ ھۆرنگۈلنىڭ ئاشخانى-
دىن چىقمىغىنىغىمۇ قارىماي سۆزىنى داۋا-
ملاشتۇردى، — بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ
قويايدەپلا كىرگەنىدىم، ماھىرەمۇ مەشەدىكەن،
يولۇم قىسقىرايدىغان بولدى، ئەتە دۇكىنىمىزدا
قوي مېيى ساتماقچىمىدى، ئالساڭلار دۇكانغا
ئەتىگەنرەك باراسىلەر، خەير - خوش دوست-
لىرىم! — ئۇ ماھىرەگە قاراپ پىسسىڭىدە
كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ھۆرنگۈل مۇنەۋۋەرنىڭ سۆزلىرىنى
ئاشخانىدا تۇرۇپ ئاڭلاۋاتقىنى بىلەن تې-
خى بىرنېمە دەپ ئاشخانىدىن چىقمىغانى-
دى، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن ئەن-
سىرىگەنىدەك ماھىرە بىلەن خوشلىشىپلا
قاچماقچى ئىدى، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماھىرە-
نىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ئۇ تېڭىرقاپ قېلىپ
ئەمدىلا ھوشىنى تاپقاندەك ۋارقىرىدى:

— مۇنەۋۋەر، توختا! — مۇنەۋۋەرنىڭ
يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى، ئۇ ئىشىك
ئالدىدا شىپپىدە توختاپ، كەينىگە بۇرۇ-
لۇپ مىيىقىدا كۈلدى، ئۇ ماھىرەنىڭ ئۆڭ-
گەن چىرايىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.
ماھىرە تەمكىنلىك بىلەن كېلىپ مۇنەۋۋەر-
نىڭ مۈرىسىدىكى سومكىسىنى ئېلىۋېلىپ،
يوتقان - كۆرپە يىغىلغان كارىۋاتنىڭ ئۈس-
تىگە ئېتىۋەتتى، ئۇنى بېلىكىدىن تارتىپ
ئېپكېلىپ يەنە سافاغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ:

— ئولتۇر دوستۇم، سېنى ئۇزۇن تۇتمايـ
مىز، ساڭا ئېيتىدىغان تولىمۇ مۇھىم گېپى-
مىز بار، — دېدى چىرايىنىمۇ ئاچماي.

ھۆرنگۈل ماھىرە، — مۇنەۋۋەر ئالاقزادى-
لىق ئىچىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، يېلىنىش تەلەپپۇ-
زى بىلەن دېدى، — دوستلىرىم، ئۆتۈنۈپ
قالاي، مەن بۈگۈن راستىنلا...

ھۆرنگۈل ئاشخانىدىن چىقتى، ئۇنىڭ
چىرايى تېخىمۇ ئۆمسە، قوپال كۆرۈنۈپ
كەتتى، مۇنەۋۋەر قانداقتۇر بىر سەۋەنلىك
ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك بىئارام بولۇپ، سۆ-
زىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىدى.

— نېمە دەيسەن، مۇنەۋۋەر، بىزنىڭ
ئاچچىق گېپىمىزنى ئاڭلىماي دېسەڭ تىنچ
ئولتۇر، سېنى ئۇزۇن تۇتمايمىز، ساڭا ئا-
تاپ پىشۇر مانتا ئەتتۇق، ئۈچىمىز مەكتەپ-
تە بىر تەلەڭگىدە نان چىلاپ ئىچكەندەك
بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەۋالايلى
دېيىشتۇق، كۆيۈگىڭمۇ تاماق يەيسەنغۇ.

ھۆرنگۈل سۆزلەۋېتىپ چىنىگە چاي
قۇيۇپ، مۇنەۋۋەرگە ئىككى قوللاپ تۇتتى.
ئۇ ھۆرنگۈلنىڭ قولىدىن چىنىنى ئېلىۋېتىپ
ئورنىدىن قوپۇۋالدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— جېنىم دوستلىرىم، بىز بارغۇ، كېيىن كىرسەم بولىدىغۇ، مېنى تۇتمىساڭلارچۇ، — ئۇ يىغلىغۇدەك بولۇپ ئىككى دوستىغا قاراپ يېلىندى.

— دوستۇم مۇنەۋۋەر، بىز ئۈچىمىز بىر يەرگە جەم بولۇپ مۇڭداشمىغىلى بىر يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. بىز سېنى يايرىۋالسۇن دەپ ئالدىڭنى توسمىدۇق، سېنىڭدە يار كۆڭۈل بىزدە يوقمىكەن، بىزنى سەن دوست ھېسابلىساڭ ئولتۇر، مېھمانىڭنىڭ كېلىشى ئۆزىدىن، كېتىشى ئۆي ئىگىسىدىن، — دېدى ماھىرە ئىككى قولىنى بېقىنىغا قويۇپ مۇنەۋۋەرگە ئالىيىپ قاراپ.

شۇ تاپتا مۇنەۋۋەر ئوسال ئەھۋالدا قالغانىدى، ئۇ يېلىنىپمۇ دوستلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىدى — ھۆرىگۈلمۇ ماھىرەنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا يىلمىيىپ تۇرۇپ ئۆزگەندەك ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— مۇنەۋۋەر، سەن قوي مېيى ئېلىۋېلىشقىلار دېگىلىلا كىرگەنما؟ دۇكىنىڭدىن ماي ئالمىساقمۇ مۇشۇ كوچىدىلا گۆش دۇكىنى بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئۆزۈڭچە مەن ياخشى يەرگە ئورۇنلىشىۋالدىم دەپ ئالدىمىزدا كۆرەڭلەپ بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟ سېنىڭ بىزنى يوقلاپ تۇرىدىغان يولۇڭ يوقمۇ؟ ۋاقتىڭ شۇنداق زىچ بولۇپ كەتتىمۇ؟ تايىنلىق سەن مۇشۇ بىر سائەت ۋاقتىڭنىمۇ بىز بىلەن ئۆتكۈزگەندىن كۆرە، ئاشۇ يىگىتىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتىدىغانسەن، بۇرۇن بىز شۇنى ئويلاپ سېنى ئىزدىمىگەندۇق. بۈگۈن نېمە بولدۇقكىن...

خۇددى ھەيۋەتلىك كەلكۈن كېلىپ توغاننى ۋەيران قىلىۋەتكەندەك ھۆرىگۈل ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭغا قاراپ ماھىرەنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، دوستىنى قۇچاقلاپ يىغىغا قوشۇلدى.

مۇھەببەت تەشنالىقى، ھاپىزنىڭ يارقىن ئوبرازى مۇنەۋۋەرنىڭ پۈتۈن قەلبىنى ئىگىلىۋالغانىدى. شۇڭا دوستلىرىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇشىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەنلىكىنى، كۆڭلى سۇنۇقلۇقىنىمۇ ھېس قىلمايتتى. بۈگۈن ئۇ بالدۇرراق ئىشتىن چۈشكىنى ئۈچۈنلا ئۇلارغا يولۇقۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى ئىدى، دۇكىنىدا قوي مېيى ساتماقچى بولغانلىقىنى دەپ قويۇشمۇ دوستلىرىنىڭ ئەلپازىغا قاراپلا دېيەلىگەن گەپ ئىدى، ئۇ ھۆرىگۈلنىڭ ئاچچىق گېپىدىن كېيىنلا ئويقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ، ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ خىجىل بولدى، ئۇلار مەكتەپتە بىر ئائىلىنىڭ قىزلىرىدەك يېقىن ئەمەسمىدى.

مۇنەۋۋەر مۇشۇلارنى ئەسلەپ، بىر مەزگىل دوستلىرىنى ئۇنۇتقانلىقىنى، ئۇلارنى ئىزدەپ تۇرمىغانلىقىدىن ئۆكۈندى. دوستلىرىدىن گەپ ئىشىتكەنلىكىنى ھەقلىق ھېسابلىدى. لېكىن مۇنەۋۋەرنىڭ بالدۇر ئىشتىن چۈشۈشى دوستلىرى ئۈچۈن ئەمەس ئىدىغۇ، ئۇمۇ ھاپىز ئىشتىن چۈشۈپ كەلگىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېيىش ئۈچۈن سېمىز كالا گۆشى ئېپكەلگەن، پىتىر مانتۇ تەييار قىلىپ قويماقچىدىغۇ، ھاپىز ھەر قېتىم ئۆيگە كەلسە ئاپىسى ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يەيتتى، بۇ قېتىم مۇنەۋۋەر ئەتكەن تاماقنى يېگەن بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاپىز مۇنەۋۋەرلەرنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئۇ ئىشىكنى كېلىشىۋالغان پەردىدە ئۇرىدۇ ـ دە، مۇنەۋۋەر ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۈگۈن شەنبە، مۇنەۋۋەرنى چوقۇم كۆرگىلى كېلىدۇ.

بەلكىم بىللە كىنوغىمۇ بارار، ئۇ كەلسە كىم ئىشلەك ئىچىپ بېرىدۇ، ھەي، بولدىلا، دوستلىرىنىڭ تۇتۇلغان چىراي، تاپا - تەنىسى بىر سائەتتىن كېيىن ھاپىزنىڭ ئالدىدا بولىدىغان تەڭقىسلىقتىن ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ، ئۇمۇ ئىختىيارسىز كىرپىكلىرىنىڭ نەملىشىۋاتقانلىقىنى، مەڭزىدىكى بىر تامچە ياشنىڭ يۈزىدىن پەسكە سىيرىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇ ھودۇقۇشتىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئىتتىك كېلىپ دوستلىرىنى قۇچاقلىدى، مەكتەپتىكى چاغلىرىدىكىدەك ئۇلارنى گۈللەپ، تېزلا يىغىسىدىن توختاتتى.

ئاياللار تەڭتۇشلىرىغا ئىچى - قارنىنى ئېچىپ، ياش تۆكۈۋالسا، ۋۇجۇدىغا پاتمايۋاتقان ھەسرەت - نادامەتلىرىمۇ ئاسانلا تارقاپ كېتىدۇ، مۇنەۋۋەر دوستلىرىنىڭ رايىغا بويسۇندى، ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتقاندەك دوستلىرى بىلەن شېرىن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، پېتىر مانتۇنى بىرلىكتە يېيىشتى. لېكىن ئۇنىڭ گىلىغا بىر نەرسە تۇرۇۋالغاندەك مانتىنى ئىشتىھا بىلەن يېيەلمەيۋاتاتتى، ھۆرىگۈل ئىككىنچى قېتىم ئىككى دوستىنىڭ قاچىسىغا بىردىن مانتىنى سېلىپ قويدى.

— مەنمۇ تويدۇم، ئەسكەردەك تېز يېگەنلىكىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ماڭا يەنە سالسەڭمۇ، بەرىبىر يېمەيمەن، — ماھىرە قاچىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ، مۇنەۋۋەرگە مېيىقىدا كۈلۈپ قارىدى، — سەن ئال دوستۇم، مەن بىلىمەن، ئالدىراۋاتىسەن، ھاپىز سېنىڭدىن رەنجىپ يۈرمىسۇن يەنە، — دېدى.

— بىرەر قېتىم رەنجىتىپ قويغانغا نېمە بولاتتى، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ يېگىن دوستۇم، — ھۆرىگۈل مۇنەۋۋەرنىڭ چىنىسىگە چاي جىقلاپ قويۇپ دېدى، — ئاشۇ قاچاڭدىكى مانتىنى يەۋەتمىسەڭ بەرىبىر ماڭغۇزمايمەن، ھە راست، دوستلىرىم، بىر ئىش ئېسىمگە چۈشتى، سىلەر بىلەن ئورتاقلاشقۇم كېلىۋاتىدۇ، مۇھەببەتلىشىشتە باشقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشىمىز كېرەك. مۇھەببەتلەشتۇق دەپ ئالدىغىلا قاراپ تاتلىق ئىلھامبەخش سۆزلەرنىلا دېيىشىپ، لەززەت ئىچىدە ئېرىپ يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ، ھايات نەدىمۇ بورانچاپقۇنسىز بولىدۇ، ئۇششۇمتۇت قويۇنىمۇ چىقىدىغۇ. شۇڭا سۆيۈشكەنلەر بىر-بىرىنى سىناپمۇ كۆرۈش لازىم، بولۇپمۇ بىز قىزلار يىغلاڭغۇ، ئاجىز، يۈرەكسىز كېلىمىز، لېكىن ھېسسىياتقا بېرىلىشىمىز ئەرلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك، ئاسانلا ھاياجانلىنىپ ئەرنىڭ باغرىغا ئۆزىمىزنى ئېتىۋېتىمىز، بۇنىمۇ مەن بىلمەيمەن، — ئۇ مۇنەۋۋەرگە قاراپ قوشۇپ قويدى، — سەن بىلىدىغانسەن، مېنىڭ ئاچام مۇھەببەت مۇتەخەسسىسى، بۇنى شۇ دەپ بەرگەن. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرى مۇھەببەتلەشكەنلەر تولىمۇ قاتتىق سىنىشىدىكەندۇق، بەزىلەر تويۇقسىز سۆيگىنىگە خەت يېزىپ «ئائىلىمىز يېقىندا چەت ئەلگە چىقىپ ئولتۇراقلاشماقچى، مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام بىلەن ماڭماي ئىلاجىم يوق، سىزچۇ» دەپ سوئال قويىدىكەن، چەتكە چوقۇنىدىغان، سۆيگىنىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلار ئويلانمايلا «سىز كەتسىڭىز مەنمۇ كېتىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ سۆيگىنىگە بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرىدىكەن، قارشى تەرەپنىڭ ئوي - خىيالى نېمە، بۇنى بىلمىگەنلىكتىن يۇقىرىقى سىناق بەزىلىرىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا «ئىنسان ئۈچۈن ۋەتەندىن قەدىرلىك نېمە بار، سىز ئانا ۋەتىنى-

www.uyghurkitap.com

گىزنى سۆيمەيدىكەنسىز» دەپ ئايرىلىشىپ كەتكەنىكەن. بۇ سىناقلار شۇ دەۋرگە مۇۋاپىق بولسا كېرەك، ھازىر قانداق سىنىشىدىكىن، بىلمەيمەن.

ھۆردىگۈل شۇ سۆزلەرنى قىلىپ پىخىلداپ كۈلدى، ماھىرە بىلەن مۇنەۋۋەرمۇ كۈلۈشتى. ماھىرە مۇنەۋۋەرگە سوئال نەزىرىدە قاراپ:

— مۇنەۋۋەر دوستۇم، سەن ھاپىزىڭنى سىناپ كۆردۈڭمۇ؟ سېنىڭ تەجرىبەڭ بىزگە ئالتۇندىن قىممەتلىك، ئۇ ساڭا سادىقمۇ؟ ئۇنىڭ خۇش خۇي چاغلىرىنىلا كۆرۈپ، چىرايى تۇتۇلغان، ئاچچىقلانغان ۋاقىتلىرىنى كۆرۈپ باقمىدىڭمۇ؟ ياق دەمسەن، بولماپتۇ بۇ، ئۆيلۈك بولۇپ قالساڭ كېچىكىپ قالىسەن جۇمۇ، ھۆردىگۈلنىڭ بۇنى ساڭا ئەسكەرتكىنى ياخشى بولدى، — دېدى.

ئىككى دوست مىيىقىدا كۈلۈپ مۇنەۋۋەرنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ قالغانىدى. مۇنەۋۋەر ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغىنى بىلەن كۆڭلىدە ھاپىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن ھەربىر دەقىقىلىرىنى ئەسلىدى: ھەقىقەتەن، دوستلىرى دېگەندەك ھاپىزنىڭ تالاي قېتىم ئۆزىنى كوچىدا، ئاپتوبۇس بېكىتىدە ياكى كىنوخانىلارنىڭ ئالدىدا ساقلىتىپ قويۇپ كەلمىگەن ۋاقىتلىرى بولغان، بەزىدە يىگىتلىك ئۈستۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ قوپاللىقمۇ قىلغان... مۇنەۋۋەر دوستلىرىغا بۇ ئىچكى سىرلىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. كۆڭلىدە ئىقراركى، ھەر ۋاقىت ئۇ ھاپىزنى ئەپۇ قىلىپ كەلگەنىدى، دوستلىرىنىڭ سۆزلىرى ئۇنى ئويغاتتى. بۇنى ئۇ دوستلۇق مېھرىبانلىقى دەپ چۈشەندى - دە، قورسىقىغا شەيتان كىردى، ھۆردىگۈللەرنىڭكىدە مۇشۇ ئولتۇرۇپ قىلىشنى ھاپىز ئۈچۈن دەسلەپكى سىناق ھېسابلىدى، ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن بايىقى بىئاراملىق ئۆيگە قايتىش قىزغىنلىقى تۈگەپ سۆيگىنىگە ئىنتىلىشى سۇۋۇغاندەك بولۇپ قالدى.

كۆڭۈللۈك ۋە قىزغىن مۇڭدىشىش، سوزۇلۇپ نامازدىگەر بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئەمدى ھېچكىم ئۆيگە قايتىش ھەققىدە بىر نېمە دېمەيتتى. بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى... ئىشىك يېنىك چېكىلدى، ئۈچ دوست كۈلكىدىن توختاپ ئىشىككە قاراشتى، ھۆردىگۈل چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىشنى بۇزۇپ كىرىپ كەلگىنىگە نارازى بولغان ھالدا چىرايىنى تۈرۈپ:

— كىرىڭ، — دېدى.

ئىشىكنى ئېچىپ ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، يىگىرمە تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى كېلىشكەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى، ئۇ بېشىغا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ شىلەپىسىنى كىيگەن، قارا سارجا پەلتوسىمۇ بويىغا ياراشقانىدى. مۇنەۋۋەر بىلەن ماھىرە بۇ خۇش خۇي يىگىتنى كۆرۈپ تېڭىرقاپ قالدى، دەقىقە ئارىلىقىدا ئۇلار ھۆردىگۈلنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى. يالقۇنلۇق كۆزلىرى ئويناپ كەتكەنىدى، ئۇ دوستلىرىنى ئۇنتۇپ، ئىتتىكلا يىگىتنىڭ ئالدىغا باردى:

— كېلىڭ زەپەر، تۆرگە ئۆتۈڭ، سىزنى بىزنىڭ ئۆيىمىزگە قايسى شامال ئۇچۇرۇپ ئېپكەلدى، — ئۇ زەپەرنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە بېلىكىدىن تارتىپ ئېپكېلىپ سافادا ئولتۇرغۇزدى، ئەمدىلا دوستلىرىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولۇپ، چىرايى شەلپەر-

دەك قىزىرىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قارىدى ۋە قاراشلار مېنىڭمۇ ئىزدەپ كېلىدىغان يىگىتىم بار، دېگەنىدەك جانلىنىپ كەتتى.

— دوستلىرىم تونۇشۇڭلار، — ئۇ زەپەرنىڭ ئىسمىنى ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئالدى، — زەپەر، ئىدارىمىزنىڭ ياش كادىرى، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ كەپتىكەن، مەن بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدارىمىزغا ئىشقا چۈشكەنىدى.

مۇنەۋۋەر بىلەن ماھىرە زەپەرگە ئىززەت بىلدۈرۈپ، سىپايىلىق بىلەن ئەھۋال سوراشتى، ئۆز نۆۋىتىدە ھۆردىگۈل زەپەرگە دوستلىرىنىمۇ تونۇشتۇردى. زەپەر چىقىشقاق، سۆزمەن يىگىت ئىدى، ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرىسا كېرەك، ئورنىدىن تۇرۇپ يانچۇقىدىن ئۈچ دانە بېلەتنى چىقاردى.

— ھۆردىگۈل، ئېپىي كەلسە سىپپى ئۆزىدىن چىقار دېگەنىدەك، سىزنى ئىزدەپ كېلىپ گۈلدەك دوستلىرىڭىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بۇ مېنىڭ ئۈچۈن بەختلىك ئۇچرىشىش دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن ئالدىرىغاندا لەببەي تېپىلماس دېگەنىدەك بىر ئىش بولغۇدەك. مۇشۇنچىلىك ئولتۇراي، بۈگۈن ئاخشام مەدەنىيەت زالىدا تانسا بار ئىكەن، بېلەت ئېپكېلىۋىدىم...

زەپەر ھۆردىگۈلنى بىرىنچى قېتىم تەكلىپ قىلىۋاتقانلىقىدىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ ھۆردىگۈل سۆزىنى بۆلۈپ:

— بېلىتىڭىز ئارتۇقمۇ، يەنە كىم بار؟— ئۇ زەپەرگە چاقچاق قىلىپ كۈلدى. مۇنەۋۋەر بىلەن ماھىرەمۇ كۈلۈشتى. زەپەر ھۆردىگۈلنىڭ بۇ سوئالىدىن ئازادىلىك ھېس قىلدى ۋە:

— دوستىنىڭ دوستى بولىدۇ ئەمەسمۇ، بىز ھەر قېتىم مۇڭداشقىنىمىزدا سىز بۇ دوستلىرىڭىزنى تىلغا ئالاتتىڭىز، شۇڭا...

— شۇڭا ئۇلارغىمۇ ئاتاپ بېلەت ئالدىم دەڭ، دوستلىرىم بۇ نېمە دېگەن ياخشى - ھە! بارامسىلەر، شۇنداق، شۇنداق، چوقۇم بارىسىلەر، بۇ زەپەرنىڭ ھۆرمىتى، مېنىڭ ھۆرمىتىم، بولامدۇ مۇنەۋۋەر.

شۇ دەم مۇنەۋۋەرنىڭ كۆز ئالدىغا ھاپىز كەلدى، ئۇ خۇددى مۇنەۋۋەرنى ئۆيىدە كۈتۈۋاتقاندەك بىلىندى.

— مەن... — بارمايمەن دېيىش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى.

— مۇنەۋۋەر بارمىسا مەنمۇ بارمايمەن، — دېدى ماھىرە نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بولۇپ، — ھە، راست، دوستۇم مۇنەۋۋەر بايا ساقچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا سېنىڭ يىگىتىڭمۇ قاسقان شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ موتسىكلىتكە ئولتۇرۇپ دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدەك قىلدىم، ئۇ بۈگۈن ئاخشام ھەقاچان سېنى ئىزدەپ كېلەلمەيدۇ. تانسىغا بىللە بارايلىچۇ دوستۇم!

ماھىرە مۇنەۋۋەرنى قۇچاقلاپ ئەركىلەپ يېلىندى، ھۆردىگۈلمۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— ئىزدەپ كەلسىمۇ مەيلىغۇ، بىرەر قېتىم ئۇچرىشالماي قايتسا مۇنەۋۋەرنىڭ ئابرويى، قىممىتى ئاشىدۇ، شۇ...

مۇنەۋۋەردە بايا ئويغانغان ھاپىزنى سىناش ئىستىكى قايتا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەپەرنىڭ ھۆردىگۈلگە تانسا بېلىتى ئېپكېلىشى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى بەختىگە مۇناسىۋەتلىكتەك بىلىندى، ئۇ بارمىسا ماھىرەمۇ بارمايمەن دەۋاتسا، ھۆردىگۈلمۇ ئۆزىدىن رەنجىپ قېلىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا ئۇ تانسىغا بارماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ دوست يان ئۆيگە كىرىپ پەرداز قىلىشتى، يىگىرمە مىنۇتلاردىن كېيىن ئۇلار تانسا زالىغا قاراپ يولغا چىقىشتى. ئۆيدىن ئايرىلىپ ئەللىك قەدەممۇ ماڭمىغانىدى، ماھىرەنىڭ ئىنىسى ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالغانلىقىنى، دادىسى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مۇنەۋۋەر بىلەن ھۆرنىگۈل ماھىرەنىڭ ئانىسى كېسەل، ئورنىدىن تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارمۇ ماھىرەنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى، تانسىغا كېيىنرەك بولسىمۇ بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ يولغا راۋان بولۇشتى.

* *

قۇياش شەھەرنىڭ غەربىدىكى تاغنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇپۇقتا قىپقىزىل شەپەق چوغدەك يېلىنجاپ گويا پەلەككە تاقاشقان ئەكس نۇردەك شەھەر چېتىدىكى كىچىك تاغ چوققىلىرىنى، قەۋەتلىك بىنالارنى قىزىلغا بويىغانىدى، ئىللىق تىنىق ھاۋادا ھايات زوقىنى قوزغاتقۇچى كۆزنىڭ يېقىملىق شامىلى چىقىپ تۇراتتى. شەھەر كوچىسىدا ماشىنىلارنىڭ قاتنىشى ئازايغان، ئادەملەرمۇ شالاڭلاشقانىدى. تىجارەتچىلەرنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازلىرىمۇ بېسىقىپ قالغانىدى، دەل شۇ ۋاقىتتا ساقچى پورمىسى كىيىۋالغان بىر يىگىت قوش چاقلىق موتسىكلىتنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ، شەھەر مەركىزىگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئاپتاپ ۋە شامالدا قارىيىپ كەتكەن چىرايىدىن ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرىسا كېرەك، سىگنال بېرىپ ئالدىدىكى قارا جىپتىن ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئاپلانىدىن ئەگىپ جەنۇبقا بۇرۇلدى.

— ھاپىز، ھەي ھاپىز! — تونۇش ئاۋاز ئۇنى چاقىردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوڭ يېنىغا قاراپ، ئىدارە باشلىقى ئابدۇراخماننىڭ ھەربىي كۈلۈپ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، ھاپىز موتسىكلىتىنىڭ تۇمشۇقىنى ئوڭغا بۇراپ، باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قانداق سەۋەبلىك ئۆتكۈزۈپ قويغاندىمەن، مېنى باشلىق نېمىشقا يولۇمدىن قالدۇرغاندۇ، يە ئىتتىكرەك ماڭغانلىقىمنى ياقتۇرمىغاندىمۇ، ئۇ، موتسىكلىتتىن چۈشۈۋېتىپ شۇنداق ئويلىغانىدى. ئابدۇراخماننىڭ چىرايىدىن باشلىقلىق تەكەببۇرلۇق ياكى خاپىلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى.

— چۈشتىن كېيىن نەگە كەتتىڭ ئۇكام، خېلى يىراققا بېرىپ كەلدىڭمۇ نېمە؟

پېشقەدەم باشلىق ئۆزىنىڭ ياراملىق، قاۋۇل جەڭچىسىگە مەستلىكى كەلگەندەك قارىدى، بىر يانغا سۈرۈلۈپ قالغان قاسقانلىق شەپكىسىنى ناھايىتى كۆيۈمچانلىق بىلەن توغرىلاپ قويدى، ھاپىز قول ياغلىقى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— فابرىكىدا بىر ۋەقە يۈز بەرگەنىكەن، شۇنى بىر تەرەپ قىلىپ...

— يەنە مۇنەۋۋەرنى، — باشلىق ھاپىزنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ چاقچاق قىلدى، — ساقلىتىپ قويۇپسەن-دە، — دېدى كۈلۈپ.

— مۇنەۋۋەر بۇنىڭغا كۆنۈك، ئۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى چۈشىنىدۇ، — دېدى ھاپىز قىزىرىپ-تاتىرىپ.

ئابدۇراخمان جىددىي كەسكىن ئادەم ئىدى، تۆۋەندىكىلەرگە سۈرلۈك قىياپەتتە بۇيرۇق قىلاتتى، ھەرگىز چاقچاق قىلمايتتى، ئۇ ھاپىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ نېمىنىدۇر يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتقان

دەك قىلاتتى.

— شۇنداق دەپ تۇرۇپ يەنە سېنى يولۇڭدىن قالدۇردۇم، ئەپۇ قىل ئۇكام، ساڭا بىر خۇش خەۋەرنى تېزرەك يەتكۈزگۈم كەلدى، ساڭا يېڭى پۈتكەن ئىمارەتنىڭ 4 - قەۋىتىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي بېرىلدى،— يانچۇقىنى كولاپ، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ھاپىزغا بەردى، — مە، ئالغىن، — باشلىقمۇ، ھاپىزمۇ ھاياجانلانغانىدى.

— ئۇكام، ئەمدى تېز ماڭ، سىلەرگە بەخت تىلەيمەن، — دېدى.

باشلىق ھاپىزنىڭ قولىنى سىقىپ، ئاندىن ئالدىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

— ئابدۇراخمان ئاكا يېقىندا توي قىلىمىز، سىلى تويىنىڭ بېشى بولسىلا، ئاتىدارچىلىق قىلىلا، — ھاپىز باشلىقنىڭ ئەگىمىدىن قايرىلىپ «بولىدۇ» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ موتسىكلىتقا مىنىدى. ئىدارىگە كېلىپ موتسىكلىتنى ئىسكىلاتىغا ئەپكىرىۋېتىپ، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ كوچىغا چىقتى، گۈگۈم پەردىسى شەھەرنى ئۆز قوينىغا ئېلىشقا باشلىدى، ھاپىزنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقى، پىكىر - خىيالى ئۆينىڭ ھەل بولغانلىقىنى مۇنەۋۋەرگە تېزرەك يەتكۈزۈشتە ئىدى، شۇڭا ئۇ قورسىقىنى توقلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇدى، ئۇ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ، شىمال تەرەپكە — مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى... ئۇ ئۆزىگە تونۇش قوش قاناتلىق ئىشىككە يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ھاپىز تارتىنىپ تۇرمايلا ئىشىكنى ۋېلىسىپىتنىڭ داقىسىدا ئىتتىرىپ ئېچىۋەتتى.

— كىم بۇ؟ — ئىشىكنىڭ تاراق - تۇرۇقىدىن چۆچۈگەن ئانا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

ئانا مۇنەۋۋەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈپ تېخىچە ئۆيگە كەلمىگەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ھاپىزنىڭ كەينىدىنلا مۇنەۋۋەر كىرىدىغۇ دەپ ئويلىغانىدى، مۇنەۋۋەرنىڭ ئىشىكتىن كىرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئانىنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ يولغا قارىۋېتىپ ھاپىزدىن سورىدى:

— ئوغلۇم، مۇنەۋۋەر قېنى؟ سىز ئۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ — ئانا ھاپىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

ھاپىز ۋېلىسىپىتنى قۇلۇپلىماقچى بولۇپ ئاچقۇچنى قۇلۇپقا تىقىپ تۇراتتى. ئانىنىڭ ئەنسىز سوئالىنى ئاڭلاپ، قولىغا تۇتۇپ تېپىۋەتكەندەك ئاچقۇچنى قۇلۇپتىن چىقىرىۋېتىپ دېدى:

— مۇنەۋۋەر ئىشتىن كەلمىگەنمىدى؟ مەن چۈشتىن كېيىن خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدىم. بۇ يەرگە ئۇدۇللا كەلدىم، مەن دۇكانغا بېرىپ باقاي، سىلى خاتىرجەم بولسىلا، بىز تېزلا قايتىپ كېلىمىز.

ھاپىز ۋېلىسىپىتنى لىككىدە كۆتۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلدى.

— ئوغلۇم ھاپىز، نەگە بارىسىز؟ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرسىڭىز مۇنەۋۋەرمۇ كېلىپ قالار...

ئانا ھاپىزنىڭ كەينىدىن سۆزلەپلا قالدى. ھاپىز گۆش دۇكىنىغا كېلىپ، دۇكاننىڭ قاراڭغۇ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ - مېنى كۈتۈپ ئولتۇرامدۇ - يە! ھاپىز شۇنداق ئويلاپ ۋېلىسىپىتنى كەينىگە بۇراپ، ئازاد يولى تەرەپكە چاپتۇردى.

ھاپىز بىلەن مۇنەۋۋەر ئادەتتە بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ قارشى تەرەپنىڭ ئۆيىگە

خالىغان ۋاقىتتا بېرىۋېرەتتى، چۈنكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىلىرى پەرزەنتلىرىنىڭ مۇھەببىتىگە رازىلىق بېرىشىپ بولغان، ماقۇللۇق چېيى ئىچۈرۈلگەن، ھەتتا چوڭ چېيىمۇ تارتىلىپ توينىڭ تەييارلىقىمۇ پۈتكەنىدى، شۇڭا ئۇلار بىر-بىرىنىڭكىگە بېرىشسا — ئۇلارنى ھېچكىم ئەيىبكە بۇيرۇمايتتى، دۇكانغا ياخشىراق گۆش-ماي كەلسىلا مۇنەۋۋەر بىر نەچچە كىلوگرام گۆشنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بولغۇسى قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىلىرىنى يوقلاپ باراتتى، ھاپىز ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ سىڭلىسىغا ئۇچراشتى. سىڭلىسى مۇنەۋۋەرنىڭ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ بېشى قېيىپ گاڭگىراپلا قالدى.

— ئاكا، تاماقىڭىزنى يەۋال، — ھاپىزنىڭ سىڭلىسى ۋارقىراپلا قالدى، ئۇ ۋېلىسىپىتنى كەينىگە ياندۇرۇپ، مۇنەۋۋەرنىڭ ئۆيىگە قايتا بېرىپ بېقىش ئۈچۈن يول ئالدى.

رەسىدە بولغان قىزلار بالدۇرراق ئۆي تۇتۇپ يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھاپىزنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان كۈندىن باشلاپ مۇنەۋۋەرنىڭ كۆڭلىدە تۇتماقچى بولغان ئۆي توغرىسىدا ئېنىق ئىنتىلىشلەر، ھەر خىل پىلانلار پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا ھاپىزنى خىجىل قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان:

— ھاپىز، — دېگەنىدى ئۇ خەلق باغچىسىنىڭ گۈلزارلىقىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ، — بىزگە قاچانمۇ ئۆي بېرىلەر، تېزرەك ئائىلە ئاسارىتىدىن قۇتۇلسام دەيمەن، مۇشۇ مېنىڭ ئۆيۈمكەن دەپ، ئۆزىمىزنىڭ ھۇجرىسىنى تۈزۈگۈم، بېزىگىم كېلىۋاتىدۇ. مائاشىمغا ئالغان زىننەت بۇيۇملىرى، پەردە ياپقۇچلار، ئېسىل قاچا-قۇچىلارنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئاشۇلارنى تىزىدىغان ئۆي قاچاندىمۇ ھەل بولار-ھە! قاچانمۇ سىزنىڭ خاتىرجەم ئىشلىشىڭىزگە ياردەم بېرەلەرمەن...

— ئۇ ۋاقىتتا مېنى سىز ئۆزۈڭىزنىڭ كىرىنى ئۆزەڭ يۇغىن دېمەسسىز؟

ھاپىز گۈلزارلىقنىڭ باغرىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرغانىدى، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھەرگىز! مەنچۇ، — مۇنەۋۋەر ھاپىزنىڭ مەگزىنى يېنىك شاپىلاقلاپ قويدى، — مەنچۇ ئايال كىشى قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز سىزگە قىلدۇرمايمەن، مەن بىلىدىم، ئۆيىڭىزدە ئۆزىڭىزنىڭ كىرىنى ئۆزىڭىز يۇيىدىكەنسىز، ئانىڭىز كېسەل، سىڭلىڭىز كىچىك، ياخشى قىپسىز، مەنمۇ ئانىڭىزغا ئۆز ئانامدەك قارايمەن، ئايرىم ئۆي تۇتساق قولىڭىزنى كىرگە چىلاتمايمەن، قازان بېشىغىمۇ بارغۇزمايمەن.

مۇنەۋۋەر سۆزلەۋېتىپ ھاپىزغا شۇنچىلىك سەممىي قارىدىكى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدا شۇ كۈنگىچە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇچقۇنلار چاقنىدى. ھاپىز ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ ئىختىيارسىز چاچلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سىيىلىدى ۋە:

— مۇنەۋۋەر، راست سۆزلەۋاتامسىز؟ ھازىر جەمئىيەتتىكى چوكانلار ئەرلىرىنى ئۆي ئىشىغا سېلىش بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ. سىز ئۇلاردىن ئۆزگەنمەمسىز؟

ھاپىز مۇنەۋۋەرنىڭ بېشىنى ئاستا تارتىپ مېھرىبانلىق بىلەن مەيدىسىگە باستى، ئىسسىق لەۋلىرىنى چاچلىرىغا، پېشانىسىگە

www.uyghurkitap.com

تەگكۈزدى، مۇنەۋۋەر بۇ مېھرىبانلىقتىن تېخىمۇ ئېرىپ كەتكەنىدى، ئۇ يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن:

— ياق، مېنىڭ ئائىلەم باشقا — ئۇلاردىن ئۆگەنمەيمەن، ئائىلىلىق بۇرچ ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، مېنىڭ قەلب ئەينىكىمدە ئانامنىڭ ئوبرازى بار، ئۇ ماڭا شۇنداق ئۆگەتكەن، — دېدى.

جاھانغا قاراڭغۇلۇق يېيىلغانىدى، ھاپىز ئارقا كوچىغا كىردى. بۇ كوچىدىكى كوچا چىراغلىرى غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇ مۇنەۋۋەر بىلەن غايىۋانە مۇڭدىشىپ، بېشىنى سېلىپ كېتىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئالدىدىن «ۋىيەي» دېگەن قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ھاپىز چۆچۈپ كەتتى، ۋېلىسىپىتنى قاتتىق تورمۇز قىلىپ، ئورنىدا چىپپىدە توختاپ ئالدىغا قارىدى.

— سىز مۇنەۋۋەرنى ئىزدەۋاتامسىز؟ مەن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىمەن.

ماھىرەلەرنىڭ ئۆيى كوچىنىڭ باش تەرىپىدە ئىدى، ئۇ ئۆيىدىن چىقىپلا يىگىرمە مېتىردەك نېرىسىدىكى غۇۋا چىراغ يورۇقىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەن ھاپىزنى تونۇپ قالغانىدى، ھاپىز چىراغ يورۇقىدىن ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىشىگە ماھىرە ئۇنى توختىتىش ئۈچۈنلا چىقىرىغانىدى، ئۇ ماھىرەنىڭ بېشەملىكىنى سېزىپ، ۋۇجۇدىغا ئاچچىق ئولاشتى، ئاغزىغا يامان سۆزلەر كېلىپ تۇرۇشىغا ماھىرەدىن زۇۋان چىقىپ، ئۇ تىت - تىت بولۇپ ئىزدەۋاتقان مۇنەۋۋەرنىڭ دېرىكىنى بەردى، ئۇنىڭ ئاچچىقى ياندى.

— ئېيتىڭا ئاپئاق قىز، مۇنەۋۋەر ھازىر نەدە؟ — ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

— ھاپىز، بۇياققا كىرىڭ، — ماھىرە ئۇنى يولنىڭ چېتىگە چاقىردى، ئۇ ياۋاشلىق بىلەن ماھىرەنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مۇنەۋۋەر نەدە، ئېيتامسىز؟ — ھاپىز تاقەت قىلالمايۋاتاتتى، ماھىرە پىخىلداپ كۈلۈپ، گەپ يورغىلاتقىلى تۇردى:

— سىزنى تىللىۋېتەمدىكىن دەپ تولىمۇ قورققانىدىم، ساقچىلاردا رەھىم - شەپقەت بولمايدۇ - ئەمەسمۇ، تېخىچە، — ئۇ مەيدىسىنى تۇتۇپ، — يۈرىكىم ئىزىدىغا چۈشمەيۋاتىدۇ، كۆرمەيۋاتامسىز، چىرايىمدىمۇ قان قالمىدى، — ھاپىز بۇ قىزنىڭ گەپ يورغىلىتىپ قىلىق چىقىرىپ ئۆزىنى گالۋاڭ قىلىۋاتقانلىقىدىن خاپا بولۇپ، چىرايلىرى ئۆڭۈپ كېتىۋاتاتتى. ماھىرە ھەممىنى سېزىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ:

— مۇنەۋۋەرنىڭ نەدىلىكىنى بىلگەنلىكىم يولىڭىزنى قىسقارتىدۇ، ئەمدى نېمىگە ئالدىرايسىز، مېنىڭ بىلەن مۇڭداشسىڭىز بولمامدىكەن؟ — دېدى يەنە كۈلۈپ.

ھاپىزنىڭ ئوغىسى تازا قايناندى، ئۇ ئۆزىنى ئاران بېسىپ سورىدى:

— سىز كىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ مۇنەۋۋەرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟

— ئەمدى ساقچىلىق خۇيىڭىز تۇتتىمۇ نېمە؟ بىلىپ قويۇڭ، مەن جىنايەتچى ئەمەس، سىزگە خالىس ياردەم بەرگۈچى، ئالدىرىسىڭىز يول بولسۇن.

ماھىرە ئۆكتەملىك بىلەن قايرىلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى، ھاپىز ۋېلىسىپىتنى تىكلەپ قويۇپلا، ماھىرەنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يېلىندى:

— ئاپئاق قىز، مېنى قىينىماڭا، قاراڭ، يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى، ئۆتۈنۈپ قالاي

سىزدىن...

ماھىرە يەنە پىخىلداپ كۈلۈپ توختىدى، ئۇمۇ بېشىغا يامغۇر تامچىلىغانلىقىنى سەزدى، ئۇ بىغەم تۇرغاندەك قىلغان بىلەن كاللىسى ھەرخىل ئويلار بىلەن پىرقىرىماقتا ئىدى: مۇنەۋۋەرنىڭ تانسىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتسا قانداق بولار؟ بۇ ساقچى كۈنلەپ يۈرەرمۇ؟ مەيلىلا، كۈنلىسە ساقچىنىڭ ئىچى قوتۇرلۇقىنى دوستۇم بىلىپ قالسۇن - دە، ھۆرىگۈل ئېيتقاندەك ئۇنى سىناش كېرەك!

— مۇنەۋۋەر تانسىغا كەتتى، — دېدى ئۇ.

— تانسىغا؟ — ھاپىزنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق چىقىپ كەتتى، ئۇ ئىختىيارسىز قوشۇمىسىنى تۈردى.

— ھە، تانسىغا، نېمە بوپتۇ؟ بۇ ياشلارغا يات ئىش ئەمەسقۇ، بىكارلا دەپتىمەن سىزگە، بولمىسا سىز ئەڭ ياخشىسى، ئۇ يەرگە ئىزدەپ بارماڭ.

ماھىرە ئاچا يولغا كېلىپ، قايسىسىغا مېڭىشنى بىلمەي قالغاندەك تەمتىرەپ قالغانىدى. ھاپىزنىڭ كۈنلەش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، دوستىنى ئازابقا سېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى، ئېغىزىدىن سۆز چىقىپ كەتتى، ئەمدى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايتتى، دېگەنىدەك ھاپىزدا ئەجەبلىنىش، تېڭىرقاش ۋە كۈنلەش ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولدى.

ھاپىز ئەزەلدىن مۇنەۋۋەرنى بىرسىدىن كۈنلەپ باقمىغانىدى، شۇ تاپتا ساقچىلاردا بولىدىغان كەسپىي كېسلى قوزغالدىمۇ ياكى كۈچلۈك سۆيگۈ ۋولقانىدىن كېيىنكى قىزغىنىش، ھەسەت تۈپەيلىدىنمۇ ئېيتەۋۇر ھاپىزنىڭ خىيالى چېگىشلىشىپ كەتتى. ئۇ مۇنەۋۋەرنىڭ نەدىكى تانسا زالىغا كەتكەنلىكىنى سورىۋېلىپلا ۋېلسىپىتنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. يامغۇر يېغىۋاتاتتى، ماھىرە ئۇنىڭ قارىسى يېتكىچە ئارقىسىدىن قاراپ قالدى، ھاپىز كۆزدىن يوقىلىشى بىلەن ئۇنىڭغا تىنتىرەك ئۇلاشتى، مۇنەۋۋەرنىڭ تانسىغا كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

كەڭ ۋە ئازادە تانسا زالى چىراغلارنىڭ رەڭگارەڭ نۇرلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك، قىزىقارلىق تۈسكە كىرگەنىدى، قىزغىن، ياڭراق مۇزىكا ساداسى ئەۋجىدە زال ئىچى قىزىپ كەتكەنىدى. ھەۋەسكار، تاماشىبىنلار تانسا مۇزىكىسى باشلىنىشى بىلەن ئورۇندۇقلىرىدىن تۇرۇشۇپ، جۈپتىلىرىنى ئىززەت ئېكرام بىلەن تانسىغا تەكلىپ قىلىشاتتى، زەپەر گوياكى ھۆرىگۈلنى باشقىلارنىڭ تانسىغا تارتىپ، بۇلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ھەممىدىن بۇرۇن بېرىپ تانسىغا تارتاتتى، تانسا مۇزىكىسى ئاخىرلاشسا يېنىدا ئولتۇرۇۋالاتتى، ھۆرىگۈلمۇ تانسا مەستانىسى ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ دوستى مۇنەۋۋەرگە قارىغۇدەكمۇ ھالى يوق ئىدى، مۇنەۋۋەر ھۆرىگۈلدىن رەنجىگىنى يوق، شۇنداقتىمۇ ھاپىزنىڭ يېنىدا بولمىغانلىقى، كۆڭۈللۈك، قىزغىن تانسىنىڭ ئىشتىراكچىسى بولالماي قېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خېلىغىچە بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، باشقىلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇردى، بىر قانچە يىگىتنىڭ تەكلىپىنىمۇ رەت قىلىۋەتتى. دېسكو مۇزىكىسى باشلاندى، مۇنەۋۋەرنىڭ دېسكو ئوينىغۇسى بار ئىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك ئوتتۇرا بويلۇق، قويۇق قاشلىق، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان چىرايلىقىنە بۇرۇت قويۇۋالغان

بۇدۇر چاچلىق بىر يىگىت كىلىپ، ئەدەب بىلەن ئۇنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى.

— ياخشىمۇسىز مۇنەۋۋەر، ئۇزۇن يىللار بويىتۇ، كۆرۈشمىگىلى، مىنى تونۇدىـ ڭىزمۇ؟ مەن مۇرات!

مۇراتنىڭ سىلىق ـ يىقىملىق ئاۋازى مۇنەۋۋەرنى خىيالدىن ئويغىتىپ، بىشىنى كۆتۈرگۈزدى. مۇنەۋۋەر بىر قاراپلا ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ئىكەنلىـ كىنى تونىدى. مۇرات ئۇنىڭ كۆزىگە ئىللىق، چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى، ھەر نىمە بولسا ساۋاقدىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ياخشى بولدى، ئۇنى تانسىغا تارتتى، مۇنەۋۋەر ئەمدى تارتىنىپ تۇرمىدى، بەلكى بەللىرىنى تولغاپ ناز بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە نازۇك قولـ لىرىنى چىقىرىپ مۇراتنىڭ قول، بىلىنى تۇتتى... ئىككىيلەن سىلىق ئايلىنىشقا باشـ لىدى، ھۆرىگۈل دوستىنىڭ ھەمراھ تىپىپ تانسىغا چۈشكەنلىكىدىن تولىمۇ خۇش بولغانىدى، ئۇ مۇنەۋۋەرگە يىقىنلىشىپ كەلدى ۋە:

— دوستۇم، قورۇنما، بىشىڭنى كۆتۈـ رۈپ، قەددىڭنى رۇسلاپ، روھلۇق ئويناۋەر، — دىدى ـ دە، مۇزىكىنىڭ ئەۋجىگە ئەگىشىپ ئايلىنىپ يىراقلاپ كەتتى.

مۇرات ھۆرىگۈلنىڭ سۆزىدىن بىر خىل مەنىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ سورىدى:

— يىگىتىڭىز بارمۇ؟ كىلەمتى؟ راسـ تىنلا قورۇنۇپ قىلىۋاتامسىز؟

مۇرات كۈيۈنۈش، مىھرىبانلىق بىلەن سۆزلەيتتى، مۇنەۋۋەر ئۆزىنىڭ راستىنلا قورۇنۇۋاتقانلىقىنى سەزدۇرمەسلىككە تىرىشىپ:

— ياق، قىسىلماڭ، ئۇ بۇ يەرگە كەلـ مەيدۇ، ئويناۋىرەيلى، — دىدى ۋە مۇراتقا قاراپ يىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

دەل ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا ھاپىز تانسا زالىغا كىرگەنىدى، ئۇ ھىچبىر قىينالـ مايلا مۇنەۋۋەرنى ئۇچراشتۇردى، ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنلىكىنى، ئالدىدىكى يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ بىر نىمە دەۋاتقانـ لىقىنى كۆرۈپ قويىقا چىچى تىك تۇرۇپ تىنى شۈركىنىپ كەتتى. ھاپىز مۇنەۋۋەرنىڭ بىر ئاخشامدىلا ئۆزىگە يوخشىماي قىلىۋاتـ قانلىقىنى ئەجەبلىنىش، تىڭىرقاش ئىچىدە ھىس قىلدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئىشلەشتىن توختىمىغاندەك مۇنەۋۋەرگە چەكچىيىپلا تۇرغان ئورنىدا تۇرۇۋەردى. دەققە ئارىلىقىدا مۇنەۋـ ۋەرنىڭ سەزگۈر كۆزلىرى ھاپىزنى كۆردىـ دە، ئۇنىڭ بايىقى دادىللىقى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، ھاپىزنىڭ تۇرقىدىن، تىنىكـ لىپ قارىشىدىن خۇددىنى يوقاتقىلى قىل قالدى، ئۇ مۇراتتىن ئەپۇ سوراشنىمۇ ئۇنۇـ تۇپ، ھاپىزنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. شۇ تاپتا مۇنەۋۋەرنىڭ ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ، چىرايىدا قان قالمىغانىدى، ئۇ ھاپىزنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ خۇش خۇيلۇق بىلەن:

— ھاپىز، مىنى ئىزدەپ كەلگەنمىدىـ ڭىز؟ كەلگىنىڭىز تولىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دەپ مۇنەۋۋەر بىشىنى كۆتۈرۈپ ھاپىزنىڭ چىرايىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى، — ھاپىز، نىمە بولدىڭىز، ماڭا قاراڭا، — ئۇ يىلىندى، ھاپىز مۇنەۋۋەرنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.

— مەن تانسىغا كەلگىنىم بىلەن يالغۇز يىتىمسىراپ ئولتۇرغانىدىم، سىز كىرىشتىن بەش مىنۇت بۇرۇنلا مەيدانغا چۈشكەنىدىم، شۇنىڭغىمۇ مەندىن رەنجىپ يۈرەمسىز.

مۇنەۋۋەرنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى. ئەمدى ھاپىز مۇنەۋۋەرگە قادىلىپ قارىدى.

uyghurkitap.com

ھاپىز قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ سوزىنى نەدىن باشلاشنى ئويلاۋاتقاندەك بىرئاز تۇرۇۋالدى. شۇ ئارىلىقتا مۇرات، ھۆردگۈل ۋە زەپەرلەرمۇ ھاپىزنىڭ قېشىغا كېلىشتى، ھۆردگۈل مۇنەۋۋەرنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى، بۇنى مۇنەۋۋەرلا ئاڭلىدى:

— قورقما، دوستۇم، ساقچىسى ئادەم يېمەيدۇ، جۇرئەتلىك بول، ئۇنى سىنايدىغان پەيت كەلدى.

مۇنەۋۋەر دوستىغا رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

— نېمىشقا مېنى ئۆيدە ساقلىمىدىڭىز؟ سىزنى بۇ يەرگە كىم ئېپكەلدى، — ھاپىزدىن زۇۋان چىقتى، لېكىن بۇ سوئال مۇنەۋۋەرگە جىنايەتچىگە قويۇلغان سوراقتەك ئاڭلىنىپ كەتتى، مۇنەۋۋەر شۇ ۋاقىتقىچە ھاپىزنىڭ مۇنداق ئۆمسە ھالىتىنى كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى مۇنەۋۋەرنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن دېدى:

— مەن سىزگە ئۆيدە ساقلايمەن دەپ ۋەدە قىلمىغان، تانسىغا كېلىش مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش.

ئۇ تونجى قېتىم ھاپىزغا رەددىيە قايتۇرغانىدى، ھۆردگۈل ئۇنىڭغا ئۇلاپلا دېدى:

— سىزنى بىر قېتىم ساقلىمىسا نېمە بوپتۇ، سىز مۇنەۋۋەرنى ساقلىتىپ كەلمىگەنلىرىڭىزنىڭ ھېسابىنى بەرگەنمىدىڭىز؟ بۇ تانسىغا مەن باشلاپ كەلدىم، قانداق؟

ھۆردگۈلنىڭ بۇ سۆزى جاراھەتكە تۇز سەپكەندەك بولدى، ھاپىز ھۆردگۈلگە چەكچەيدى.

— مەن سېنىڭدىن گەپ سورىمىدىم. كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي ماڭاۋا جاغىلداق ئۆچكە.

ھاپىز تەكەببۇرلۇق بىلەن قولىنى شىلتىدى، مۇنەۋۋەر ھاپىزنىڭ بۇ قوپاللىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ، تۇرالماي قالدى ۋە:

— ھاپىز، بۈگۈن سىزنىڭ ئاغزىڭىز نېمە بولغان، مېنى نېمە دېسىڭىز مەيلى، دوستۇمغا ھاقارەت قىلماڭ، — دېدى ئۆكۈپ.

— دوستۇم مۇنەۋۋەر، بۇ بىر نېمەڭنىڭ ھالى نېمىدېگەن چوڭ. سېنى تېخى ئەمرىگە ئالماي تۇرۇپلا خۇددى جىنايەتچىدەك سوراق قىلىدىكىنا. ھەي پىت كۆز، خام قاپاق، مەن جاغىلداق بولسام سەنچۇ، سەن چاپانمۇ، بىزگە زەھەرىڭنى چاچىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمە، بولمىسا...

ھاپىزنى قورشاپ كېلىشكەن قىز-يىگىتلەر چوقۇرىشىپ، ھاپىزنى سەتلىگىلى تۇردى، بۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئۇ چىرايىنى ئاچقاندەك قىلىپ، مۇنەۋۋەرنى بىلىكىدىن تارتىپ ئۆيگە قايتىشقا زورلىدى.

مۇنەۋۋەرنىڭمۇ ھاپىز بىلەن كەتكۈسى بار ئىدى، ئۇ كىيىم ئىلغۇچقا ئىلىپ قويغان يامغۇرلۇق چاپىنىنى ئېلىۋالماقچى بولۇپ بۇياققا ماڭماقچى بولسا، ھاپىز ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قويۇۋەتمىدى، ھۆردگۈل بۇنى مۇنەۋۋەرنىڭ كەتكۈسى يوقكەن دەپ چۈشەندى، ئۇ:

— مۇنەۋۋەر قايتمايدۇ، ئۇ بىز بىلەن كەلگەن، بىز بىلەن قايتىدۇ، — دېدى.

— بىز دېگەن كىملەر ئۇ؟ — ھاپىزنىڭ كۆزلىرى مۇنەۋۋەرگە تىكىلدى، — سەن بىلەن تانسا ئوينىغان بۇدۇر چاچ، ئالاچىپار كۆڭلەك كىيگەن لۈكچەك بىلەن بىللە كەلگەنمىدىڭلار، ئۇ لۈكچەكنىڭ قانداق بىر نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟

ھاپىز ئۆزىدە پەيدا بولغان قىزغىنىش، كۆنلەش تۇيغۇسىنى ئاران بېسىپ تۇرغانىدى.

ئاشۇ ئاچچىقىدا كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىچكى تۈيغۇسىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتتى. بەلكى مۇنەۋۋەرگە ھېچقاچان قىلمىغان قوپاللىقى بىلەن سەنلەپلا چۈشتى. مۇنەۋۋەر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى ۋە غەزەپ بىلەن:

— كىم بىلەن كەلسەم نېمە كارىڭىز، سىزنىڭ مۇنداق قىلىقىڭىزنى بىلمەيتتىكەنمەن، سىز كېتىڭ، مەن كېيىن كېتىمەن، — دېدى ۋە بېشىنى ھۆرىگۈلنىڭ مەيدىسىگە قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلىغىلى تۇردى.

ھاپىز ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭقىسلىقتا قالغىنىغا پەرۋاسىز قىلماي مۇنەۋۋەرنىڭ بىلەكىدىن تارتىپ دېدى:

— ياق، ھازىر كېتىسىز، مەن كىم، ئۇ لۆكچەك كىم؟ بىلەمسىز، مەن سىزنى ئاسراۋاتىمەن، مەن سىزنىڭ مۇبارەك، پاكىز بەدىنىڭىزنى ئۇنداق لۆكچەكلەرنىڭ ئىپلاس قولى بىلەن تۇتۇشىغا يول قويالمايمەن، يۈرۈڭ...

لېكىن مۇرات ئىش كۆرگەن، قانۇندىن خەۋىرى بار، جېدەلدىن قورقمايدىغان يىگىت ئىدى، ئۇ ھاپىزنىڭ ئۆزىگە ئۇچۇقتىن ئۇچۇق قىلغان ھاقارەتلىرىنى كۆتۈرەلىسۇنمۇ؟! دەسلەپتە «لۆكچەك» دەپ ئېيتىلگەندە ئۇغىسى قايناپ بولسىمۇ ساۋاقدىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى، ھاپىز ئۇنى «لۆكچەك» دەۋەردى. مۇرات تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

— تىلىڭنى تارت! — دەپ مۇرات كىشلەر ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھاپىزنىڭ بىلىكىگە ئۇرۇۋەتتى.

ھاپىزنىڭ بىلىكى قاتتىق ئاغرىپ دەرغەزەپ بىلەن مۇراتقا گۆلەيدى. مۇرات تەمكىنلىك بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاڭلا ئاداش، مەنمۇ قانۇننى، ئەدەب - ئەخلاقنى بىلىمەن. يىگىت - قىزلار تانسا ئوينىسا قانۇنغا خىلاپ بولمايدۇ، ئەدەب- ئەخلاقمۇ يول قويىدۇ، مەن مۇنەۋۋەرنى تەكلىپ قىلدىم، ئۇ ماقۇل بولدى، ئۇ سېنىڭ سۆيگىنىڭ بولسا مەيلى، مەن تارتىۋالمىدىم، مېنىڭ نەرىم لۆكچەككە ئوخشايدىكەن، قاشقام بارمىكەن؟ كۆردۈڭمۇ، — ئۇ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ، ھاپىزنىڭ تۇمشۇقىغا تەڭلىدى، — قولۇم پاسكىنىمىكەن، ئۇستۇمدىن فرانسىيە ئەتىرى پۇراۋاتقانلىقىنى سەزگەنسەن، بىلىپ قوي، لۆكچەك دېگەن سەن، خەقنىڭ قىزى ئىلكىڭگە ئۆتمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىسەن، قىزغىنىۋاتىسەن، سېنىڭ لۆكچەكلىكىڭنى ئاشۇ دۆلەت گىرىبى قوندۇرۇلغان شەپكەڭ، — ئۇ ھاپىزنىڭ بېشىدىكى شەپكىسىنى قولى بىلەن ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى، — يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، مانا ئەمدى ياقاڭدىكى قىزىل بەلگىنى ئېلىۋەتسەڭلا مېنىڭدىنمۇ ئەسكى لۆكچەك بولىسەن.

ھاپىز مۇراتنىڭ دەسلىپىدە قىلغان ھەقلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خىجىل بولۇپ، مۇراتنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويغانلىقىنى تۇيۇپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، لېكىن مۇراتنىڭ تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ خەلق ساقچىسىنىڭ مۇقەددەس بەلگىسى — دۆلەت گىربىنى يەرگە ئۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتۇۋەتتى، ئەمدى ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقى ساقچىلىق غۇرۇرىغا مۇناسىپ ئەمەستەك بىلىندى، ئەمدى مۇراتنى «لۆكچەك» دېگەنلىكىدىن پۇشايمان قىلمىسا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شەپكىنى ئۇنىڭغا ئالدۇرۇش كېرەك، ھاپىز مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن مۇراتنىڭ كېيىكرىتكىدىن ئالدى ۋە لەھەزىلىك ۋارقىراپ:



— ئال شەپكىنى! — دەپ بۇيرۇق قىلدى، مۇراتنىڭ كېكىرتىكىدىن تارتىپ بېلىنى ئەگدى، مۇرات ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ بېلىنى ئەگكەن بىلەن قولىنى شەپكىگە سۇنمىدى، بەلكى بىر چامداپ ئىلگىرىلەپ، سول پۇتى بىلەن شەپكىنى دەسسىدى.

ئەمدى ھاپىزنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى، ئۇ مۇراتنىڭ بوينىنى كۆتۈرۈپ قولىنى بوشىتىش بىلەن تەڭ راسا كەلتۈرۈپ بىر مۇشت ئاتتى، مۇشتنىڭ زەربىسى بىلەن مۇرات يەر چىشلىدى، مۇنەۋۋەر بىلەن ھۆردىگۈل چىقىردىۋەتتى، زالدا تانسا داۋاملىشىۋاتاتتى، ۋەھىمىلىك ئاۋازنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلارمۇ بۇياققا نەزەرىنى بۇراپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى، لېكىن تانسا توختىمىدى، مۇرات جېدەل - ماجىرالار ئىچىدە يۈرۈپ تاياققا پىششىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئاچچىقى تۇتتى، كۆزى قىزاردى ئۇ مەيدىسىنى كېرىپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ ھاپىزغا قاراپ ماڭدى.

— ھەي لۈكچەك ساقچى، مېنى بوزەك قىلمەن دەمسەن؟ ھەقىقەتمېنىڭدىكى ۋاقتىدىچۇ، مەن ئاتامغىمۇ يانىدىغىنىنى، سەن نېمىشنىڭ! يىگىت بولساڭ يۈر سىرتقا چىقمىز!

مۇرات ھاپىزنى جەڭگە چاقىرىۋاتاتتى، سىرتقا چىقىش كېرەككىمۇ؟ ھاپىز سىرتقا چىقمىسا مۇرات ئۇنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئەمدى ئىش تېخىمۇ يامانغا چىقىدۇ، تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ، زالنى باشقۇرغۇچىمۇ «سوقۇشساڭ سىرتقا چىقىش» دەپ قوغلاۋاتاتتى، شۇنداق، سىرتقا چىقىش كېرەك، ھاپىزنىڭ بەربىر ئۇنىڭغا كۈچى يېتىدۇ. مۇنەۋۋەرمۇ ئۇنىڭ پالۋان يىگىتلىكىنى كۆرۈپ قالسۇن.

— بولدى ھاپىز، قايتايلى، — مۇنەۋۋەر ئۇنىڭغا يېلىندى، ئاندىن مۇراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — مۇرات، ساۋاقداشلىق يۈزىسىدىن ھاپىزنى ئەپۇ قىلىڭ، بولدى قىلىڭلار، خۇش بولۇپ كېتەي، — دېدى ئۆزىنى قويۇدىغان يەرتاپالماي تىترەپ.

— يۈرە لۈكچەك، مۇشتقا تويمىغان بولساڭ تويغۇزۇپ قوياي، — ھاپىزمۇ سىرتقا ماڭدى.

ئۇلار مۇنەۋۋەرنىڭ يېلىنىشلىرى، يىغلاشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى، مۇنەۋۋەر كىملەرنىدۇ ياردەمگە چاقىرماقچى بولۇپ ئىككى يېنىغا قارىدى، ھۆردىگۈل ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئاداش، نېمانچە دىلغۇل بولىدىغانسەن، ئۇلار ئېلىشسا جان كەتمەيدىغۇ، كىمنىڭ غەلىبە قىلىشىنى كۆرمىدۇققۇ، كۆرەيلىچۇ، — دېدى ئۇ بىپەرۋالىق بىلەن.

يامغۇر توختىغانىدى. غۇۋا چىراغ يورۇقى سىرتنى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى،

ھۆرىگۈل مۇنەۋۋەرنى يېتىلەپ سىرتقا چىققاندا ھاپىز بىلەن مۇرات قارس - قۇرس مۇشت ئېتىشىپ ئېلىشىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

مۇشتلىشىشنىڭ زەربىسىدىن تۇرۇپ ھاپىز يىقىلاتتى، تۇرۇپ مۇرات يەر چىشلەپ قالاتتى، ئۇلارنىڭ كۈچ سىلىشتۇرمىسىدا ھاپىز قاۋۇل، كۆپرەك ئۇرۇۋېلىۋاتسىمۇ، سوقۇشقان تاياقتا تويماپتۇ، دېگەندەك مۇرات ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپلا ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالاتتى، ھاپىز كەچلىك تاماق يېمىگەن، ماغدۇرىدىن كېتىپ باراتتى، مۇرات ئۇنىڭدىن تاياق يەپ يىقىلىپ بەرگىنى بىلەن ھارام كۈچىنى تېخى سەرپ قىلىپ بولمىغانىدى.

مانا ئەمدى مۇرات ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان پەيت كەلدى، ئۇ گۈگۈم يورۇقتا ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى سىلكىۋەتتى - دە، خۇددى يولۋاستەك ئېتىلىپ بېرىپ ھاپىزنى بېسىۋالدى، تۇرۇپ مۇرات دۈگىلىنىپ ھاپىزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا، تۇرۇپ ھاپىز مۇراتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالاتتى، ھاپىز مادارىنىڭ تۈگەپ قېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. مۇرات پەيتنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا ئىككى مۇشت سېلىپ گاڭگىرىتىپ قويدى - دە، بىر كۈچەپلا ھاپىزنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى، مۇراتمۇ مادارى قالمايۋاتقانلىقىنى سەزدى، لېكىن ھاپىزدىن ئۆچ ئېلىش ئىستىكى ئۇنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يېنىدا ساقلاپ يۈرىدىغان ئۆتكۈر تىغلىق پىچىقىنى چىقاردى، بۇنى ھاپىز سەزمەي قالدى، پىچاقنىڭ شولىسى قاراڭغۇلۇقتا يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ، مۇنەۋۋەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانىدى. ئۇ پىچاق! پىچاق، دەپ ئىككى قېتىم ۋارقىرىۋەتتى. شۇ ئارىلىقتا مۇرات پىچاقنى ھاپىزغا ئىككى قېتىم ئۇرۇۋالغانىدى، ھاپىز مۇنەۋۋەرنىڭ ئاۋازى بىلەن ھوشىنى تاپتى ۋە مەيدىسى، بېلىكى قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، شۇ ئەسنادا مۇراتنىڭ قولى يۇقىرىغا قايتا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، يالتىراپ تۇرغان پىچاق يۈرىكىگە ئۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھاپىزنىڭ جېنى ھەلقۇمىغىلا كېلىپ قالغانىدى، ئۇ پۈتۈن ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، ماغدۇرىنى يىغىپ پىچاقنى توسىمىسا بولمايتتى، پىچاق ھاپىزنىڭ يۈرىكىگە قادىلىشقا بىر ئىنچىكىلا قالغانىدى، ھاپىز چاقماقتەك تېزلىكتە قولىنى چىقىرىپ، ئالقىنى بىلەن توسىدى، پىچاقنىڭ ئۇچى ھاپىزنىڭ ئالقىنىنى كېسىپ، ئۈستىخانغا قادالدى، ھاپىز ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، پۈتۈن ئەتراپ زىل - زىلىگە كەلگەندەك بولدى، يىراقتىن ۋەھىمىلىك ئاۋازلار ئاڭلاندى، ھاپىز بىر سىلكىنىپلا مۇراتنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، مۇراتنىڭ قولىدىكى پىچاقنى قانداق يۇلۇۋالغانلىقىنىمۇ سەزمەي قالدى، ئۇ ئەسەبىيلىشىپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى، ئۇ ھېچنېمىنى سەزمىگەن ھالدا قولىدىكى پىچاقنى مۇراتنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇۋەردى، دەھشەتلىك پاجىئە دەقىقە ئارىلىقىدا يۈز بەرگەنىدى، بۇ پاجىئەنى تاماشا كۆرۈپ تۇرغان يىگىرمە نەچچە ئادەممۇ سەزمەي قالغانىدى.

— توختا! — ھاپىز ئاغرىق ئازابى ئىچىدە ئۆزىگە بۇيرۇق قىلدى، ئۇ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئوڭ قولىنى چۈشۈرۈپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىدىكى بۇقۇلداپ چىقىۋاتقان قاننى باستى، ئاغرىق چىدىغۇسىز ئىدى، ئۇ مۇراتقا سىنچىلاپ قارىدى ۋە نەپسى توختىغانلىقىنى سەزدى - دە، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ھاپىز قۇدرەتلىك، شەرەپلىك، خەلق ساقچىسى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھاپىزنىڭ سەزگۈرلىشىپ كەتكەن مېڭىسى تېز ئىشلىمەكتە ئىدى: قاتىل خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئۇنىڭغا خەلق لەنەت،

www.uyghurkitap.com

نەپرەت ياغدۇرۇندۇ، ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم! هاپىزنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزىنىڭ خەلق سوتى ئالدىدا قولغا كويزا، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان هالدا سوراققا تارتىلىۋاتقانلىقىنى ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، جازا مەيدانىدا ئۆزىگە قارىتىپ تاراسلاپ ئوق ياغدۇرۇلغانلىقىنى — ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەل تەگمەي جان ئېلىشىۋاتقانلىقى، ئاۋام خەلق غەزەپ - نەپرەت ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى، كۆكرىكىنى دەسسەپ چەيلەپ قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى نامايان بولدى. ئۇ بۇ كۈنگە قالغاندىن ئۆزى ئۆلۈۋالغىنىنى ئەۋزەل كۆرۈپ ئەسەبىيلىك بىلەن:

— مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى-دە، قان ئېقىۋاتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالدىغا يۈگۈردى.

كىشىلەر ئۆلۈكنى ئورىۋېلىشتى، مۇنەۋۋەر ئوتتۇز قەدەمچە يىراقلاپ كەتكەن هاپىزنىڭ ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ:

— هاپىز، توختاڭ! جېنىم هاپىز، توختاڭ دەيمەن، يامان يولغا ماڭماڭ، — دەپ ۋارقىراپ، يىغلاپ، هاپىزنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈردى، ئۇنىڭ كەينىدىن هۆرىگۈل:

— مۇنەۋۋەر توختا، مەنمۇ سىنىڭ بىلەن بارىمەن، بۇ يامان بولىدىغۇ، — دەپ ئۇمۇ يۈگۈردى.

— هۆرىگۈل توختاڭ مەنمۇ سىلەرگە هەمراھ بولاي، — زەپەر هۆرىگۈلگە ئەگەشتى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىشقان ئاۋازى جىمجىت كېچىدە يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. مانا ئەمدى هاپىز چوڭ كوچىدىن چىقىپ شىمالغا بۇرۇلدى، بىردىن يۈز مېتىر نېرىدا چوڭ ئۆستەڭ شىددەت بىلەن ئاقماقتا. هاپىز ئۆستەڭنىڭ ئۆزىنى تېزرەك قوينىغا ئېلىشىنى، يورۇق دۇنيانىڭ ئازابلىرىنى كۆرسەتمەسلىكىنى تىلەپ، يۈگۈرۈشنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۆستەڭ يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سېلىشى تېزلىشىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ تېخى ياش، ياشىغۇسى بار ئىدى، تويى قىلاتتى، ئەۋلادى قالاتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن ئۈمىد يوق، ئەڭ يامىنى، ئاتا-ئانىسى بىلەن خوشلىشالمايلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېتىدىغان بولدى. ئېسىت! خەير - خوش ئاتا - ئانام! هاپىز ئىچىدە پىچىرلىدى. 50 مېتىر، 40 مېتىر، 30 مېتىر، ئۆستەڭ يېقىنلاپ كەلمەكتە، مۇنەۋۋەر ئۇنىڭ كەينىدە يەنە كىملەردۇر ئۇنى چاقىرماقتا. يەنە مۇنەۋۋەرنىڭ ئاۋازى:

— خالايىق! ئادەم ئۆلگىلىۋاتىدۇ. تۇتۇۋېلىڭلار، — ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى.

— هەي توختا! توختا دەيمەن! — هاپىزنىڭ ئارقىدىنلا كىمدۇر بىرسى ۋاقىرىدى. بۇ ئاۋاز خۇددى پېشقەدەم ئىدارە باشلىقى ئابدۇراخمانىنىڭ ئاۋازىدەك قىلاتتى، مېنى باشلىق تۇتقۇدەك، باشلىق ئاتقۇدەك، تېز قاچاي، ئوق يېگەندىن سۇغا چۆكۈپ ئۆلگىنىم تۈزۈك، هاپىز ئىتتىك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى.

مۇنەۋۋەرنىڭ هايات مېغىزى، خۇشاللىقى ۋە هەسرىتىمۇ هاپىز ئىدى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۆلدى. هاپىزسىز ياشاپ ئازاب تارتقاندىن ئۆلگەن تۈزۈك، مۇنەۋۋەرمۇ هاپىزنى چاقىرىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆستەڭگە ئاتتى...

بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئە بولدى، پۈتۈن شەهەرنى زىلزىلىگە سالدى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ سىرىنى جانجان دوست بولۇشقان ئۈچ قىز بىلەتتى، ئۇلارنىڭ بىرسى ئۆلۈپ كەتتى. ئىككىسى هايات قالدى، ئۇلار ئۈچ ياشنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، ئۇلار باش جىنايەتچىلەردۇر. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس، ئۇلار قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلمىدى، لېكىن ئۇلار مەڭگۈ ۋىجدان سوتىنىڭ ئازابى ۋە هۆكۈمگە مەھكۇم!

مەسئۇل مۇهەررىر ئارسلان



مۇھەممەت ئىمىن

# ئاينۇرى

(ھېكايە)

شىۋىرغان بارغانسېرى كۈچەيدى.

ئاينىساخان ئاچا يۆمىلىپ كېتىۋاتقان كۆزىنى تەستە ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى. سوغ ئاي نۇرى توزۇپ تۇرغان ئاپئاق قار ئۈستىدە سۇس يالتىرايتتى. «جېنىم بالام، ئاينۇرى! قەيەرلەردە يۈرۈيدىغانسەن؟ ئەجەبا، چوڭ ئاناڭنىڭ ئەجەل گىردابىغا بېرىپ قالغىنىنى كۆڭلۈڭ قىلچىمۇ تۇيمىغانمىدۇ؟!...» ئۇ كۆكىرىپ كەتكەن لېۋىنى مۆجىزە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان ئاخىرقى بىر تال ئوتتۇرا چىشى بىلەن چىڭ چىشلىدى. ئىككى تامچە ياش چوڭقۇر ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆز چانىقىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، يۈزىدىكى يول-يول قورۇقلار ئۈستىدە توختاپ، ھەش-پەش دېگۈچە مۇز ئۇنچىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ پۈتى سېزىمىنى يوقاتتى بولغاي ئەتىمالىم، باياتىنقى جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكۈدەك زىڭىلداپ ئاغرىشلار تو- ساتتىن شىپپىدە توختاپ قالدى. دومبىسىگە يۈدۈۋالغان بىر باغلام يۇلغۇن گويا بىر پاتمان تاغدەك ئۇنىڭ ئۈستىدىن تېخىمۇ قاتتىق بېسىپ، نەپەس ئېلىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى، «ھەي ئىست، نېمە دەپ ئۆيدىن چىققان بولغىيدىم؟ ئۆلۈكۈم راستىنلا مۇشۇ جاڭگالدا قالارمۇ؟...» ئۇنى ۋەھىمە باستى. كۆز ئالدىدا جەسىتىنى ئاچ بۆرىلەر ۋە قوتۇر ئىتلار تالىشىپ يەۋاتقان قورقۇنچلۇق مەنزىرە پەيدا بولۇۋالدى. ئۇ «ۋاي قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى-يۇ، نېمىشقىدۇر بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىنى زادىلا چىقىرالمىدى. ئالدىغا ئۆمىلەپ مېڭىشتىن تېخىمۇ ئۈمىد يوق، ئېرىگەن قاردىن قاتقان مۇزغا تېيىلىپ كېتىپ ئالدىغا دۈم چۈشكەن چاغدىمۇ ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا، ھېچبولمىغاندا ئۆمىلەپ بولسىمۇ كەنتكە بېرىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشلىرى پۈتۈنلەي بىكارغا كەتتى، ھەتتا ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان بىر باغلام يۇل-

غۇننى ئېلىپ تاشلاشقىمۇ مادارى يەتمىدى.
ئەمدى تېخىمۇ ھالسىزلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ
پۇتى پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى. ھازىر ھېچ-
نېمىنى سەزمەيدۇ، تولغاش، ئۇيۇشۇش، سى-
زىمنى يوقىتىش ئاستا - ئاستا بەدىنىنىڭ
يۇقىرىقى قىسمىغا قاراپ سىلجىماقتا. يەنە
بىر - ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتسە پۈ-
تۈن بەدىنى تاراڭگىدەك قېتىپ قالىدۇ، ئۇ
چاغدا غەم - غۇسسە، دەرد - ئەلەمدىن تو-
لۇق خالاس بولىدۇ. قارا تۇپراق ئاستىدا
مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك بار. ئۇ يەردە
بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئۆيدە تاماق
ئىچىدىغانغا، قالايدىغانغا ھېچ-
نېمە قالمىغاندا تەۋەككۈل دەپ ئارغامچىنى
ئۆشنىسىگە سېلىپ، كەكنى ئېلىپ، قەھرىتان
سوغۇققا قارىماي جاڭگالغا يۇلغۇن چېپىش
ئۈچۈن كېلىپ يۈرۈش ھاجەتسىز. ئانا تۇپ-
راق ئوتلۇق ھاراردتى بىلەن ئۆزىنى ئىسس-
تىدۇ، ئاچلىقتىن ساقلايدۇ، مۇڭلۇق ناخشى-
سى بىلەن ئەللەي ئېيتىدۇ، ئۇ ماھۇق يا-
تۇققا بېشىنى قويۇپ ياتقاندەك راھەتلىنىپ
ئۇيقۇغا كېتىدۇ...

— ئاينۇرى! ئاينۇرى!...

ئاينىساخان ئاچا نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى
توختىماي چاقىراتتى. ئاۋازى شۇنچىلىك زە-
ئىپ ۋە بوش چىقاتتىكى، ئۇنى ئۆزىمۇ ئاران-
ئاران ئاڭلىيالايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بارغان-
سېرى تۆۋەنلەپ، ئاخىرىدا كەلگەندە پۈتۈن-
لەي ئۆچتى، لېكىن لېۋى مىدىرلاشتىن زا-
دىلا توختىمىدى...

* *

ئاينىساخان ئاچا ئۆمرىدە 13 پەرزەنت
كۆردى، بۇلاردىن بىر ئوغۇل، ئىككى قىزلا
ھايات قالدى. قالغانلىرىنىڭ بەزىلىرى كې-
سەللىكتىن، بەزىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ
كەتتى. تۇيۇقسىز ئۈششۈك تېگىپ ئېچىلماي
توزۇپ كەتكەن غۇنچىلارغا ئوخشاش بىمە-
ھەل نابۇت بولغان سەبىي پەرزەنتلىرىنىڭ
دەردىدە قاقشىغىر - قاقشاپ كۆز نۇرى ئاجىز-
لاشتى، بۇ دۇنيادىن تېخى رىسقى ئۈزۈل-
مىگەن ئۈچ بالىسىنىڭ كاككۇكتەك ئېچىلىپ
تۇرغان ئاغزىنى تولدۇرۇش يولىدا تىرمى-
شىپ - تىرەجەپ بېلى مۈكچىيىپ كەتتى.
ئېرى ماھۇت لەش قولىدىن ئىش كەلمىگەنى-
نىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ كەتكەن ھورۇن ئادەم
ئىدى. قىشتا تونۇر بېشىغا، يازدا سايىغا
يۆگۆرەيتتى. قورساق تويغان يەردىلا كۈننى
كەچ قىلاتتى. ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى قورامىغا
يېتىپ كېلىۋاتقان ئوغلى ئۆمەرگە باغلىدى،
لېكىن «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ»
دېگەندەك، بۇ ئارزۇلۇق ئوغۇل 18 ياشقا
كىرە - كىرمەيلا ئىككى ئەرنى ئۆزىدىن قوي-
غان ئوتتۇرا ياشلىق بىر خوتۇننىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ قاياقلاردۇر يوقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن
ئۇنىڭ زادىلا ئىز - دېرىكى بولمىدى. بىچا-
رە ئانا زار - زار يىغلىغىنىچە چېچىنى چې-
شىغا چىشلەپ، قالغان ئىككى قىزىنى بىر -
بىرلەپ قاتارغا قوشتى، ئۇلار بويىغا يەتكەن-
دە، ئۆزلىرىنىڭ غۇنچە بويى، ئايدەك چى-
رايى بىلەن مەھەللىكويلارنى ھەيران قالدۇر-
دى. ھەممەيلەن «قاغا ئۇۋىسىدىن بۇلبۇل
چىقىپتۇ!» دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي
ماختاشتى. چىرايىغا يارىشا ئۇلارغا خېلى
ئوبدان لايىقلار چىقتى، ئاينىساخان ئاچا
خۇشاللىقنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا
چوڭ قىزى تۇنىساخاننى قوشنا يېزىدىن
تاشيول ئىشچىلىقىغا قوبۇل قىلىنغان ياقۇپ
ئىسىملىك ياۋاش بىر يىگىتكە ياتلىق قىلى-
ۋالدى. بىر يىلدىن كېيىن كەنجى قىزى
مەريەمگىمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ياش كا-

www.uyghurkitap.com

تېپى — مائاشلىق كادىرنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. توي بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي بەخت ياراشمىغانلىقتىنمىكىن، ئون گۈلنىڭ بىرى تېخى ئەمدىلا ئېچىلىۋاتقان بۇ قىز تۇيۇقسىزلا قازا تاپتى. جەسەت يۇغۇچى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنىڭ كۆكىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ساقچىغا مەلۇم قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ كاتىپقا كۆيۈپ قالغان يەنە بىر قىز تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىقلاندى. ئاينىساخان ئاچىنىڭ يۈرىكى خۇن - خۇن بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرەك يارىسى تۈزۈك ساقايماستىنلا تاشيول ئىشچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان كۈيئوغلى ھادىسىگە ئۇچراپ، چوڭ قىزى تۇنىساخان ياش تۇرۇپلا تۇل قالدى.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە تۇنىساخاننىڭ قورسىقى تۇيۇقسىز يوغىناپ قالدى. ئاينىساخان ئاچىغا بۇ ئار - نومۇس شۇكەمگىچە ئۇچرىغان بارلىق بەختسىزلىكلىرىدىنمۇ ئېغىرراق بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ يۇرت ئارىسىدا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي، تالا - تۈزگە چىقماس بولۇۋالدى، بىراق بىرەر كۈن ئەمگەككە چىقمىسا ئەترەت باشلىقىدىن تىل - دەشنام يەيتتى. كوممۇنا ئاشخانىسىدىن ئوماچ توشۇپ جان باقىدىغان بۇ كۈنلەردە ئۇزاق مۇددەت ئۆيدىن چىقماي يېتىۋېلىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن باراۋەر ئىدى. قورسىقىنىڭ بارا - بارا گۈمبەزدەك تومپىيىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ياداپ، تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن يۈزىنىڭ تېرىسى ياغاق سۆڭەكلىرىگە چاپلىشىپ كېتىۋاتقان قىزىنىڭ بىچارە ھالىغا قاراپ، ئاينىساخان ئاچىنىڭ ئىزا ۋە غەزەپتىن زىمىستان سوغۇقىدىكى كۆلدەك مۇزلىغان يۈرىكى ئاخىرى ئانىنىڭ پەرزەنتىگە بولغان مېھرى ئاپتىپىدا ئېرىدى، ئۇ ئىزا - نومۇسنى بىر - ياققا قايرىپ قويۇپ بۇرۇنقىدەكلا دولقۇنغا چىقتى، قورسىقىنىڭ كوركىراشلىرىغا قارىماي ئۆزىگە بېرىلگەن بىر قاچا ئوماچنىمۇ قىزىغا زورلاپ ئىچكۈزدى، تازا قارا قىشقا كەلگەندە تۇنىساخاننى تولغاق تۇتتى. تۇغۇت ئانىسىنىڭ بىر كېچە - كۈندۈز ھەپىلىشىشى ئارقىسىدا بالا ساق - سالامەت ئىڭراپ يەرگە چۈشتى. بىراق ياش ئانا بالىسىنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيلا ئىچكى سىرىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. كەلگۈلۈك يەنە ئاينىساخان ئاچىغا كەلدى. ئۇ ئۆيىدىكى پۇلغا يارايدىغان بارلىق نەرسىلەرنى سېتىپ بىر سېغىن ئۆچكە سېتىۋالدى - دە، دۇنياغا كۆز ئاچا ئاچمايلا ئانىسىدىن يېتىم قالغان بۇ بەختسىز نەۋرىسىنى تۈجۈپىلەپ بېقىشقا باشلىدى. نەۋرىسىنى نوپۇسقا ئالدۇرغىلى بارغان چاغدىكى بىر ئىش ھېلىغىچە ئۇنىڭ ئېسىدە:

— نەۋرىلىرىڭىزنىڭ ئېتى نېمە، ئاينىساخان ئاچا؟

ئاينىساخان ئاچا شاپ بۇرۇتلۇق بۇغالتىرنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكە ئالامىتى جىلۋە قىلىپ تۇرغان قارامتۇل چىرايىغا قاراپ مەڭدەپ قالدى.

— ئاي ... نۇرى! — ئۇ ئۆزىنى سەل - پەل توختىتىۋالغاندىن كېيىن ئويلانغان ھالدا جاۋاب بەردى.

— بالىنىڭ دادىسى كىم؟ — بۇغالتىر كۈلۈۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان ئامبارچىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ئاينىساخان ئاچا شۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز ئاي ئىلگىرى قىزى تۇنىساخان بىر قانچە قېتىم ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن بۇغداي

ئۇنىڭ بىكارغا كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ يۈزىنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي زەردە بىلەن ئېيتتى:

— دادىسى يوق، خۇدا بەرگەن بالا!

— دادىسى يوق دېدىڭىزمۇ؟— دېدى بۇغالتىر قېرىشقاندەك بوغۇق ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ،— دادىسى يوق بولسا بۇ بالا نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ھى! ھى!... ئەجەپ ئىش! شۇنداقمۇ قېيۇم ئاخۇن؟

ئۇ ئامبارچىغا يەنە بىر قېتىم كۆز قىسىپ قويۇپ، ئاغزىنى چىڭ ئېتىۋالدى، لېكىن چىرايى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتتى.

— خۇدا بەرگەن دېدىم، خۇدا بەرگەن!— ئاينىساخان ئاچىنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن چىرايىدىكى ئىزا - نومۇس ئالامەتلىرى پۈتۈنلەي يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىردىنلا پۈتمەس قەھرى - غەزەپ ئىگىلەدى، كۆڭلىدىن چاقماق تېزلىكىدە يالت قىلىپ ئۆتكەن ئاجايىپ - غارايىپ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قىزارماي تۇرۇپ قىپقىزىل يالغاندىن بىرنى توقۇپ چىقالىغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى،— گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، غوجاملىرىم، مەرھۇم قىزىم بىر كېچىسى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە تۈڭلۈكتىن چۈشكەن ئاينىڭ نۇرى ئايىغىدىن كىرىپ بېشىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قىزىم خۇدانىڭ خاسىيىتى بىلەن ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، بۇ قىزنى تۇغدى، شۇڭا ئىسمىنىمۇ ئاينۇرى قويدۇق!

— ھا! ھا! ھا!...

ئۆيىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قاتتىق كۈلكە سادايى ئەترەت ئىشخانىسىنى بىر ئالدى. ئاينىساخان ئاچا بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئاينۇرىنىڭ بىر ئايلىق نورمىسىغا ئالتە جىڭ تاسقالمىغان قوناق ئېلىپ، ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاينىساخان ئاچا پۈتۈن ئائىلىق مېھرىنى نەۋرىسى ئاينۇرىغا بېغىشلىدى. ئەترەتنىڭ بىر كۈنلۈك ئىشىنى تۈگىتىپ، بىر قولىدا نەۋرىسىنى، يەنە بىر قولىدا لىقمۇ لىق ئوت - چۆپ قاچىلانغان يوغان سېۋەتنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنى ھارغىنلىقتىن سىقىراپ ئاغرىپ كېتەتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن كىرپىكلىرى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈندۈزى ئېتىز بېشىدا توپىغا مىلىنىپ قىقراپ يىغلاپ، ئۇنى ئۆچۈپ قالغان نەۋرىسىنىڭ سەبىي دىلىغا ئاز بولسىمۇ خۇشاللىق ئاتا قىلىش ئۈچۈن ئۇنى مېھرىبانلىق بىلەن سۆيۈپ ئەركىلىتەتتى، غىدىقلاپ كۈلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ياش يۇقى ئۈستىگە توپا چاپلىشىپ ئالا - چىپار ھالەتكە كىرىپ قالغان چىرايى ئېچىلىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈشكە باشلىغاندا، ئاينىساخان ئاچىنىڭ دىلى سۆيۈنۈپ، بىر كۈنلۈك ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ قالاتتى. ھەتتا بەزىدە شېرىن ئارزۇ - ئارمانلارغا تولغان يۈرىكىدىكى خۇشاللىقىنى بېسىۋالالماي قالاتتى - دە، ئۆچكە سۈتى بىلەن ئوماچلا ئىچىپمۇ يەنىلا پاخلاندەك چوڭ بولۇۋاتقان نەۋرىسىنىڭ چۈشەنمىگىنىگە قارىماي قىزىق - قىزىق ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئېيتىشقا باشلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلاپ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمايدۇ. ئۇنى ساناپ ئولتۇرۇشنىڭ، ئېسىدە تۇتۇۋېلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. چەككەن جاپاسى، سىڭدۈرگەن ئەجرىگە يارىشا ئاينۇرى ساق - سالامەت قا-

تارغا قوشۇلسا، يارامىلىق ئادەم بولسا، قېرىپ ماغدۇردىن قالغاندا جېنىغا ئەسقاتسا، ئۇ قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. باققىنىغا مىڭ مەرتىۋە رازى بولىدۇ. يۈرەكنى ھۆتمە تۆشۈك قىلىۋېتىدىغان ئاچچىق تىل - ئاھانەت نەشتەرلىرى، مەسخىرىلىك كۈلكىلەر، كىنايىلىك ئالىيىپ قاراشلار ئۇنىڭغا كار قىلمايدۇ. بۇلار ئۇنىڭ نەۋرىسىگە بولغان مېھرى-مۇھەببىتى ئالدىدا بىر تىيىن! ئۇ ھەر قاداق جاپا - مۇشەققەت، ئازاب - ئوقۇبەت ۋە تىل - ھاقارەتكە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار! ۋاقتى كەلسە نەۋرىسى ئۈچۈن ئۆز جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ!...

ئاينىساخان ئاچا ئالدىراشچىلىق تۈپەيلىدىن ئىككى قولىنى ئۈچ قىلالماي بېشى قېتىپ تۇرغاندا، يېرىم كېچىدە دولقۇنغا چىقىپ ئۆزىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالغان مامۇت لەش ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ئەمدى ئۇ بىر چوڭ بىر كىچىكنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا، ئۈچ جاننىڭ نورما ئاشلىقى ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز ئەتىدىن - كەچكىچە تېخىمۇ كۆيۈپ پىشىپ ئىشلىمىسە بولمايتتى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن 40 نەچچە يىل ئۆزى بىلەن بىر تەكيىگە باش قويغان، قانچىلىغان ئىسسىق سوغۇقنى بىللە باشتىن كۆچۈرگەن ئېرىنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن تولغىنىپ ئېڭراشلىرى ئۇنى چەكسىز ئازابلايتتى، ئېرىنى داۋالىتاي دېسە پۇل، يېگۈزەي دېسە قۇۋۋەتلىك رەك تاماق يوق. كىچىكتىن چوڭغىچە، ئاغرىقتىن ساقىيىچە بولغان ھەممەيلەن گۈڭشېنىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىسىغا قاراشلىق. ئىچىدىغىنى ئوماچ ياكى قوناق پارچىلىرىنى سانىۋالغىلى بولغۇدەك سۇيۇق سەلەڭ ياما! يەيدىغىنى مەدەك ئۇنى ياكى كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ ياقىلغان بەتتەم زاغرا! مۇشۇلارمۇ تويغۇدەك بولسىچۇ، كاشكى! ئۇ ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي تىرىشىپ - تىرمىشىپ نەۋرىسىنى ئىككى ياشقا كىرگۈزگەندە، ئەسلىدىلا يېرىم ئاچ، يېرىم توق يۈرۈپ يىلىكى ئۈزۈلۈپ قالغان ئېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانچە ئىككىنچىلەپ ئورنىدىن تۇرالماي، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى.

ئەمدى بۇ دۇنيادا نەۋرىسى ئاينۇردىن باشقا ئۇنىڭ سۇنغان دىلىغا تەسەللىي بەرگۈدەك ھېچكىم قالمىغانىدى. بىراق دۇنيادىكى ئىشلار ھامان ئادەمنىڭ ئۆز ئارزۇيىدىكىدەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ. قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولار دەپ، يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ مىڭ بىر جاپادا چوڭ قىلغان ئاينۇرنىڭ ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىشىنى كىم بىلسۇن؟!

— چوڭ ئانا! چوڭ ئانا! — كۆز ياشلىرى بىلەن پۇتلىسى ئارىلىشىپ كەتكەن ئاينۇرى تالادىن يۈگۈرۈپ كىرگىنىچە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە باش قوناق ئۇۋۇلاۋاتقان ئاينىساخان ئاچىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ ھەر قانچە بەزلىگىنىگە قارىماي بىر ھازا بۇقۇلداپ يىغلىغاندىن كېيىن ئېسەدىگەن ھالدا دېدى، — مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا تالاقىز مېنى ھارامدىن بولغان دەپ تىللاۋاتىدۇ، ئېيتقىنا چوڭ ئانا، مەن راستىنلا ھارامدىن بولغان بالىمۇ؟

— شۇنداق دېگەن ئادەم پوق يەپتۇ! — دېدى ئاينىساخان ئاچا غەزەپتىن پۈتۈن ئەزايىغا ئۇلاشقان تىترەكنى زورىغا بېسىۋېلىپ، — ئاناڭ سېنى بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇپ قويۇپلا ئۆلۈپ كەتكەن، داداڭ

www.uyghurkitap.com

بەك يىراق، بەك يىراقتا، ھازىرچە قايتىپ
كېلەلمەيدۇ. ئۇنى مەن ساڭا كۆپ قېتىم
دەپ بەرگەنغۇ، بالام! سەن ھازىر كىچىك
ئەمەس، توققۇز ياشقا كىرىپ قالدىڭ، ئۇ-
قۇشۇڭ كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق
گەپلەرگە ئىشەنمە، خەق دېگەن ئاغزىغا
كەلگەننى دەۋېرىدۇ!

— مېنى ئالداۋاتىسەن، مېنىڭ دادام
يوق!— ئاينۇرى يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ كەت-
كەن كۆزىگە قايتىدىن ياش ئالدى،— دادام
بولسا نېمىشقا مېنى كۆرگىلى كەلمەيدۇ؟
ئۇ مېنى سېغىنمامدۇ؟

— سېغىنىدۇ، لېكىن ئارىلىق بەك
يىراق، كېلىپ بولالمايدۇ.

— ئايروپىلان بىلەن كەلسە بولمامدۇ؟

— پۇل يوق، بالام.

— پۇل يوق كېلەلمەيۋاتامدۇ؟— ئاي-
نۇرى بېشىنى قىيشايتىپ بىر پەس ئويلى-
نىۋالغاندىن كېيىن بۇدرۇق مۇشتۇمنى چىڭ
تۈگدى،— خەپ، چوڭ بولغاندا تازا جىق
پۇل تېپىپ دادامغا ئەۋەتمەيدىغان بولسام!—

— خۇدا كۆڭلۈڭگە ئىنساپ بەرسە
ھەممە ئارزۇيۇڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ، قىزىم!—
ئاينىساخان ئاچا نەۋرىسىنىڭ سارغۇچ يۇمشاق
ماڭلاي چاچلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن سىي-
لىدى،— ئوبدان ئوقۇغىن، جىق ئوقۇساڭ
كادىر بولىسەن، كادىر بولساڭ ھۆكۈمەت
ئايلىق بېرىدۇ، ئۇ چاغدا چوڭ ئاناڭدەك
يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمايسەن.

— دادامنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ
بەرگىنە، ئوبدان چوڭ ئانا! ناۋاتتەك چوڭ
ئانا!— ئاينۇرى بېشىنى چوڭ ئانىسىنىڭ كۆك-
سىگە سۈركەپ ئەركىلىدى،— ئېيتىپ بەر-
مىسەڭ مەن پۇلنى نەگە ئەۋەتىمەن؟

—داداڭ ئايدا، ئۇ كىچىكىڭدىلا ئاي-
غا چىقىپ كەتكەن.

— ھە، ئالەم كېمىسى بىلەنمۇ؟—ئاي-
نۇرىنىڭ كۆزلىرى شادلىقتىن چاقناپ كەت-
تى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭ ئانىسىنىڭ
ئويچان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، ئاغزى-
ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى،— مۇئەللىم
بىزگە ئالەم كېمىسى بىلەن ئايغا چىققىلى
بولىدۇ، ياخشى ئوقۇساڭلار كەلگۈسىدە سى-
لەرمۇ ئايغا چىقالايسىلەر دېگەن. بۇنى نې-
مىشقا بالدۇرراق ماڭا ئېيتىپ قويمۇدۇڭ؟
بولمىسا تېخىمۇ ياخشى ئوقۇيتتىم! ئەمدى
ياخشى ئوقۇساممۇ بولار-ھە، چوڭ ئانا؟ بۇنى-
ڭدىن كېيىن تەپكۈچمۇ ئوينىمايمەن، تازا
ياخشى ئوقۇپ ئايغا چىقمايدىغان بولسام!

ئاينىساخان ئاچا ئالەم كېمىسىنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ
شۇنداقلا دەپ قويغان بىر ئېغىز گېپىنىڭ
ئاينۇرىنى بۇنچىلا ھاياجانلاندۇرۇۋېتىشىنى
خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. نەۋرى-
سىنىڭ ئەقلى يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا ئەگى-
شىپ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدۇ، ئۇ چاغدا
ئۇنى بۇنداق توقسەن يەردىن چېنىپ تۇ-
رىدىغان سۆزلەر بىلەن ئالداش تەس. قا-
يىل قىلىش، ئىشەندۈرۈش توغرىسىدا ئېغىز
ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس! قانداق
قىلىش كېرەك؟ گەپنىڭ راستىنى ئېيتىش
كېرەكمۇ؟ ياق! ئۇنىڭ سەبىي قەلبىنى ئا-
زاب تىغى بىلەن يارا قىلىشقا بولمايدۇ.
ھەممە دەرد- ئازاب ئۆزى بىلەن كەتسۇن.
بۇلار ھەرگىز ھېچنېمىدىن بىخەۋەر نەۋرى-
سىگە بايلىق-بىسات ئورنىدا قالدۇرۇپ كې-
تىدىغان بىردىنبىر مىراس بولۇپ
قالمىسۇن!

ئاينىساخان ئاچىنىڭ مۆلچەرى خاتا
چىقمىدى. ئاينۇرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەك-

تەپنىڭ 3 - يىللىقىغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر شەنبە كۈنى ئاخشىمى ئۆيگە دومسىيىپ قايتىپ كەلدى. مەكتەپ يىراق بولغاچقا، ئۇ ياتاقتا يېتىپ - قوپۇپ، ئۆيگە ھەپتىدە بىر قېتىم قايتىپ كېلەتتى، بۇدا چوڭ ئانىسىنىڭ ھەر قېتىمدىكىدەك خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا ئالدىراپ- تېنەپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ پېشانىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن چوككىدە سۆيۈشلىرىمۇ، بىر ھەپتىدىن بۇيان ئۆزى يىيىشكە كۆزى قىيماي ساقلاپ قويغان بۇغداي نېنىنى ئۇنىڭ قولىغا ئاۋايلاپ تۇتقۇزۇشلىرىمۇ، گويا بىرەر يىل يۈز كۆرۈشمىگەندەك سېغىنىش بىلەن كۆيۈنۈپ ھال - ئەھۋال سوراشلىرىمۇ چىرايىدىن پەرىشانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان نەۋرىسىگە قىلچە كار قىلمىدى. ئۇ چوڭ ئادەملەردەك ئېغىر بىر خورسىنىۋالغاندىن كېيىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالغان چوڭ ئانىسىغا گۇمان نەزەرى بىلەن قارىدى.

— مېنى ئالداپ يۈرۈپسەنغۇ چوڭ ئانا؟— دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ،— ئايدا ئادەمنىڭ ئۇنچىلا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سېنىڭ گېپىڭگە چۈشۈپ، ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەسخىرىلىرىگە پىسەنت قىلماي كەلگەنىدىم. ئايغا چىقىپ دادامنى كۆرۈش ئىستىكى مېنى تىرىشىپ ئوقۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى. شۇڭا ھېچنىمىدىن قورقماي، ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي، بىلىمنى كۆپرەك ئىگىلەپ تېزرەك ئايغا چىقىشنىڭ كويىدىلا باش قاتۇرۇپ كەلگەنىدىم. لېكىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن - بارا - بارا ھەممىنى بىلىۋالدىم. ھېچقانداق ھاياتلىق بولمىغان ئۇنداق يەردە دادام قانداقمۇ ياشاپ تۇرالىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈشكۈن تىللاقىز بىلەن قىزىرىشىپ قالسام، ئەھۋالنى بىلمەيدىغان باشقا يېزىلىق ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدىلا مېنى يەنە «ھۇ قېلىن، دادىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان ھاراملىق!...» دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ كەتتى. بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىم تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى. مەندەك تاشلاندۇق بالىغا بۇ دۇنيادا زادى نېمە بار؟! نېمىشقا كىچىكىمدىلا تالاغا چۆرۈپ تاشلىۋەتمىگەن بولغىيدىڭ چوڭ ئانا؟ ھەي ئېسىت، بۇ دۇنياغا نېمە دەپ تۆرەلگەن بولغىيدىم؟! ھەممەيلەن ماڭا غەلىتە بىر مەخلۇققا قارىغاندەك ئەجەبلىنىش، مەنسىتمەسلىك ۋە زاڭلىق نەزەرى بىلەن قارىشىدۇ. قارام يۇقۇپ قالىدىغاندەك مەندىن يىراق قېچىشىدۇ. مېنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرىدۇ، ئارىغا ئالمايدۇ، ھە دېسىلا ھاقارەتلەيدۇ، تىللايدۇ، مەن زادى ئۇلارغا نېمە قىلغان؟! نېمە گۇناھ ئۆتكۈزگەن؟!...

ئاينۇرى غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ ھۆكسىرەپ يىغلىۋەتتى، ئاينىساخان ئاچا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇ نەۋرىسىنى قۇچىقىغا تارتىپ، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىغا جور بولۇشتىن باشقا ئامال قىلالمىدى. ئىككى دەردمەننىڭ ئاچچىق كۆز ياشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاينۇرى مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى، چوڭ ئانىسىنىڭ يېلىنىپ يالۋۇرۇشلىرى، پايدا - زىيانىنى چۈشەندۈرۈپ قىلغان پەندى - نەسىھەتلىرى بىكارغا كەتتى. ئۇ چوڭ ئانىسى بىلەن بىللە ئېتىز- ئېرىق ئىشلىرىغا چىقىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشكە باشلىدى، لېكىن ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى، باشقىلار گەپ سورىسا جا-

ۋابمۇ بەرمەيتتى، نىھايەت گەپ تەشكۈچىلەر-
گە سوغۇققىنە قاراپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى
قىلىۋېرەتتى، ئۇنىڭ بۇنچىلا كەمسۆز بولۇپ
كېتىشى ئايىنساخان ئاچىغا تولىمۇ ئېغىر
كەلدى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈ-
سىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، ئۇنىڭ
ھەسرەت ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان ئوي-
چان كۆزلىرىگە، خاپىلىق تۇمانلىرى قاپلى-
غان چىرايىغا تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالمايتتى.
ئۇنىڭ توساتتىنلا مەرھۇم قىزى تۇنىساخان-
غا ئۆچلۈكى كېلىپ قالدى، ھەممە بەخت-
سىزلىكنى تېرىغۇچى شۇ ئەمەسمۇ! بولمىسا
ئايىنساخان ئاچا ئاينۇرغا نېمە يامانلىق
قىلدى؟ ئۇنى پەپىلەپ بېقىپ چوڭ قىلىپ
قويغان گۇناھى ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنگە
قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئارزۇلۇق نەۋرىسىدىن كۈت-
كىنى شۇمىدى؟!

ئايىنساخان ئاچا كۆز يېشىنى ئىچىگە
يۇتۇپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدى، ئاينۇرى 16
ياشقا كىرگەندە چىرايى تۇيۇقسىز گۈلدەك
ئېچىلىپ كەتتى.

ئايىنساخان ئاچا نەۋرىسىنىڭ خۇشاللى-
قىغا ئورتاقلىششقا ئۈلگۈرە - ئۈلگۈرمەيلا بىر
ئىشنى سېزىپ قېلىپ، ھوشىدىن كېتىشكە
تاس قالدى: يېقىندىن بۇيان ئاينۇرى ھەر
كۈنى كەچتە سۇ تۇرسىمۇ قاپاقنى يۈدىگەن
پېتى كۆل بويىغا چىقىپ كېتىدىغان بولۇ-
ۋالغانىدى. بويىغا يېتىپ قالغان نەۋرى-
سىنىڭ ياشلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرى-
گەن ئايىنساخان ئاچا بىر كۈنى تۇيدۇرماي
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى، كۆلگە يېقىن
قالغاندا ئۆزىنى جىگدە دالدىسىغا ئالدى.
كۆل بويىدىكى يوغان سېرىق سۆگەت تۈ-
ۋىدە تەمبەل بىر يىگىت بۇياققا تەلمۈرۈپ
قاراپ تۇراتتى. ئاينۇرى قاپىقىنى يەرگە
قويۇپ، توم ۋە ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچلىرىنى



غىجىمىدىغان پېتى بىر پەس جىم تۇردى،
ئاندىن ئەتراپىغا قاراۋېتىپ، ئادەم يوق-
لۇقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇچىقى-
غا ئۆزىنى ئاتتى. ئايىنساخان ئاچىنىڭ
يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. بۇ يىگىت
«تۆتنى ئېنىقلاش» كادىرلىرىغا ھېساباتنى
توغرا چىقىرىپ بېرەلمەي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋالغان قېيۇم ئامبارچىنىڭ ئوغلى غوپۇر
بولۇپ قالمىسۇن يەنە! خۇدا، ئۆزۈڭ
ساقلىغايسەن، بوي - تۇرقىغۇ شۇنداق ئوخ-
شاپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇرسىز كۆز-
لىرى غۇۋا ئاي يورۇقىدا يىراقتىكى ئادەم-
نىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىدى.
ئىلاھىم، شۇ غوپۇردىن باشقا كىم بولسىمۇ
مەيلىدىغۇ! ئۇنداقتا ئايىنساخان چوڭ ئانا
نەۋرىسىنىڭ بېشىنى قاچان دېسە شۇ چاغ-
دا ئوكشاپ قويۇشقا تەييار! ھەتتا ئۆمۈر
بويى چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدىغان يېتىم،
بىر ناننى پۈتۈن قىلىپ يېيەلمەيدىغان
گاداي، كېچە بىلەن كۈندۈزنى پەرق
ئېتەلمەيدىغان ئەما، شەرەت بىلەن گەپ
ئۇقتۇرىدىغان گاچا ۋە جاھاننىڭ غەۋغا-

لىرىنى ئاڭلىيالمايدىغان گاچا بولسىمۇ ياق دېمەيدۇ!

ئاينساخان ئاچا تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە ئاستا قايتىپ كەلدى - دە، هويلىدا سېلىپ قويۇلغان چۆشەك ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى، تام تۈۋىدىكى قاپاق تېرەك يوپۇرماقلىرى يازنىڭ مەيىن شامىلىدا يېنىك شىلدىرلايتتى، پاشا - كومۇتلار غىڭىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، يەر يۈزىگە تەكشى سېپىلگەن ئاي نۇرىغا قاراپ خىيالغا چۆكتى، ئاينۇرى ئالاھەزەل خۇپتەن بىلەن يېنىپ كەلدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىچكى خۇشاللىقى نۇرلىنىپ كەتكەن گۈزەل چىرايىدىن سىرتىغا تېپىپ تۇراتتى. خۇمارلاشقان ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىدىن سىرلىق ئۇچقۇن چاقنايتتى. سارغۇچ سېكىلەكلىرى يېپىشىپ تۇرغان كەڭ پېشانىسىمۇ، ئېلىپتەك تۈز - قاڭشارلىق بۇرنىمۇ، بىر نېمە دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك لىپىلداپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرىمۇ، بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرغان ئالمىدەك كۆكسىمۇ، ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ تۇرغان زىلۋا بويىمۇ مەرھۇم قىزى تۇنساخانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، تۇنساخاننىڭ چىرايى بولسا ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى چىرايىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ نەۋرىسىنىڭ ئاي نۇرىدا پەرىزاتتەك كۆرۈنگەن چىرايىغا قاراپ ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقتىنى ئەسلەپ قالدى. بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلىرى بولغان، ئەمدىلا خەت تارتقان يۇمران بۇرۇت ئۇنىڭ ئالمىدەك قىزارغان مەڭزىنى غىدىقلاپ ئۆتكەن، ئوتتەك كۆيدۈرگەن لەۋلەر يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان. لېكىن تەقدىر ئۇنى ئۆز ئارزۇيىغا يەتكۈزمەي ماموت لەشكە چېتىپ قويدى. ئۇ تەقدىرگە تەن بەردى، ئۆمۈر بويى خوتۇنلۇق بۇرچىنى ئادا قىلدى، چەككەن جاپاسى قالمىدى، شۇنىڭغا چۈشلۇق بۇ دۇنيانىڭ خۇشاللىقىنى بىر كۈن كۆرگەن بولسىچۇ، كاشكى! مانا ئەمدى بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغاندا تەقدىر يەنە ئۇنىڭ بىلەن قىيىرىشقاندەك كۆزىنى ئارامخۇدا يۇمغىلى قويماي، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭ بىر بەختسىزلىك ۋە پېشكەللىكتىن بېشارەت بېرىۋاتىدۇ.

— نەگە باردىڭ، قىزىم؟

— ئۆزۈڭ كۆردۈڭغۇ، سۇ ئېپكەلدىم.

— ھېلىقى يىگىت كىم؟

— كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟ — ئاينۇرى ۋىلىلدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە قاپاقنى يەرگە قويۇپ چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، — سەندىن يوشۇرۇپ يۈرۈۋەرسەممۇ بولماس، دەپ بەرسەم بېرەي. ئۇ مېنىڭ يىگىتىم، سەنمۇ تونۇيسەن، ھېلىقى دۆڭ مەھەللىلىك غوپۇر...

— نېمە دېدىڭ؟ ئۇ راستىنلا غوپۇرمۇ؟! — ئاينساخان ئاچا چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، مادارى يەتمەي، قايتىدىن ياتقان يېرىگە يىقىلىپ چۈشتى، كۆزى قاراڭغۇلاشتى، بېشى پىرقىراپ ئايلىنىشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ گاھ توۋا دەپ ياقىسىنى چىشلەيتتى، گاھ ئەسەبىيلەرچە كۆڭلىكىنى يىرتاتتى، كالۋالىشىپ قالغان تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ۋارقىرايتتى، — ئاھ، ئۇلۇغ خۇدا، نېمە كارامەت بۇ؟ ماڭا كۆرسەتمىگەن يەنە نېمەڭ قالغاندۇ؟ مەن ئالدىڭدا زادى نېمە گۇناھ قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنچە قىينايدىغانسەن؟!...

— ساڭا نېمە بولدى چوڭ ئانا؟ نېمە بولدۇڭ؟ — قورقۇپ كەتكەن ئاينۇرى چوڭ ئانىسىنىڭ شالاڭ ئاق چاچلىق بېشىنى

قوچىقىغا ئېلىپ سۇلىشىپ قورۇلۇپ قالغان ئالمىدەك ئەتىسىز يۈزىنى سىيلىدى، — گەپ قىلغىنا چوڭ ئانا! مەن ئايىنۇرى! مېنى تونۇۋاتامسەن؟ مەن نەۋرەڭ ئايىنۇرى!

— جېنىم بالام، ساڭا دۇئا قىلاي! — دېدى ئايىنىساخان ئاچا بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، — بۇ نىيىتىڭدىن يان! ئۇنىڭدىن باشقا كىمنى دېسەڭ مەيلى، غوپۇرغا تەگسەڭ زادى بولمايدۇ!

— نېمىشقا؟

— بۇ... بۇ... — ئايىنىساخان ئاچا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى، بىرپەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قەتئىي ئاھاڭدا دېدى، — بولمايدۇ دېدىم، بولمايدۇ! مەن دېگەن سېنىڭ چوڭ ئاناڭ! كىچىكلەر چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، بۇ قەدىم زاماندىن قالغان ئادەت - يوسۇن! مېنى ھېلىمۇ چوڭ ئانام دېسەڭ غوپۇر بىلەن باردى كەلدى قىلما، بۈگۈندىن باشلاپ ئالاقەڭنى ئۈز!

— ياق! — دېدى ئايىنۇرى، — ئۇنىڭغا تەگكىنىم تەگكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە تەگمەيمەن! ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن!

— ئەمىسە، يا ماڭا تۇر، يا ئۇنىڭغا تۇر!

— ساڭىمۇ تۇرىمەن، ئۇنىڭغىمۇ تۇرىمەن! نېمىشقا مېنى مۇنچە قىستاۋېرىسەن، چوڭ ئانا؟ ئۇنىڭ قەيىرى ساڭا ياقماي قالدى؟

— ئۇنىڭ دادىسى ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان، ئاناڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ ئوغلىغا تېگىشىنى كۆڭلۈم قانداق كۆتۈرىدۇ، جېنىم بالام؟

— نېمە؟! — ئايىنۇرىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى، — غوپۇرنىڭ دادىسى ئانامنى ئۆلتۈرگەنمۇ؟ بۇرۇن بۇنداق دېمىگەن ئىدىڭغۇ؟

— ئۇ چاغدا سەن تېخى كىچىك، — دېدى ئايىنىساخان ئاچا ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — شۇڭا دېمىدىم، ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، ئاق قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن، دەرھال نىيىتىڭدىن يان، بالام، ئۆمرۈڭگە دۇئا قىلاي!

— ياق - ياق! — ئايىنۇرى يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى، — ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن، چوڭ ئانا! مېنى ئۇنداق قىستاۋەرمە! ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيۇمكام ئانامنى ئۆلتۈرگەن بولسا شۇ چاغدىلا جازاغا تارتىلماي قالامتى؟! باشقىلار شۇ چاققىچە بىلمەي تۇرامتى؟! بۇگەپ راست بولىدىغان بولسا ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلىغان بولاتتىم! سەن يەنە مېنى ئالداۋاتىسەن، چوڭ ئانا! مېنى يەنە ئالداپ نېمە قىلماقچى؟ ئەجەبا، سەن مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى خالىمامسەن؟...

شۇ كېچىسى ئايىنىساخان ئاچىمۇ، ئايىنۇرىمۇ كىرپىك قاقماي يېتىپ چىقتى. ھەرقايسىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەنت ئىدى، ھەر كىم ئۆز دەردىدە يىغلايتى. ئايىنىساخان ئاچا شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە ئايىنۇرىغا ئوخشاشلا جۇدەپ كەتتى، موكچىيىپلا قالدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى نەۋرىسىگە ئېيتىش قارارىغا كەلدى. لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئايىنۇرى قايتىپ كەلمىدى، ئەتىسى غوپۇرنىڭمۇ يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئايىنىساخان ئاچا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى، ئوقۇتۇپ كۆردى، خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىكەن:

«مېھرىبان چوڭ ئانا، ۋاپاسىز نەۋرەڭنى كەچۈر! ئۇ خىزمىتىڭدە بولالمايدىغان بولدى، ئۆز بەختىنى دەپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغىمۇ بۇ كەڭرى جاھاندىن پۇتنى تىققۇدەك بىر يەر

جاي چىقىپ قالار. بۇ دۇنياغا كۆز ئاچـ
قاندىن تارتىپلا ئوقۇشتىن توختىغىچە
تىل ـ ئاھانەتلەر، ئالىيىسىپ قاراشلار،
تەگەشلەر، يەكلەشلەر خۇددى سايەمگە
ئوخشاش نەگە بارسام شۇ يەرگە ئەگىشىپ
باردى. پەقەت غوپۇرلا مېنى ئادەم قاتارىـ
دا كۆردى، بارلىقىنى ماڭا بېغىشلىدى.
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغىنىمدا ئۆزۈمنى
ھەقىقىي بىر ئادەمدەك ھېس قىلدىم، شۇڭا
ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغىنىمنى، ئۇنىڭدىن
ئايرىلىش ماڭا ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنـ
لىكىنى ساڭا ھەر قانچە قىلىپمۇ چۈشەندۈـ
رۈپ بولالمىدىم. سەن بولساڭ نەۋرەڭنىڭ
كۆڭلىدىكىنى قىلچە چۈشەنمەي، ئۆز خاـ
ھىشىڭ بويىچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشـ
كە قىستاۋەردىڭ، ماڭا نېمە ئامال بار
دەيسەن؟ ئاخىرى مۇشۇ يولغا مېڭىشىمغا
توغرا كەلدى. ‹تۇزكور، بىۋاپا، ۋىجدانسىز›
دەپ تىللىساڭمۇ، ‹ئۆلۈكۈڭ چۆلدە قاغاـ
قۇزغۇنلارغا يەم بولغاي› دەپ قاغىساڭمۇ
مەيلى، ھەممىگە ھەقلىقسەن! قىسقىسى،
سېنىڭ رايىڭنى دەپ ئۆز بەختىمنى بەھۇـ
دە قۇربان قىلىۋېتىشنى خالىمىدىم، مېنىڭـ
مۇ دادىسىز تۆرۈلۈپ قالغان بەختسىزلىـ
كىمدىن خەۋىرى بولمىغان يىراق جايلارـ
دىكى كىشىلەر ئارىسىدا بويۇن قىسماي،
كەمسىتىلمەي ياشاپ باققۇم كەلدى.
قېرىغاندا يار ـ يۆلەكسىز قالدىڭ، بىراق
ھۆكۈمەت بار ئەمەسمۇ، تۇرمۇشتا قېينالـ
ساڭ ‹بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە› بولۇشقا
ئىلتىماس قىلىشنى ئۇنتۇپ قالما!

خەير ـ ئەمىسە،

ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز!

بەختسىز، بىۋاپا نەۋرەڭ ئاينۇرى.

1975 ـ يىل × ئاينىڭ × ـ كۈنى»

ئاينىساخان ئاچا قولىغا تۇتقۇزۇپ
قويۇلغان خەتنى مىجىقلىغىنىچە داڭقىتىپ
تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ مېڭىسى
ئىشلەشتىن قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ
كونىراپ قىڭغىيىپ قالغان ئۆيىگە قانداق
يېنىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئارىدىن
بىر ـ ئىككى ھەپتىنى قانداق ئۆتكۈزۈۋەتـ
كىنىنىمۇ ئېسىگە ئالالمايدۇ. شۇ كۈنلەردە
نېمە قىلدى، نېمە ئەتتى؟ نېمە يېدى؟
بۇلارمۇ زادىلا يادىدا يوق.

ئاينىساخان ئاچا ئەنە شۇ تەرىقىدە
يازنى، ياز ئارقىسىدىن كۈزنى ئۆزدىتىپ
قويدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە زىمىستان
قىش يېتىپ كەلدى. ئاچلىق ۋە سوغۇق
ئاخىرى ئۇنى ئارغامچىنى ئۆشنىسىگە سېلىپ،
كەكىنى ئېلىپ جاڭگالغا بېرىشقا مەجبۇر قىلدى...

ئاينىساخان ئاچا يۇقىرىقى كۆرۈنۈشـ
لەرنى كۆڭۈل ئېكرانىدىن بىر ـ بىرلەپ
ئۆتكۈزدى، ھازىر ئۇنىڭ «ئاينۇرى!»
دەپ ئاۋازىنى چىقىرىپ چاقىرغۇچىلىكىمۇ
ماغدۇرى قالمىدى، پەقەت دىلىدىلا چاقىراـ
لايدۇ. لەۋلىرى پۈتۈنلەي توڭلاپ مۇزغا
ئوخشاش قېتىپ قالدى، كىرپىكلىرى بىرـ
بىرىگە تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىپ كەتتى.
كۆكرەك قەپىسىدىكى ئاخىرقى ھارارەت
ئاجىزلاپ كەتكەن يۈرىكىنىڭ يەنىلا سوـ
قوپ تۇرۇشىغا ئىمكان بېرىۋاتقاچقا، مېڭىـ
سى ئاز ـ تولا ئىشلەپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھېلى
ئۇمۇ ھەرىكەتتىن توختايدۇ، تېزرەك بولمىـ
سا نەۋرىسىگە دۇئا بېرىش پۇرسىتىدىن
مەھرۇم قېلىشىمۇ مۇمكىن!

«ئەي ئۇلۇغ خۇدا، شۇ بىگۇناھ بوغۇنـ
لارنىڭ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھىنى
كەچۈرگىن!...»

بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شىۋىرغان
سۈس ئاي نۇرىغا بۆلۈنگەن جاڭگالدا
دەھشەتلىك ھۇشقىتىپ، دىلىدا ئاخىرقى
دۇئا بېرىشكە ئاران ئۈلگۈرگەن ئاينىساخان
ئاچىنى بىردەمدىلا ئاپئاق قارغا كۆمۈۋەتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر: كامىل تۇرسۇن

# زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

قەييۇم تۇردى

ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتۇرگ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پروزىسى ۋە دراماتۇرگىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى يولداش زۇنۇن قادىر 1989-يىل 9-ئاينىڭ 24-كۈنى كېسەل سەۋەبى بىلەن 77 يېشىدا ۋاپات بولدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى، ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرى ئۆزىنىڭ بۇ پېشقەدەم يازغۇچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق قايغۇردى ۋە ماتەم تۇتتى.

زۇنۇن قادىر 1912-يىلى 6-ئايدا چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باللىق-ئۆسمۈرلۈك دەۋرى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكەن. 1937-يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئوقۇغان ۋە بۇيەردە ئىنقىلابىي ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1940-يىلى غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ بېرىپ، مەدەنىيەت ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. 1944-يىلى ئۈچ ۋىلايەت دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، ھەربىي مۇخبىر، تەھرىر، باش تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى ۋە كەسپىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ پەخرىي ئىجرائىيە ھەيئەتى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

زۇنۇن قادىرنىڭ ھاياتى تىرىشىپ ئىجاد قىلىش، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش ۋە شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بىلەن ئۆتكەن ھايات. ئۇ 1936-يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ ياخشى ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدىن «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» دراملىرى 30 — 40-يىللاردىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ۋە ئازادلىققا بولغان ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇ دراملار ئەينى ۋاقىتتىلا خەلقنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. 1945-يىلىدىن كېيىن ئۇ پروزا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «شەپقەت ھەمشىرىسى»، «ماغدۇر كەتكەندە» قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى شىنجاڭنىڭ رېئال كۈرەشلىرى ۋە ھەر قاتلام، ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭ پىسخىك ھالىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا چوڭقۇر چۆكۈپ «توي ئۈستىگە توي» دراممىسى ۋە «چېنىقىش» ھېكايىسىنى يېزىپ بۇ ئەسەرلىرى بىلەن 50-يىللاردا ئۇيغۇر يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن زور ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇنجى پروزىسى، دراممىسىنىڭ ۋەكىلى، ئۇ رېئال تۇرمۇشنى شۇ ژانىرلار ئارقىلىق ئەكس ئەت-

تۈرۈشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقۇچى. بۇ ساھەدە ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇنىنىڭ ئىنچاملىقى، چوڭقۇرلۇقى، سيۇژېتىنىڭ مۇكەممەل، جانلىقلىقى، مىللىي تۇرمۇش پۈردىقىنىڭ قويۇقلۇقى، تىلىنىڭ ساددا، مەنىلىك، تەمىلىكلىكى، ئومۇمەن ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن بىزگە ئۆگىنىمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ئۈلگە. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىزگە «غۇنچەم»، «چېنىقىش»، «خاتىرىلەر»، «مەسەل ۋە چۆچەكلەر» قاتارلىق 4 پارچە كىتاب قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەمگەك تەرى، يۈرەك قېنى بىلەن پۈتكەن بۇ ئەسەرلىرى، يالغۇز شىنجاڭدىكى كەڭ كىتابخانىلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىمۇ زور تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ ئەسەر-لىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولۇپلا قالماي ئۇ يەنە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر پارلاق گۆھەر. شۇڭا بىز-زۇنۇن قادىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز!

پېشقەدەم يازغۇچى زۇنۇن قادىر ئاددىي - ساددا، ئەستايىدىل، سەممىي - سادىق، ئاددىل ئادەم ئىدى. ئۇ تۇرمۇشتا چۆكۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، خەلقنىڭ ئاۋا-زىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇيغۇر دېھقانلىرى بىلەن گۆش بىلەن قاندەك بىرىكىپ ئۆز ئەسەرلىرىدە دېھقانلارنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات پىكىرلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن. ئۇ ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تالانت ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيەلەشكە تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئاتاقلىق قازاق شائىرى قۇربانئەلى ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىنىڭ بايقىلىشى، ئۆسۈپ-يېتىلىشىدە زۇنۇن قادىرنىڭ ئەنە شۇنداق غەمخورلۇقى رول ئوينىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنى شىنجاڭنىڭ، كۆپ مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئىشىغا بېغىشلىغان. ئۇ «مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىق — ئىجادىيەت» دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتنى سۆيۈش، ئەدەبىياتقا ئۆزىنى ئاتاش، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش روھى بىز ئۈچۈن مەڭگۈ ئۈلگە.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن زۇنۇن قادىر ئەدەبىيات باھارىنى قايتىدىن باشلاپ، تىرىشىپ ئىجاد قىلىشقا كىرىشىپ، يېڭى دەۋر ئۈچۈن يېڭى مەھسۇلات تەقدىم قىلىشقا باشلىغان پەيتتە ئۇ بەختسىزلىككە ئۇچراپ بىز بىلەن ۋىدالاشتى.

ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش، شۇنداقلا شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ بىر يوقىتىش. بىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇ بىلەن چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

بىز ئۇنىڭ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە ئىستىلىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن گۈزەل ئارمانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبى-ياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن قولنى - قولغا تۇتۇپ تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

ئەلۋىدا، سۆيۈملۈك يازغۇچى، ھۆرمەتلىك ئۇستاز زۇنۇن قادىر! سىزنىڭ ئىسمى-ڭىز ئەسەرلىرىڭىز بىلەن بىللە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغۇسى، سىز مەڭگۈ بىزنىڭ قەلبىمىزدە!

www.uyghurkitap.com

## زۇنۇن قادىرنى دەپنە قىلىش ھەيئەتى ئىسىملىكى

مۇدىر ھەيئەت: لى كاڭنىڭ
مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلەر: ياسىن خۇدابەردى، قەييۇم تۇردى
ھەيئەتلەر: ئابلىز داۋۇت، ئابلىز نازىرى، ئابلايوۋ، ئابلىمىت سادىق، ئەلقەم ئەختەم، جاڭ گۈيتىڭ، چېن بەيجۇڭ، سەيپۇل يۇسۇپ، ساغا، سىراجىددىن زۇپەر، ليۇ شياۋۋۇ، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ھاكىم جاپپار، ھېيتەم ھۇسەن، ۋاڭ يوخۇ، ئىمىن ئەخمىدى، يۈسۈپ ماماي، شاكەن ئوڭالباي، زوردۇن سابىر

# ئۈرۈمچىدە ئاتاقلىق يازغۇچى زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرغا تەزىيە بىلدۈرۈش مۇراسىمى 1989 - يىلى 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. تەزىيە مۇراسىمغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن قەييۇم باۋۇدۇن، فۇۋېن، ساۋدانوۋ، ئابدۇرېھىم لېتىپ، ئىبراھىم روزى قاتارلىق يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئەزالىرى، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى؛ شۇنىڭدەك ھەر ساھە زاتلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. تەزىيە مۇراسىمغا زۇنۇن قادىرنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى تەزىيە نۇتقى سۆزلىدى. (سۆز تېكىستى ئايرىم بېرىلدى).

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىي دائىمىي كومىتېتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭى، شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قاتارلىق 40 نەچچە ئورۇن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى، ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ قاتارلىق كىشىلەر تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. مۇراسىم زالىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، ھامىدىن نىياز، چى گو، بەي چىڭمىڭ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، قىدىرباي، يۇسۇپ مۇھەممەدى، ساۋدانوۋ، ماھىنۇر قاسىم، قۇرمانئەلى ئوسپانوۋ، سەيپۇللايوۋ قاتارلىق يولداشلار ۋە ئوتتۇز نەچچە ئورۇن ئەۋەتكەن گۈلچەمبىرەك، مەرسىيەنامىلەر قويۇلغانىدى.

ئۆز خەۋىرىمىز

ياسىن خۇدابەردى

# زۇنۇن قادىرنى ئەسلەيمىز

مەشھۇر يازغۇچى زۇنۇن قادىرنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپ، كۆڭۈللەرگە ئۆچمەس جۇدالىق ئوتىنى ياقتى. بۇ جۇدالىق تۈپەيلىدىن ئەدەبىياتىمىز ئاسمىنىدىكى بىر يۇلتۇز ساقىپ چۈشتى.

بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن 30 — 40 يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى، ئەسەرلىرىمىزنىڭ سۈپىتى ئۆسكەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەر جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ، يۈكسىلىپ، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتقانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆرەلەيمىز. مانا مۇشۇنداق چاغلاردا ئاشۇ ھەيۋەتلىك ئەدەبىيات قەسىرىمىزنىڭ ھۇلىنى قۇرۇپ بەرگۈچىلەرنى، جۈملىدىن زۇنۇن قادىرغا ئوخشاش ئەڭ ئېغىر كۈنلەردىمۇ خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرالىغان، ساختا شان - شۆھرەتلەرگە ئەسىر بولمىغان؛ باشقىلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتى بەدىلىگە ئارام، باشقىلارنىڭ ئامەتسىزلىكىدىن ئامەت، ئۆزگىلەرنىڭ كۆز يېشىدىن بەخت ئىزدىمەيدىغان، ھاياتىنىمۇ، تەقدىرىنىمۇ .خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە تەقدىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغان ئېسىل پەزىلەتلىرى بىلەن يازغۇچى دېگەن ئۇلۇغ نامغا مۇناسىپ ئىش قىلغان نامايەندىلىرىمىزنى كامالىي ئېھتىرامبىلەن ئەسلىمەسلىكىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئەلبەتتە.

مېنىڭ زۇنۇن قادىر بىلەن تونۇشقىنىمغا ئاز كەم يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. مەن شۇ جەرياندا زۇنۇن قادىر بىلەن بىللە بولدۇم، بىللە ئىشلىدىم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بارلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ھەقىقىي يازغۇچى، بولۇپمۇ دراماتۇرگ سەنئەتكە ۋە سەنئەتچىلەرگە ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. زۇنۇن قادىرنىڭ ھاياتى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

1944 - يىلى 8 - ئايدا ئىلى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارىمىقىدىكى سانائى نەفىسەنىڭ بىر گۇرۇپپا ئارتىسلىرى سۈيدۈڭ ناھىيىسىگە ئويۇن قويۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سانائى نەفىسەنىڭ بەدىئىي رەھبىرى زۇنۇن قادىرمۇ بار ئىدى. مەن ئۇچاغدا سۈيدۈڭ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيتتىم. بىز غۇلجىدىن كەلگەن بۇ ئارتىسلار بىلەن بىللە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، توغراسۇ، كۆكسالا، سايرام قاتارلىق يايلاقلاردا ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مەشھۇر ئوپېراسى - «غېرىب - سەنەم»نى ئوينىدۇق. ھېچقانداق دېكراتسىيە ئىشلەتمەي، تەبىئىي مەنزىرىدىن پايدىلىنىپ ئوينالغان بۇ ئوپېرا ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. بولۇپمۇ شاھى ئاببasنىڭ تاغقا شىكارغا چىقىشى، قاراقچىلارنىڭ غېرىبنى تاغ ئارىسىدا تۇتۇۋېلىپ چەمبەرچەس باغلاپ سوراققا تارتقانلىقى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەر گۈل - چېچەكلەر بىلەن قاپلانغان تاغ ئېتىكىدە ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارنى چىنلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈپ، ئاجايىپ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ ئويۇننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن مەمنۇن بولغان زۇنۇن قادىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن يايلاقتا ئېغناپ كەتكەنلىكى، گۈرۈپپىنىڭ كاتىپى مۇھەممەت باقى كامالنىڭ يانچۇقىدىكى بىر شىشە سوۋېت كانياكىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆزى بىر ئۇتلىغاندىن كېيىن ئارتىسلارنىڭ ھەممىسىگە بىر يۇتۇمدىن ئۇتلاتقانلىقى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممەيلەننىڭ غۇلجىنىڭ ئادىتى بويىچە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتكەنلىكىمۇ ھازىرقىدەك ئېسىمدە.

بىر ئۆمەكنىڭ بەدىئىي رەھبىرىنىڭ ئارتىسلار بىلەن بۇ قەدەر ئىجىل - ئىناقلىقى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەن زۇنۇن قادىرنىڭ ئىلىدا ۋە ئۈرۈمچىدە سەنئەتچىلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى، ئۆزئارا ھەمكارلاشقانلىقىنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم.

ھەممىگە ئايانكى، ئەدەبىياتتا ھەربىر يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدۇ. بۇ ئورۇن ھەممىدىن بۇرۇن شۇ يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مىراسىنىڭ سالمىقى، ئەدەبىيات خەزىنىسىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

زۇنۇن قادىر ئاز يازدى. لېكىن ساز يازدى. ئۇ يازغان ھەربىر ئەسەر خەلقىمىز ھەممە ۋاقىت سۆيۈپ ئوقۇيدىغان، ئەتىۋارلاپ كۆرىدىغان مەنىۋى بايلىققا ئايلاندى. ئۇ يازغان ئەسەرلەر ئۆلمىدى، بەلكى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ يازالمىغانلىقى، ئىجادكار ئۈچۈن ئەڭ قىممەت بولغان ۋاقىتنىڭ زايە بولۇپ كەتكەنلىكى ھەققىدە پات - پات ئەپسۇسلىنىپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. دەرۋەقە، زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيەت مىراسى سان جەھەتتىن ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇ خېلى ئۇزۇن مەزگىل سولچىللىقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ئىجاد قىلىش ئىمكانىيىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. بۇ مەزگىل ئاجايىپ تىل ئۇستىسى بولغان تالانتلىق يازغۇچىنىڭ تازا قىرانىغا يەتكەن ئالتۇن دەۋرلىرىگە توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇ ئازراق يازغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئازلىق ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ سالمىقىنى ئەسلا يەڭگىللىتەلمەيدۇ.

كەمتەرلىكى، ئاددىي - ساددىلىقى، خۇشچاقچاقلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، قانائەتچانلىقى، ھالاللىقى بىلەن جامائەتچىلىك ئارىسىدا يۈكسەك ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان زۇنۇن قادىر ھارامىلىق، ساختىلىق، مەككارلىق، ھاكاۋۇرلۇق، خۇشامەتچىلىك، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىقتا ئوخشاش يامان ئىللەتلەر بىلەن زادىلا چىقىشالمايتتى. قەلەم ئىگىلىرى ئىچىدە ئاشۇنداق ئىللەتلەرنىڭ بىرەرسىگە گىرىپتار بولغانلىرىنى كۆرسە، ئۇلارنى ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن ئايىماستىن قامچىلايتتى، تەنقىد قىلاتتى. ئۇنىڭدىكى بۇنداق ئېسىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئابرۇيىنى تېخىمۇ ئۆستۈرگەنىدى.

يازغۇچى — خەلقنىڭ ۋىجدانى. لېكىن ھەقىقىي يوسۇندا خەلقنىڭ ۋىجدانى بولۇش ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئىش. ئۆز قەلىمى بىلەن خەلقنىڭ ئوي - پىكرىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى، بەخت - سائادىتىنى، دەرد - ئەلەملىرىنى ھېچقانداق ساختا بوياقلارسىز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش، ھەر قانداق جىسمانىي ۋە روھىي بېسىملار ئالدىدا ھەقىقەتتىن ۋاز كەچمەسلىك پەقەت ھەقىقىي يازغۇچى دېگەن مۇقەددەس نامغا سازاۋەر بولغان، ھېچنېمىدىن قورق-

مايدىغان قەيسەر، جاسارەتلىك ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. زۇنۇن قادىر مانا شۇنداق ئادەم ئىدى.

دىلى بىلەن تىلى، يازغىنى بىلەن ئۆزى ئوخشاش بولۇش تېخىمۇ مۇشكۇل. يازغىنى باشقا، ئۆزى باشقا كىشىلەرنى ئاز ئۇچراتمىدۇققۇ؟! ئەدەبىياتنى ئابروي تىكلەشنىڭ ئىنتايىن ئەرزان قورالىغا ئايلاندۇرماقچى بولغان كىشىلەر ئارىمىزدا ئاز ئەمەسقۇ؟!

زۇنۇن قادىر بۇنداق قىلىقلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى ئىدى. ئۇ ۋىجدانى نېمىنى بۇيرۇسا شۇنى يازدى، بىرەرسىنىڭ ياخشى كۆرۈشى، بىرەرسىنىڭ مەيلى ئېتىبارىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ھېچقانداق ئەسەر يازمىغان زۇنۇن قادىر ھەقىقەتەن دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك كەتتى.

زۇنۇن قادىر ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ يول ئاچارى ۋە ئاساسچىسى بولدى. ئۇ تۇرمۇشقا باي، تىلغا ئۇستا، شەيئىلەرنى بايقاش تۇيغۇسى كۈچلۈك ۋە تالانتلىق يازغۇچى ئىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ئىجتىمائىي مەزمۇنى، ئىخچام شەكلى، چىرايلىق تىلى، زىچ قۇرۇلمىسى، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىق خەزىنىسىگە بىر ئۈلۈش مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە بولۇپ قوشۇلدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئەدەبىيات ـ تىياتىرچىلىق ۋە ئاخباراتچىلىقتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە مۇستەھكەم باغلانغان ئۈچ ساھەنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا يازغۇچى، دراماتۇرگ، بەدىئىي رەھبەر ۋە تەھرىر زۇنۇن قادىرنىڭ رولى ھەقىقەتەن خېلى چوڭ بولغانىدى. ئەينى زاماندا ئىلىدا نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق»، «كۈرەش» قاتارلىق ژۇرناللار ۋە گېزىتلەر ئۇنىڭ باش تەھرىرلىكى ۋە تەھرىرلىكى بىلەن چىقىرىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى مول تۆھپىلىرىنى ئەينى زاماندا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى يۇقىرى باھالىغانىدى. خەلق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى زۇنۇن قادىرنىڭ تالانتى بىلەن ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى بايقاپ ۋە ئۇنى ئادىل باھالاپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەنىدى. مۇنداق بىر ئىشنى نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرغىچە ئەسلەيدۇ: 1948 ـ يىلى ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجا شەھىرىدە بىر قىسىم ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئاشۇ سۆھبەتتە ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى ئۈچ ۋىلايەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا خېلى يۈكسىلىشنىڭ بولغانلىقىنى ۋە بۇ ساھەدە ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ، بەزى كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەرنىڭمۇ مەۋجۇدلىقىنى، بەزى شېئىرلاردىن يىغا پۇراپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋە زۇنۇن قادىردىن: «سىز بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىغان. زۇنۇن قادىر: «مېنىڭچە، بۇنىڭ ھەيران قالىدىغان يېرى يوق. چۈنكى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازاد بولغان بىلەن كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان يەتتە ۋىلايەت خەلقى تېخىچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىۋاتىدۇ، ئازاب چېكىۋاتىدۇ، ئېڭراۋاتىدۇ. شۇڭا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىن يىغا پۇراپ تۇرۇشى تۇرغان گەپ...» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ توغرا جاۋابى ئەخ-

ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى www.uyghurkitap.com

مەتجان قاسىمى باشلىق جىمى سۆھبەت ئەھلىنى قايىل قىلغاچقا، ئۇنىڭغا بولغان مېھرى-مۇھەببەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

يازغۇچى بولۇشنىڭ شەرەپلىكلىكى ھەم قىيىنلىقى شۇ يەردىكى، ئۇنىڭ ھەممە ئىش ـ ھەرىكىتى، گەپ ـ سۆزى، ھەتتا ئوي ـ پىكرىمۇ خەلق قەلبىدە دەرھال ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھېچنەرسىنى خەلقتىن يوشۇرمايدۇ ۋە يوشۇرالمايدۇ. ئۇ ھەممىشەم خەلقنىڭ باھا تارازىسىدا خەلقنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى مەركىزىدە ئۆز ۋىجدانى، ئۆز ئېتىقادىدىن تىنماي ھېساب بېرىپ تۇرىدىغان ئادەم، يازغۇچى خەلقتىن ئۆگىنىدۇ، خەلق يازغۇچىنى ئۆز ۋەكىلى دەپ قارايدۇ، خەلق يازغۇچىنىڭ ئەسىرىدىن ئۆزىنى كۆرەلىسە، ئۆز ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ ئىنكاسىنى ھېس قىلالىسا، ئۇنى بىزنىڭ يازغۇچىمىز، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنداق يازغۇچىلارنىڭ شان ـ شۆھرىتى چەكسىز يۇقىرى بولىدۇ. ئىنسانىيەت سەپىرىدىنىڭ مۇساپىسى ئۇزاق، مۇرەككەپ، جاپالىق بولغاچقا، يۇقىرىدىكى تەلەپكە باشتىن-ئاخىر ئىزچىل جاۋاب بېرەلەيدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئۇنچە كۆپ بولماسلىقى تەبىئىي، زۇنۇن قادىر بولسا بۇ تەلەپكە جاۋاب بېرەلىگەن يازغۇچى ئىدى. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، 40 يىلدىن بېرى بەزى يازغۇچىلار، بولۇپمۇ بەزى شائىرلار كۆپ يازدى. لېكىن بۇ ئەسەرلەرنىڭ تولىسى مەدھىيىۋازلىق، قۇرۇق شوئاردىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ئۇنچە ياقمىدى. زۇنۇن قادىردا مۇنداق مەدداھلارچە خۇشامەتچىلىك بىلەن ئېتىقادسىز شاللاقلىق يوق ئىدى. شۇڭلاشقا تارىخ ۋە خەلق ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى يورۇق، ئىجادىيەت ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزى يورۇق، ئىجادىيەت ئالدىدا يازغۇچىلىق ۋىجدانى پاك قالدى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ سۆيۈملۈك يازغۇچىمىزدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىمىز ۋە ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىمىز.

بىز ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى، خەلق يازغۇچىسىغا خاس ياخشى خىسلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى!

ئەلقەم ئەختەم

## سەۋر تاقەت يوق

ئۇزۇن يىللار ياتلار بىلەن بىز ئېلىشىپ ئۆتكەن،
ئەل بەختىنى دەپ، ئەل تەختىنى دەپ، چېلىشىپ ئۆتكەن.
داۋانلار ئېشىپ، ياردا يېتىپ، ئۇستۇنلۇك ئېلىپ،
ئاخىرقى نىشان، دەپ. قەسەمنى بىز قىلىشىپ ئۆتكەن.

لېكىن شۇ چاغ قۇرغان باغقا كەلگەندە خەۋەر
ئاھ ئۇردى ئەل، ئاقتى ياشلار، تەۋرەپ كەتتى يەر.
ھەربىر سورۇن، ھەر ئورۇندا ناله ۋە پەرياد،
قايغۇ - مۇڭغا پاتتى دىللار، تۈن ئۇندىن بەتتەر.

مەن يىغلايمەن ئاھلار ئۇرۇپ بۇ يەردە سەن يوق،
قارايمەن باغقا، قارايمەن تاغقا، ھېچيەردە سەن يوق.
بىللە يېزىشقان، بىللە تىزىشقان چاغلار يادىمدا،
مەن يىغلىدىم، مەن ئۆكسىدىم سەۋر تاقەت يوق.

رەخىم قاسىم

## ئەلۋىدا، ئۇستاز

يادەك قەددىم غەم تىغىغا بىسقلىق،
كىرپىكىمدە شەبنەمدەك ياش تىزدىقلىق.
ماتەم ئوتى ئۆرتەپ جىسمىم قىلدى كۆل،
دەردلىك تىغىدا يۈرەك - باغرىم تىلىخلىق.

ۋادەرىغا، سەنىڭ كەتتىڭ ئالەمدىن،
ئايرىلدى ئەل گۆھەردەك بىر ئادەمدىن.
ئاق باغلىدى ھازا ئېچىپ ۋەتىنىڭ،
پەرياد ئۇرۇپ بۇ مۇسىبەت - ئەلەمدىن.

ئېسىل تالانت ئىدىڭ زۇنۇن قادىرى،
ئىجاد بەيگە چەۋەندازى - ماھىرى،
جەڭگاھ ئارا غالىب سادىر پالۋاندەك،
ئۆزۈڭ ئىدىڭ ئەدىبلەرنىڭ سادىرى.

ئېسىمدە بار ئەجدادلارنىڭ تەلىمى،
ئېيتقانىدى ئۆتمۈشنىڭ بىر ئالىمى:

«ئەدىب بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس،
ئەدىب بولسۇن: ئادەملەرنىڭ ئادىمى!»

ئادىمىيلىك سەندە ئىدى مۇجەسسەم،
ھالال ياشاش — غايەڭ ئىدى مۇستەھكەم.
خالاس ئىدىڭ پەسكەشلىكتىن - ھارامدىن،
شۇڭا بولدۇڭ ئەلگە ئەزىز - مۇھتەرەم.

قاچقان كەبى قورقۇنچلۇق ۋابادىن،
قاچتىڭ يىراق مەشئۇم نەپسى بالادىن،
پاك ۋىجدانىنى جاندىن ئەلا بىلگەچكە،
بىزار ئىدىڭ خۇشامەتتىن — تەمەدىن.

سەن ئۆچ ئىدىڭ مەنسەپكە دۇم ياتقانغا،
ئەلنى ئاپەت چۆل - دەشتىگە ئاتقانغا،
ئۆزى ئۈچۈن ۋەيران قىلىپ ئۆزگىنى،
كۆيدۈرگىلىك — تۆھمەتتە جان باققانغا.

www.uyghurkitap.com

ئەيىبلەيتتىڭ ئىككى يۈزلۈك كازراپنى،
دەيتتىڭ: «بۇلار بىلمەيدۇ ئار - ئىنساپنى،
ئىنسان تۇگۇل ئىلاھىنمۇ ئالدايدۇ،
قىلىپ تۇرۇپ سەجدىگاھتا تاۋاپنى.»

غوجىسىنىڭ تاپىنىنى يالىغان،
نومۇس دېمەي بۇنى ماختاپ - داڭلىغان—
تەخسىكەشلەر نەزەرىڭدە ئىت ئىدى،
بىرتال سۆڭەك تاشلاپ بەرسە هاۋشىغان.

يىرگىنەتتىڭ لاپ ئۇرۇپ پو ئاتقاندىن،
ئىجاد قىلماي ۋالاقلاپ گەپ ساتقاندىن.
قورسىقىدا سۈنۇقى يوق ئىلىپنىڭ،
ئۇيالماستىن «ئەدىب» نامنى تاققاندىن.

لەنەتلەيتتىڭ پىتنە - پاسات تەرگەننى،
ئىناق ئەلنى پارچىلىغان — بۆلگەننى،
هەر يەردە ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتقان،
هەسەتخورلۇق دوزىقىدا كۆيگەننى.

سەن بىر ئەدىب ئىدىڭ — ماهىر نەهايەت،
سەن بىر ئادەم ئىدىڭ — تاپقان كامالەت،
شۇڭغۇپ تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ تەكتىگە،
ئاچقان ئىدىڭ تىلسىملارنى كارامەت.

بېسىپ ئۆتۈپ تالاي ئېغىر ئۆتكەلنى،
ئەجرىڭدىن خۇش قىلغان ئىدىڭ يۇرت-ئەلنى،
ئىجادىڭدىن، هاياتىڭدىن هەر دىلغا
كەتتىڭ مانا تىكلەپ هەيۋەت هەيكەلنى!

* *

يادەك قەددىم غەم تىغىغا بېسىقلىق،
كىرپىكىمدە شەبنەمدەك ياش تىزىقلىق،
ئەلۋىدا، ئەي ئۇستاز زۇنۇن قادىرى،
شانلىق تۇهپەڭ تارىخلارغا يېزىقلىق.

**هاجى ئەخمەت**

## مەرسىيە

ماتەمىڭگە كۆزلىرىم قان يىغلىدى،
كۆز ئەمەس، تەن مۈلكىدە جان يىغلىدى.

ئاھ ئۇرۇپ، يىرتىپ ياقا پەرزەنتلىرىڭ،
سۆيگۈسى پاك يارۇ جانان يىغلىدى.

زەخمى هىجرانىغا بېرەلمەستىن چىداش،
باغرى چاك- چاكدوست - قەدىردان يىغلىدى.

بەلگەئاق باغلاپ يەنە «غۇنچەم»«نۇرۇم»،
ئۇنسىلىپ«باقى»، «باھارخان ※» يىغلىدى.

بەيگىمىزدە يوق ئىجاد تۇلپارى دەپ،
بۇ قازاغا مەردۇ مەيدان يىغلىدى.

تەڭرى تاغ ئارتىپ بېشىغا ئاق لېچەك
غۇلجا، قەشقەر، ئېلچى، تۇرپان يىغلىدى.

يۈرىكىڭدە قالدى كۆپ ئارزۇ يەنە،
قانمىغاچ ۋەسلىگە ئارمان يىغلىدى.

جەننەتۇلمەۋادا .روھىڭنى كۆتۈپ،
ئىشقى ئاتەش هۆرۇ غىلمان يىغلىدى.

**ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر**

## سىزنى ئەسلەپ...

شۇم خەۋەردىن پارە بولدى بۇ يۈرەك،
چىدىماق بەك تەس ئىكەن ئاڭلاۋېرىپ.
پەخرىمىز، سىردىشىمىز زۇنۇن ئاكا،
داغدا قالدۇق مۇڭدىشالماي ئايرىلىپ.

※ زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار.

يازدىڭىز «غۇنچەم» نى بوران ئېلكىدە
ئېڭىرىغان نەمجان يۈرەككە جان بېرىپ.
«چېچەنقىش» تىن چىن تالانت بولغاچ ئايان
قانچە ئەختەملەر※ يېتىشتى ئىز بېسىپ.

ئاھ، مانا ئاق گۈل تاقاپ ماتەم تۇتۇپ
تۇرىمەن چوڭقۇر سۈكۈتتە قايغۇرۇپ.
باش ئېگىپ خانتەڭرى شۇدەم تۆكتى ياش،
كۆكسىدە ھەسرەت ئوتى يالقۇنلىنىپ.

كەلدى كۆز ئالدىمغا ساددا تۇرقىڭىز،
ئۆتتىڭىز ئەل غېمىغا غەمخان بولۇپ.
نامىڭىز ئۆچمەس ئەبەت، زۇنۇن ئاكا،
تۆھپىڭىز مىليون يۈرەكتە نۇرلۇنۇپ.

ماخمۇت مۇھەممەت

## مەن ئوقۇسام مەرسىيەڭنى...

نېمىشقا كۆڭلۈم مېنىڭ پاراكەندە،
نېمىشقا ئەگىيدۇ ياش كۆزلىرىمنى؟
ھىجراندا ئازابلىنىپ سوقىدۇ تېز،
مەن ئاستا تۇتۇپ باقسام يۈرىكىمنى.

تاق كېلىپ جۈپ قىلاتتى بەخت دېگەن،
جۈپ كېلىپ تاق قىلاركەن لېكىن ھەسرەت.
زۇنۇنكا ھىجرانىڭغا چىدىمىدىم،
سۆزۈمنى تەستىقلىشەر تۈمەن ھەمدەرت.

زۇنۇنكا، خوش دېمەيلا كېتىپ قاپسەن،
يا ۋاقتىڭ چىقمىدىمۇ خوشلاشقىلى؟
ئالدىراپ، ئۇشتۇمتۇتلا سەپەر قىپسەن،
تېيىپجان چىللىغانمۇ مۇڭداشقىلى؟

تۆكۈلدى كۆز يېشىمدەك بۇ مەرسىيەم،
ئوقسام ئاڭلارسەنمۇ ئاۋازىمنى؟
نېمانچە يىراق بېرىپ يېتىۋالدىڭ،
تېخىمۇ ئاشۇرۇپ دىل ئازابىمنى؟

ئابرالغا چىقىپ تۇرۇپ ھەر سەھەردە،
مەن ئوقاي مەرسىيەمنى بوزلىغانچە.
خەلقىڭ ھۆرمىتىنى سېزىپ ياتقىن،
زۇنۇنكا، يۈرىكىمنى تىڭشىغانچە.

سېتىنىسا لوقمان

## ئەلۋىدا

ۋادەرىخ! سۇندى بېغىمنىڭ بىر چىنارى، ئەلۋىدا،
يىقىلىپ چۈشتى ئېسىل ئىجاد مۇنارى، ئەلۋىدا،
كەتتى دىل بوستانىمنىڭ گۈل ـ ئىپتىخارى، ئەلۋىدا،
سەنئەت بېغىدا غۇنچىنىڭ غەمگۇزارى، ئەلۋىدا،
ئەجرىدىن ئەلگە ـ خەلققە گۈل تۇتارى، ئەلۋىدا.

يۇمدى كۆز ... دەپ ئاھ سېنى كەلگىنىدە شۇم خەۋەر،
ھەسرەتتا ... دىل ئۆرتىنىپ يۇتتۇق گويا ئوغا ـ زەھەر.

※ ئەختەملەر — ئەختەم ئۆمەرگە ئوخشاش ياش يازغۇچىلار.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاھ ... ئەجەل، ۋەھشىي ئىكەن، يوقكەن ئامالمۇ شۇ قەدەر،
ياش تۆكۈپ قالدۇق پىغاندا بارچىمىز شامۇ ـ سەھەر،
خۇش ئىپار چاچقان ئىجادىنىڭ ئۇز تۇمارى، ئەلۋىدا.

ئايرىلىش ھىجرانىدا باغۇ بوستان تۆكتى ياش،
قايغۇ ـ ھەسرەت ئىلكىدە تەگرىتاغمۇ ئەگدى باش،
تۇتتى ماتەم جور بولۇپ دىل مۇڭىغا دەريا يۇ تاش،
چۈنكى ئۇ بولغاچ ھامان يار ـ دوستقا ھەمراھ، چىن قاياش،
ئۆچمىگەي مەڭگۈ كۆڭۈلدىن ئىجاد خۇمارى، ئەلۋىدا.

ياشغاي مەڭگۈگە ئەۋلاد قەلبىدە جەۋلان قىلىپ،
ياد ئېتەر مىڭلاپ غەزەلخان نامىنى داستان يېزىپ،
شادلىنار روھى ئۇنىڭ كۆلگەندە ئەل دەرمان تېپىپ،
ئۇخلىماي ھەم بوپ ئامان گەر ياتسىمۇ بوستان تېپىپ،
خوش ئەزىز ئوغلۇم ساڭا! دەپ قالدى دىيارى ئەلۋىدا.

مۇھەممەت روزى

## شاد ئاۋازلار تىندى نېمىشقا

شاد ـ خۇرام ئاۋازلار تىندى نېمىشقا،
نېمىشقا كۆزۈمدىن دۇمىلايدۇ ياش.
بىلمىدىم سۆكۈنات ئىلكىدە قەلبىم
شاد ـ خورام كۆڭلۈمگە تەگكەنىمدۇ تاش؟

سورىدىم سارغىيىپ تۇرغان قىياقتىن،
ئۇ تۆكتى يېشىنى بەرمىدى جاۋاب.
سورىدىم شىلدىرلاپ تۇرغان بۇلاقتىن،
«ئاھ!» دېدى ئۇ ئاستا قويدى پىچىرلاپ.

پەلەككە باقتىم ـ دە، كۈتتۈم مەن جاۋاب
ئاي ئاستا مۆكۈندى بۇلۇت كەينىگە.
بىر ئاۋاز ئاڭلاندى زېمىندىن شۇ دەم
يۇلتۇزلار يېشىنى تۆكتى گۈررىدە.

دېدى يەر ئازابتا تولغىنىپ شۇ دەم
ئاھ نۇرلۇق يۇلتۇزلار مەڭگۈلۈك ئۆچتى.
ئاھ: ياق مەن ئاداشتىم، ئۆچمىدى ئۇلار
پەلەكنىڭ قەسرىدىن يۈرەككە كۆچتى.

زېمىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان دەمدە،
يۈرىكىم ئىزىددى، كۆزلىرىمدە شەبنەم.
باقسىمەن، سۆكۈتتە پەلەككە يەرگە،
بىر ئېغىر ئازابتا قىزىددى يەلكەم!

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەتنەمەن بارى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ھەۋزىخان خاراكتېرى — ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنىڭ مەھسۇلى

ھەۋزىخان — يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چېچىشى» ناملىق پوۋېستىدا تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان. مەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 8 - سانىغا بېسىلغان بۇ پوۋېستنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقىپ، يازغۇچىنىڭ خاراكتېر يارىتىش ماھارىتىگە، بولۇپمۇ ھەۋزىخان خاراكتېرىدىكى زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ ھالەتلەرنى روشەن يورۇتۇپ بېرىش جەھەتتە ئىپادىلىگەن رېئالىزملىق روھىغا ھەقىقەتەنمۇ قايىل بولدۇم.

يازغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ھەۋزىخان بىلەن ھەمراخان كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، بىر مولىنىڭ قولىدا ساۋاق ئالغان دوستلار ئىدى. بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلمايدىغان بۇ قىزلارغا ھاياتنىڭ شادلىقىمۇ، قايغۇسىمۇ ئورتاق ئىدى. ئۇنداق بولسا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا نېمىشقا زىددىيەت، سوغۇقچىلىق، بەختسىزلىك ئۇرۇقى چېچىلىپ قالدى؟ ئۆز ۋاقتىدا ھەۋزىخاننىڭ ئوتىدا شۇنچىۋالا كۆيگەن ئابدۇللا نېمىشقا بىردىنلا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟ ئۇنىڭ ھەمراخاننى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى چىنلىقتا ئۇيغۇن كېلەمدۇ - يوق؟ رەھىمسىز تەقدىر بەختسىز ھەۋزىخاننى نېمىشقا ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلىۋېتىدۇ؟ تۇرمۇشنىڭ دەردىنى تويغىچە تارتقان، ۋاپادارلىقنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بىچارە ھەۋزىخان نېمىشقا ئۆز دوستىنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ كىتابخانلار نېمىشقا ھەمراخاننىڭ جېنىغا زامىن بولغان ھەۋزىخانغا غەزەپلەنمەي، بەلكى ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان نېمە ئۈچۈن بەزىدە كىتابخانلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىسا، بەزىدە ئۇلارنى نەپرەتلەندۈرىدۇ؟ پېرسوناژلارنى، جۈملىدىن ئەسەر قەھرىمانلىرىنى مۇشۇنداق تەسۋىرلەش، يەنى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېلىشىش جەريانىنى، زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ ھالىتىنى چىنلىق بىلەن يورۇتۇپ بېرىش رېئالىزملىق ئىجادىيەت مېتودىدىن ۋاز كەچكەنلىكنىڭ ئالامىتىمۇ ياكى ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسىمۇ؟ مېنىڭچە بۇ سوئاللارغا توغرا جاۋاب تېپىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى رېئاللىقتا، قايناق تۇرمۇشتا، جانلىق ئادەملەرگە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.

بەدىئىي چىنلىق رېئاللىقنىڭ بۇرمىلانمىشى ياكى رەڭۋازلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بەدىئىي چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، تۇرمۇش چىنلىقىنى چىقىش نۇقتا ھەم مەنبەئە قىلىدۇ. ئەمەلىيەت قايناق تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا يارىتىلغان پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ھاياتى كۈچكە، قويۇق چىنلىق پۇرىقىغا، يۇقىرى ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنداق بولسا، تۇرمۇشتىكى ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى زادى قانداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە؟

تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان قارىمۇ -

قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى ھەم تىنىمسىز ئېلىشىش جەريانى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ خاراكتېرى قوش ئېھتىماللىقتىن، تاسادىپىيلىقتىن، مۇرەككەپلىكتىن، خاسلىقتىن، زىددىيەت ھەم توقۇنۇشتىن خالى بولالمايدۇ. ئىنسان خاراكتېرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغان يازغۇچىلار ئۆزلىرى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىكنىڭ، باتۇرلۇق بىلەن چۈشكۈنلۈكنىڭ، كۈچ - قۇدرەت بىلەن ئاجىزلىقنىڭ، ئۇلۇغۋارلىق بىلەن خۇنۈكلۈكنىڭ كەسكىن ئېلىشىشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەقىقىي رېئالىزملىق روھنى نامايان قىلالايدۇ. يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى» ناملىق پوۋېستى ئاشۇنداق روھنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ روھ پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ھەۋزىخان خاراكتېرىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. يازغۇچى ئىنسان خاراكتېرىنىڭ مۇرەككەپ، چېگىش، زىددىيەتلىك ھالىتىنى ئۆزى سۈرەتلەۋاتقان ھەۋزىخان خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرۈش، جۈملىدىن بۇ پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق، تۇراقسىزلىق ۋە مۇرەككەپلىكنى چوڭقۇر ئىپادىلەش ئارقىلىق كىتابخانلارغا گۈزەللىك ئاستىدىكى خۇنۈكلۈكنى، چىچەنلىكنىڭ كەينىدىكى بىخۇتلۇقنى، قەبىھلىكنىڭ تېگىدىكى مېھىر - شەپقەتنى، قاتىللىق ئارقىسىدىكى ۋاپادارلىقنى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى يورۇقلۇقنى، نەپرەت قوينىدىكى مۇھەببەتنى كۆرسىتىپ بېرىپ، پوۋېستنى يۇقىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلغان.

كىشىلىك تۇرمۇش تاسادىپىي ۋەقەلەر بىلەن تولۇپ تاشقان. قاتتىق خورلانغان ھەۋزىخاننىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇيۇقسىز باش كۆتۈرگەن ۋەيران قىلىش كۈچى ئۇنىڭ ئەقىل كۈچىنى دەرھال بېسىپ چۈشكەنلىكىمۇ بىر خىل تاسادىپىيلىق. يازغۇچى تەرىپىدىن مۇقەررەرلىك ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەنگەن بۇ خىل تاسادىپىيلىق ھەۋزىخاننى جانلىق، كونكرېت ئىنسان تەبىئىتى، مۇرەككەپ روھىي دۇنياغا، چىن ھېسسىياتقا ئىگە پېرسوناژغا ئايلاندۇرۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. يازغۇچى ھاسىل قىلغان بۇ بەدىئىي ئۈنۈم بىزگە تاسادىپىيلىقنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ھاياتنىڭ ھەم ئىنسان تەبىئىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن تۇراقسىزلىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەتراپلىق، تېخىمۇ جانلىق ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بەدىئىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي پائالىيىتى ئاساسەن ھېسسىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان بەدىئىي ئەسەرلەرگە ھېسسىيات ئامىلى باشتىن - ئاخىر سىڭگەن بولىدۇ. ئىنسان ھېسسىياتى ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، قېلىپسىز، تىنىچسىز ھەم زىددىيەتلىك ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىجادىيەت جەريانىدا تاسادىپىيلىقنى تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمىگەندە، ئىنسان ھېسسىياتىدىكى تۇراقسىزلىقنى، ئۆزگىرىشچانلىقنى ۋە زىددىيەتلىك جەريانىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ - دە، پېرسوناژ خاراكتېرى چىنلىق پۇرىقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يازغۇچى خالىدە ئىسرائىل ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ھايات سەپىرىدە، روھىي دۇنياسىدا يۈز بەرگەن تاسادىپىيلىقلارنى ئىنچىكە، جانلىق تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىدىكى

زىددىيەتلىك، مۇرەككەپ ھالەتنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىپ، پوۋېستنى قويۇق چىنلىق پۇرىقىغا ئىگە قىلغان.

ئابدۇللانىڭ روھىي دۇنياسىدا قۇتراشقا باشلىغان ۋاپاسىزلىق، رەھىمسىزلىك، ئاسىيلىق بورىنى ھېسسىياتچان كىتابخانلارنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىسا، ھەۋزىخاننىڭ يۈرىكىنى قان - زەرداپقا تولدۇرغان خورلۇق بۇ بىگۇناھ ئايالغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىمىزنى قوزغايدۇ. غەيۋەتخور، چېقىمچى ئاياللارنىڭ ئالدىدا دوستى ھەمراخاننى مەردانىلىق بىلەن ئاقلىغان ھەۋزىخان بىردىنلا ئۇنىڭ قاتىلىغا ئايلىنىپ قالغاندا، يۈرىكىمىزنى يىلان چېقىۋالغاندەك تولغىنىپ كېتىمىز. قاراڭغۇ تۈرمىدە رەھىمەتلىك دوستىنى ياد ئېتىپ ئولتۇرغان بىچارە ھەۋزىخان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلتۈرىدۇ. مۇھەببەت يولىدا، ھەۋزىخاننىڭ كۆيۈك ئوتىدا تالاي ئازابلارنى چەككەن ئابدۇللانى ئىختىيارسىز ياخشى كۆرۈپ قالغان كىتابخان كېيىنكى چاغلاردا ساپدىل، سەمىمىي ئايالنى رەھىمسىزلىك بىلەن خورلىغان بۇ شەپقەتسىز ئادەمگە بىردىنلا ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. دەرد - ئەلەم دەستىدىن خۇدىنى يوقاتقان ھەۋزىخاننىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋالماي، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ھەمراخاننى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ئابدۇللاغا نىسبەتەن قوزغالغان كۈچلۈك غەزەپ - نەپرىتىمىز ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاستا - ئاستا تارقاپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئورنىنى ئابدۇللاغا نىسبەتەن بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش ھېسسىياتى ئىگىلەشكە باشلايدۇ. گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ بىرىكمىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بۇ پېرسوناژ ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق كىتابخانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. قىسقىسى، چېچەكلەردىكىدەك گۈزەل باغ ئىچىدە يات ئەر كىشى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان ھەۋزىخان مۇستەبىت كۈچلەر تەرىپىدىن پاجىئەلىك تۈردە قەتلى قىلىنغىچە بولغان پۈتكۈل جەريانغا يازغۇچىنىڭ چىن ھەم قايناق ھېسسىياتى، چوڭقۇر مەنىلىك، كۆپ قاتلاملىق پەلسەپىۋى پىكىرلىرى سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا بۇ ئەسەر كىتابخانلارنى ئىنسانلار، بولۇپمۇ ئاياللار تەقدىرى توغرىسىدا ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، كىتابخانلار ھېسسىياتىدا كۈچلۈك داۋالغۇش پەيدا قىلىدىغان بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە بولغان.

مېنىڭچە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ، ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ، ئىنسان روھىي دۇنياسىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان سىرلىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەندىلا، رېئالىزملىق روھنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ھەقىقىي رېئالىزملىق روھقا ئىگە يازغۇچى ئىجادىيەت جەريانىدا ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتچان، جانلىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئادەمنى قورال، ۋاستە، مەبۇت ياكى قورچاق ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويۇش، ئىنساننىڭ تەقدىرى، كەلگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرماسلىق؛ ئىجادىي تەپەككۇرنى ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشنىڭ كونا ھەم قاتمال رامكىلىرى بىلەن داۋاملىق بوغۇش، كونكرېت، جانلىق، مۇرەككەپ ئىنسان تەبىئىتىنى سۈرەتلەشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش؛ ئىنسان ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن مۇقىمسىزلىقنى قەستەن يوشۇرۇش؛ ئىنسان خاراكتېرىدىكى قوش ئېھتىماللىقنى، تاسادىپىيلىقنى، خاسلىقنى، زىددىيەتلىك ھالەتنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق خاتا ھەم زىيانلىق خاھىشلار رېئالىزمغا مەنسۇپ ئەمەس. پېرسوناژلارنى ئىلاھقا ياكى ئەرۋاھقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك

ئاجىزلىقىنى قانداقتۇر «بەدىئىي چىنلىق ياراتقانلىق»، «بەدىئىي تىپ ياراتقانلىق»، «تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەنلىك» دەپ كۆككە كۆتۈرۈش ئەمەلىيەتتە، رېئالىزملىق ئەدەبىياتنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئەدەبىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاش رولىنى ئوينايدۇ، خالاس.

مېنىڭچە، «قوملۇقنىڭ چېشى» ناملىق پوۋېست — ئىسمى جىسمىغا لايىق رېئالىستىك ئەسەر. چۈنكى ئۇنىڭدا تۇرمۇش پۇرىقى، ھېسسىيات چىنلىقى ئىنتايىن قويۇق. ئادەملەرمۇ، مۇھەببەتمۇ ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىلمىگەن، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلمىگەن. ئەگەر يازغۇچى ئۆز پېرسوناژلىرىغا «بۇزۇق»، «تۈزۈك» دېگەندەك قالپاقلارنى ئالدىنئالا كىيگۈزۈپ قويغان بولسا ياكى ئۇلارنى ئىجابىي، سەلبىي پېرسوناژلارنى يارىتىشنىڭ قاتمال قېلىپىغا مەجبۇرىي ئەتتەرگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئابدۇللانى ئەسەرنىڭ بېشىدا ئۇنچىۋالا ئىشق-زوقى بىلەن تەسۋىرلىمىگەن، ھەۋزىخانىنىمۇ ئاخىرىدا ئۆز دوستىنىڭ قاتىلىغا ئېلىلاندۇرۇپ قويمىغان بولاتتى. ئۇ چاغدا پوۋېستنىڭ ئېستېتىك قىممىتى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن بولاتتى.

ھەقىقىي رېئالىستىك ئەدەبىيات ئۆزىگە مول ئىندىۋىدۇئاللىقنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى كىشىلەر خاراكتېرىنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىغا، ئادەمنىڭ ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە، ئادەمنىڭ قىممىتىنى، خاسلىقىنى، ئىنسان تەبىئىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان فېئوداللىق ئەقىدىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل يىمىرىپ تاشلاشقا موھتاج. شۇڭا ئىندىۋىدۇئاللىقتىن ئايرىلغان پېرسوناژلارنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئۆزىگە خاس بىر مۇرەككەپ دۇنيا. بۇ ھال ئىنسان خاراكتېرىنى بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، تەكرارلانمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان.

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۈستىدە ئۇزۇن يىل ئىزدەندى. دەسلەپكى مەزگىللەردە مەيدانغا كەلگەن پېرسوناژلىرىمىز ئۇقۇملاشتۇرۇشتىن، قېلىپبازلىقتىن، تەقلىدچىلىكتىن، ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشتىن خالىي بولالمىدى. ياخشىلىقنىڭ ياكى يامانلىقنىڭ ئۆرنىكى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىدىغان بۇنداق پېرسوناژلارنىڭ ئورنىنى خاراكتېرى بىر-بىرسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئوبرازلار پەيدىنپەي ئىگىلىدى. بۇ ھال يازغۇچىلىرىمىزنىڭ كونكرېت، جانلىق، مۇرەككەپ ئىنسان تەبىئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە كىرىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى، لېكىن يازغۇچىلىرىمىز پېرسوناژلار خاراكتېرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ خىل ئىزدىنىشنىڭ تېخى يېتەرسىزلىكىنى روشەن ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاساسىي زېھنىنى پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىرلارنى ئېچىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىردى. پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كەسكىن توقۇنۇشىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن يازغۇچىلار ئېرىشكەن بەدىئىي ئۇتۇم رېئالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى نامايان قىلدى. خالىدە ئىسرائىلنىڭ قويۇق رېئالىستىك روھ سىڭدۈرۈلگەن «قوملۇقنىڭ چېشى» ناملىق پوۋېستى ئارقىلىق ئاشۇنداق بەدىئىي ئۇتۇم ھاسىل قىلغان ئىقتىدارلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

نەبىجان ماخمۇت

# روھىي دۇنياغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاشلانغان قەدەم

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەرنىڭ روھى دۇنياسى ئۈزلۈكسىز مۇرەككەپلەشتى، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك تەلىپىمۇ بىر خىللىقتىن كۆپ قاتلاملىققا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار يازغۇچىلاردىن ئادەملەرنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى ئۆزلىرىدىنمۇ چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. يازغۇچىلىرىمىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. بۇ ھال يازغۇچىلارغا زامانىۋى ئالىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئىپادىلىش ئۇسۇللىرىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆز ئەدەبىياتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلىرىمىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزغا، جۈملىدىن پروزىچىلىقىمىزغا بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى تەرەققىيات ئېلىپ كەلدى. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا كىرىشكەنلىكى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. بۇ خىلدىكى ئەسەرلەردە، مەزمۇن جەھەتتە سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. قۇرۇلما جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ۋەقەلىرى بىر-بىرىگە باغلىنىپ، ئەسەر كۆپ قاتلاملىققا، كۆپ يىپ ئۇچىغا، كۆپ يۆنىلىشكە ۋە كۆپ نۇقتىغا ئىگە قىلىندى. پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، باش قەھرىمانىنىڭ قەلبىدىن ئىبارەت مىكرو دۇنيا ئارقىلىق رېئال ماكرو دۇنيا ئېچىپ بېرىلدى.

ئۆزىنىڭ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە ھېكايىلىرى بىلەن پروزىچىلىقىمىزغا مۇناسىپ تۆھپە قوشۇۋاتقان يازغۇچى قاھار جېلىلنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالامدۇ»ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشىنىڭ بىر قەدەر ياخشى مەھسۇلى.

بىزگە مەلۇمكى، ئەدەبىياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بولغان ئادەم فىزىئو-

لوگىيىلىك ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت ماددىي دۇنيانى ئۆزىنىڭ ياشاش ماكانى ۋە زامانى قىلغان پسىخوگىيىلىك ئادەم بولۇپ، بۇ ئادەم مىنۇت ئىچىدە، نەچچە مىڭ قېتىم ئۆلۈپ، نەچچە مىڭ قېتىم تىرىلىش جەريانىدا ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. يازغۇچى قاھار جېلىل بۇ ھېكايىسىدا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا دادىللىق بىلەن بۆسۈپ كىرىپ، يوشۇرۇن ئاڭغا مەنسۇپ بولغان پسىخىك ھادىسە — مۇھەببەتنى ئاساسىي تېما قىلغان، لېكىن بۇ ئېپتىدائىي ھەم مەڭگۈلۈك تېمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئەنئەنىۋى مۇھەببەت ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ، قىزىقارلىق بولۇشىنى قوغلاشمىدىغان، قىز-يىگىت پېرسوناژلارنى ۋە ئۇلارنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي مۇھىتنى كەمكۈتىسىز گۈزەل قىلىپ تەسۋىرلەيدىغان، بىلىم سەۋىيىسى تۆۋەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىمۇ گويا پەيلاسوپ، شائىرلاردەك سۆزلىتىدىغان، قىسقىسى، تەبىئىيلىككە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان قېلىپبازلىق خاراكتېرىدىكى كونا ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان، ھېكايە ۋەقەلىكىنى فىزىئولوگىيىلىك «مەن»نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان پسىخولوگىيىلىك «مەن»نىڭ بىر قاتار پائالىيەتلىرى، ئارقىلىق بايان قىلغان. «مەن»، قەمەر، قەمەرنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە «مەن»نىڭ ئايالىدىن ئىبارەت بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان پېرسوناژلارنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە مەسىلىسىگە تۇتقان تۈپ پرىنسىپىنى ئۆتكۈر زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى ياراتقان.

ھېكايىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ — «مەن» ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان، فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن ۋە ۋاپادار، كۆيۈمچان ئايالى، بالىلىرى، نەۋرىلىرى، بەختىيار ئائىلىسى بار ئادەم. بىر كۈنى ئۇ ياش قەلبىدە تۇنجى مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان قىز — قەمەرنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ. شۇئان ئۇنىڭ قەلبىگە يوشۇرۇنغان، تېخىچە تولۇق ئۆچمىگەن مۇھەببەت ئوتلىرى قايتىدىن يېلىنجاپ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. كۆز ئالدىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ خىلۋەت كوچىلىرى، گۈزەل قىز قەمەر ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان بەختىيار چاغلار نامايان بولىدۇ. ئۇ ئەمدى ياشلىقتىكى رومانتىك ھەۋەسلەرگە بېرىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتقان مۇھەببەت ئوتلىرىنى ئەقىل ۋە ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. لېكىن ئۇنداق قىلالماي، ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىنى ئەسلەپ، شېرىن ھەم ئازابلىق خىيالغا چۆكىدۇ. بىردىنلا ئۇنىڭدا قەمەر بىلەن كۆرۈشۈش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، بىراق قەمەردىن مۇھەببەت تەلەپ قىلىشنىڭ ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز ھېسسىياتىنى دەپ قەمەرنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بىر ئوبدان ئائىلىسىنى ۋەيران قىلماسلىق، ئايالىنى بىھۇدە ئازابلىماسلىق، بالىلىرىنى، ئۇلارنىڭ بەختىنى نابۇت قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىستەكتىن ۋاز كېچىدۇ. دېمەك، شېكسپىرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا «نىكاھلىق بولغان كىشى ‹مەن› چىن مۇھەببەتنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ.» لېكىن ئۇنىڭ ئايالى ئېرىدىن گۇمانلىنىپ، قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

ھېكايىدىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ قەمەر بولۇپ، ئۇ ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق يىگىت — «مەن»نى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ «مەن» بىلەن توي قىلىشىغا

قوشۇلمىغاندا، قاتتىق ئازابلىنىدۇ، لېكىن ئاتا ئانىسىغا تارتىشىپ، «مەن» بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە قېچىپ كېتىشكە ئۇنىمايدۇ ۋە ئاخىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زورلىشى ئاستىدا هازىرقى يولدىشى بىلەن توي قىلىدۇ. دېمەك، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئۆزى ئۈچۈن پەرمان دەپ بىلىدىغان ئىتائەتمەن قىزلارنىڭ تىپىك ئوبرازى.

قەمەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى هېكايىدا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇهەببەت ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان، قىزىنى ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشنىڭ ۋاسىتىسى قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ، يۇرتۋاز، شەخسىيەتچى كىشىلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار قەمەرنىڭ هېچنېمىسى يوق، «ياقا يۇرتلۇق يېتىمەك» دەپ قارالغان «مەن» بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇلمايدۇ ۋە ئۇنى هېلىقى باي، يەرلىك يىگىت بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. نەتىجىدە «مەن» بىلەن قەمەرنىڭ روهىنى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، سۇبيېكتىپ دۇنيا ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۇيۇقىدىن هالقىپ تۇرىدۇ، ئادەمدىكى ئەڭ مۇهىم ئامىلنىڭ بىرى بولغان هېسسىياتمۇ ئەركىن، تەرتىپسىز، فورمال لوگىكىغا ئۇيغۇن بولماسلىقتەك ئالاهىدىلىككە ئىگە. يازغۇچى بۇ هېكايىسىدە پېرسوناژلارنىڭ قەلب ئاسمىنىدا قىسقا مۇددەت ئىچىدە چاقنىغان ئاشۇنداق يارقىن هېسسىيات نۇرلىرىنى ماهىرلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىنى سىڭدۈرگەن. شۇ ئارقىلىق پەيدا بولغاندا يوشۇرغىلى، يوقالغاندا بار قىلىپ كۆرسەتكىلى بولماسلىقتەك تۈپ ئالاهىدىلىككە ئىگە بولغان سۆيگۈ ـ مۇهەببەتنىڭ خۇددى قۇياشقا، كەچكى شەپەققە، يۇلتۇزلارغا ئوخشاش هاياتنىڭ هەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنتىغا مەڭگۈ هەمراه بولىدىغانلىقى، ئۇنى ۋاقىتنىڭ ئۇنتۇلدۇرالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇهەببەتنىڭ ئۇلۇغ كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە مىللىتىمىزدە تا هازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇهەببەت ئەركىنلىكىنى بوغۇش، يۇرتۋازلىق، هەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى دادىل ئاشكارىلىغان، مۇهەببەتنى دەپسەندە قىلىشنىڭ ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، كىشىلەرنى ۋاپادار بولۇشقا، پاك مۇهەببەتنى مەڭگۈ قەدىرلەشكە چاقىرغان، بەدىئىي جەهەتتىن قۇرۇلمىنىڭ كۆپ قاتلاملىشىشى، ۋەقەلىكنىڭ قەلبكە مايىللىشىشى، تىلنىڭ مۇزىكىلىشىشى، تەسۋىرلەشنىڭ كونكرېتلىشىشىنى ھەقىقىي تۈردە ئىشقا ئاشۇرغان. مۇشۇ جەهەتتىن ئالغاندا، بۇ هېكايىنى پروزىچىلىقىمىزدىكى، شۇنداقلا يازغۇچى قاهار جېلىل ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بۆسۈش دېيىشكە بولىدۇ.

مەسئۇل مۇهەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېهىم

www.uyghurkitap.com

## سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن

ئەخمەتجان ھاشىروۋ

# ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن...

ئەخمەتجان ھاشىروۋ 1938 - يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى چېلەك رايونىنىڭ ھالۋاي يېزىسىدا تۇغۇلغان. قازاقىستان دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ۋە ئالمۇتا رادىئو كومىتېتىدا خىزمەت قىلغان. 1971 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىدە ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. ئۇ «كەچمەس كۆڭلۈم»، «سولماس گۈل»، «ياشىغىنىم ياشىغان»، «نۇر ئانا»، «يالغۇز يالپۇز» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئاپتورى. ئۇنىڭ خېلى جىق ئەسەرلىرى قازاق، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئەخمەتجان ھاشىروۋ ھازىر قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارى.

مۇرادىل كۈمۈش ساقاللىق بوۋىسىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە قىزىقاتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. مانا، ئۇ بۈگۈنمۇ بوۋىسى بىلەن خاماندا بىللە بولدى. ئۇ دۆۋىلەكلىك بۇغداينىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى - دە، كونىراپ كەتكەن خالتىسىدىن بىر ۋاراق قەغەز بىلەن بارماقتەك قېرىندىشىنى ئالدى. خالتىنى تىزىغا قويۇپ، بوۋىسىنىڭ رەسىمىنى سىزىشقا باشلىدى.

— بوۋا، بوۋا! — دەپ بىرئازدىن كېيىن ئۇ تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ بۇغداي چەشلەۋاتقان بوۋىسىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، - مەن سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى سىزدىم. مانا كۆرۈپ باقىنا!

بوۋاي ئۈچۈن بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقە ئىدى.

رەسىم سىزدىم دەمسەن، ئوغلۇم؟ — ئاتا مۇرادىلغا تىكىلىپ قاردى ۋە ئۇرۇشقا كەتكەن رەسسام ئوغلى غوپۇرجاننى ئەسلىدى، — ياخشى قىپسەن ئوغلۇم، قېنى، كۆرەيچۇ.

رەسىمدە زۇمرەتتەك ئوچۇق ئاسمان، يىراقتا ئاشلىق ئورۇۋاتقان كومبايىنلار، ئاق كۆڭلەكلىك، بېشىغا كونا مالىخاي كىيگەن، غەمكىن ھالدا دان چەشلەۋاتقان بوۋاي تەسۋىرلەنگەنىدى.

— مۇنۇ يېزىپ قويغىنىڭ نېمە؟

— «بوۋام ۋە خامان» دەپ يېزىپ قويدۇم.

— بوۋام ۋە خامان، — دەپ تەكرارلىدى ئاتا، — قارا سېنى، ئەقلىڭ بار ئىكەن، توغرا، سىزغىنىڭ، بۇ ياخشىلىق، بىلەمسەن، ياخشىلىق دېگەن نېمە؟ ھەر كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس بۇ.

بوۋاي مۇرادىلنىڭ قېرىنداش تۇتقان ئىنچىكە بارماقلىرىنى سۆيۈپ قويدى.

ئاق چاچ بوۋاي ئىچىدە نەۋرىسى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. مۇرادىلنىڭ خاماندا تۇغۇلغان ئەسىرى خۇددى خاماندەك بەرىكەتلىك

بولۇپ ئەنە شۇنداق باشلانغانىدى...

كېيىنكى ۋاقىتلاردا رەسسام مۇرادىل-نىڭ خالتىسى مومىسىنىڭ سەۋزە، پىياز، ئاش كۆكى ئوتاۋاتقان رەسىملىرى ھەم ئۇرۇشقا كەتكەن بىر مەھەللىلىك ئاكىلىرى-نىڭ رەسىملىرى بىلەن توشۇۋەردى. لېكىن ئۇ بۇ رەسىملەرنى تېخى ھېچكىمگە كۆر-سەتمىگەنىدى.

بىر كۈنى بوۋىسى خاماندىلا ئاغرىپ قالدى. ئۇ شۇ ياتقانچە تۇزۇلۇپ كېتەلمە-دى ...

ئۇ ئەمدى خەت توشۇغۇچى مومىسى بىلەن قالدى.

— مىرما، خەتنى مەن توشۇي، سەن قېرىغىنىڭدا قىينىلىپ قالدىكەنسەن، — دېدى مۇرادىل.

شۇنداق قىلىپ، مۇرادىل يۇرت ئادەم-لىرىنىڭ قايغۇسى بىلەن شادلىقىنى تەڭ بۆلۈشۈپ، مۇرەككەپ ھايات قوينىغا كىرىپ كەتتى...

بۇ يىلقى باھار بالدۇر كەلگەنىدى. ئاياللار ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئالدىقاچان چىقىپ كەتكەن. مۇرادىل ئۇلار بىلەن ھەركۈ-نى كۆرۈشەتتى. ئۇ ئاق چېچەكلەرگە ھەۋەس بىلەن قارايتتى. باھار گۈللىرىنى تاللاپ تېرىيتتى. «سېنىڭ ھاياتىڭ قىسقا، لېكىن قانچە - قانچە ئادەملەرنىڭ قايغۇسىنى يوق-تىسەن، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا گۈل. لېكىن مەن بولسام مۇشۇ باھاردا ئاكىلىرىم، ھەدى-لىرىمگە قايغۇ - ھەسرەتنى ئەكېتىپ بارى-مەن...» ئۇ بىر قۇچاق گۈل تەردى - دە، يەر ھەيدەۋاتقان ئاياللارنىڭ قېشىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ يەرنىڭ ئارىلىقى خېلى بار. مۇرا-دىل ئەتراپىغا قارىدى. «ئەنگەن» بېغىدىن بىر كالا ھارۋىسى كېلىۋاتاتتى. بالا ئۇنى

كۈتتى. كونا ھارۋىنىڭ غىچىرلىغان ئۈنى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىرسىن تۇڭلىرىنىڭ تاراق - تۇ-رۇق قىلغان ئاۋازى يىراقتىنلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى... مانا، ھارۋىمۇ يېتىپ كەلدى. ھارۋىكەش ھاشىر بوۋاي ئىكەن. مۇرادىل ئۇ بوۋاينىڭ بەش بالىسىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئاڭلىغان.

— يەنە ماڭدىڭمۇ. ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي يەرگە چۈشۈۋېتىپ، — سېنىڭدىن ھېچ-قايسىمىز رەنجىمەيمىز. سەن پېشانىگە يېزىل-غان خەتنى ئەكېتىۋاتىسەن، موماڭمۇ خەت توشۇشنىڭ ھەسرىتىدىن قېرىپ ئاغرىقچان بولدى...

بالا ئۈنچىقمىدى.

— خالتاڭدا نېمە بار؟ — دەپ ئاۋازى تىترىگەن ھالدا سورىدى بوۋاي.

مۇرادىل خالتا ئىچىدىكى سىرنى يو-شۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى:

— گۈل. ئاق چېچەك بار. چىرايلىق ئېچىلىپ كېتىپتىكەن.

— گۈل دەمسىنا؟

— گۈل، بوۋا، گۈل!

ئۇ چىمەنخان، تىللاخان، خاتەم ھەدە قاتارلىق ئانىلىرىغا قايغۇ - ئەلەم، مەڭگۈلۈك مۇسىبەت دەھشىتى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېچىپ ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

ھاشىر بوۋاي بالىنىڭ ئىنسانىي خىس-لەتكە باي قەلبىنى بىردىن چۈشەندى.

ئىككىيلەن ھارۋىغا ئولتۇردى ۋە ئاياللار ئىشلەۋاتقان ياققا قاراپ يول ئالدى.

مانا، يەر ھەيدەۋاتقان ئانىلار كۆرۈن-دى. يەر خېلى ھەيدىلىپتۇ، ئىككى تراك-تور نېمىشقىدۇ توختاپ قاپتۇ. ئاياللار دۆگ-باغدىكى تراكتورنىڭ ئەتراپىغا چۆمۈل-دەك يىغىلىۋاپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— كۆردۈڭمۇ؟ بىر بالا بوپتۇ، يار -
دەم قىلىش كېرەك! ئۇلارنىڭ كۈچى
يېتەرمۇ؟

بوۋاي بىلەن بالا ئالدىرىدى. ئۇلار قىيسىيىپ قالغان تراكتورنى يۆلەۋاتقان ئانىلارنىڭ قېشىغا يېتىپ كېلە - كەلمەستىن:

— يوقىلىش...يېقىن كەلمەڭلەر، — دەپ چوقىرىشىپ كەتتى ئانىلار.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيدۇ، ھە؟

بوۋاي جاۋاب بەرمىدى.

— قىزلىرىم، قېرىنداشلىرىم، — دەپ ئۆتۈنۈپ يېقىن كېلىۋەردى بوۋاي.

— يېقىن كەلمە!

— خۇدا مېنى كەچۈرسۇن. كۆزۈم كور...مېنىڭدىن ئۇيالماڭلار....سىلەرگە قارد - ماي....تراكتور بېسىۋالمىسۇن!

قەددى پۈكلەنگىنى بىلەن، بىلىكىدە خېلى كۈچى بار ھاشىر بوۋاي باشقا ئايال - لار بىلەن بىللە تراكتورنى مۈرىدەپ ئىت - تىرىپ تۇردى.

— قويۇۋەتمەڭلار! كۈچنى تەكپۇك ساقلاڭلار، مۇرادىل، سەنمۇ كەل! قېنى قىزلىرىم، غەيرەت قىلىڭلار، ئەجدادلىرىمىز، يىگىتلىرىمىزنىڭ كۈچى يار بولسۇن! ھە، قېنى...

ئاياللار بوشاشماي قاتتىق تۇرۇپ، تراكتورنى زورغا تىكلىدى.

مۇرادىلنىڭ كۆز ئالدىدىلا ناھايىتى ھارغان، قوللىرى تالغان ئانىلار ھايات كۆۋ - رۈكىدىن ئۆتتى ۋە دەۋر يۈكىنى ئۆز مۈرىسىدە كۆتۈرۈپ، تىكلەشكە قادىر ئىكەن - لىكىنى نامايان قىلدى. تېخىچىلا ھاسىرەپ تۇرغان ھارۋىكەش:

— كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، كۆردۈڭمۇ... بۇنى ئۇنتۇشقا بولامدۇ؟ — دېدى ۋە ئاستا ھارۋىدىكى تۇڭلارنى چۈشۈرۈشكە ماڭدى.

بۇ، روھىي زەئىپ ھەددىلىرىڭنىڭ كۆڭ - لىنى ئاغرىتىشقا بولمايدۇ، دېگەن سۆز ئىدى.

مۇرادىل جۇل - جۇل يىرتىق كىيىم ئىچىدە ئۇيات - نومۇسنى ئارانلا يوشۇرۇپ تۇرغان مېھرىبانلارنى كۆردى. «نېمىشقا شۇن - داق، بۇلار نېمە قىلغان، سىلەر يىپەك كۆڭلەك، چىرايلىق تويلىقى كىيىپ، زەر ياغلىق تېڭىشىڭلار كېرەك» دەپ ئەلەم بىلەن ئويلى - دى ياش رەسسام.

ئېتىز گۈللىرى خەت توشۇغۇچى بالى - دىن ھېچنېمە سورىيالماي مۇڭ ئىچىدە ئولتۇراتتى. زېرەك بالا خالتىسىنى ئېچىپ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاجايىپ بىر يۈكسەك ھېسسىيات ئويغىنىپ كەتتى. ھارۋىدىكى كېرسىنگە لىق تولغان تۇڭلارنى يەرگە چۈشۈرۈشكە قولى بارماي تۇرغان ھاشىر بوۋايمۇ نېمىندۇر سەزگەندەك مۇرا - دىلغا قادىلىپ قالغانىدى. بالىنىڭ يۈرىكى گۈپ - گۈپ سوقۇپ، نەپەسى قىسىلدى. ئۇ تويۇقسىزلا ھەددىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاشقا باشلىدى.

— چىمەنخان ھەدە!

چىمەنخان شۇئان ھۆركىرەپ يىغلى - ۋەتتى.

— تىللاخان ھەدە!

— ئاققان يۇلتۇزدەك ئۆچۈپ كەتتى - ھۇ ئۇ...

— خاتەم، راھەت ھەدە!

— ياق، ياق....

— مايسىخان ھەدە!

— ماڭمۇ؟ قارا خەتمۇ؟

— مەن سىلەرگە...گۈل ئەكەلدىم. ئۇرۇشتىكى ئاكىلىرىمنىڭ رەسىمىنى سىزىپ ئەكەلدىم! نېمىشقا چۆچۈيسىلەر؟ يىغلىمىساڭ - لارچۇ!

كۆڭلى سۇنغان، رەڭگى ئۆچۈپ تا-
تارغان ئانىلارنىڭ يۈزلىرىگە قان يۈگۈردى.
كۆزلىرى پارلىدى. لەۋلىرىدە تەبەسسۇم
ئويىنىدى. ئانىلار مۇرادىلنىڭ قولىدىكى گۈل
ۋە رەسىمىنى ئالدى. ئۇلار رەسىمدىن
ئۇرۇش ئوتىنى، ئوتقا كىرگەن قەھرىمان
ئەرلىرى ۋە سۆيگەن يىگىتلىرىنى روشەن
كۆردى... كۆڭلى يېرىملار خۇشاللىقىدىن
يىغلاپ، بەزىلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئېتىزنى
چاڭ كەلتۈردى. رەسسام ئىنىسىنى تالىشىپ
سۆيۈپ، مەھكەم قۇچاقلاشتى. ئۇلارنىڭ
رەڭسىز، خىرە كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ
كەتتى.

— ھايات پاك - پاكىز تۈگەپ كەت-
مەيدۇ!

— ئۆچكەن ئۈمىدىمىزنى ياندۇردۇڭ!

— ھاردىم - تالدىم دېمەيمىز!

— ھەر قۇش ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ
كېلىدۇ، — دېيىشتى.

مۇشۇ ھاياجانلىق سۆزلەر بىلەن ئۇلار
مۇرادىلنى ئەزىزلىدى، غەمىنى، قايغۇنى
ئۇنتۇدى. ياخشىلىقنى، پەقەت ياخشىلىقنىلا
كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئىللىق چىراي،
خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە چۆرىدەپ يېڭى
ھەيدەلگەن يەرگە داستىخان سېلىپ، خاتىر-
جەم چاي ئىچىشتى. خۇددى داستىخاننىڭ
چۆرىسىدە جەڭچىلەرمۇ ئولتۇرغاندەك، ئايال-
لارنىڭ كەيپىياتى ئۈستۈن بولدى. تۇيۇق-
سىزدىن يۈز بەرگەن شوخ كەيپىياتنى
ھاشىر بوۋاي پەقەت خەت توشۇغۇچى با-
لىنىڭ ھەسسىسى دەپ توغرا چۈشەندى. بالا
چىداپ ئولتۇرالمىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى
تىترەپ، كۆزلىرىگە ئىسسىق ياشلار تولۇپ
كەتتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە،
«قارا خەت» بار خالتىنى ئېلىپ، ھەيدەلگەن
يەر بىلەن يۈگۈرگەن بويىچە مەھەللىگە
قاراپ يول ئالدى.

ئايالالار ھاڭ - تاڭ بولۇپ ۋارقىراشتى:

— ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ھەي، مۇ-
رادىل!

— ياش باللارنىڭمۇ يۇمران يۈرىكى
مۇجۇلۇپ كەتتىغۇ، — دېدى ھارۋىكەش
ساقىلىنى سىيپاپ، — كېتىۋەرسۇن، ۋارقىرى-
ماڭلار!

ئايالالار مۇرادىلنىڭ قىلىقىدىن مىننە-
نەتدار بولۇپ، ئىشقا جىددىي كىرىشىپ
كەتتى. يەنە ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى ياڭرىدى.
بۇ ناخشىلار مۇرادىلغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— مەن يالغان ئېيتتىم، — دەپ ئۆزى-
نى توختىتالماي يىغلىدى بالا. — كۆڭلۈڭ-
لەرنى ئاياپ ئالدىدىم، ياخشىلىق خەۋەرچى-
سى بولاي دېدىم. كەچۈرۈڭلار، ھەدىلىرىم،
كەچۈرۈڭلار، ئاكىلىرىم! سىلەرنى تىرىك
دەپ ئېيتتىم، ئۆلمىدىڭلارغۇ، ئاخىر ھەدى-
لىرىم، سىلەرنى كۈلسۇن، ناخشا ئېيتسۇن،
ھامان بەختلىك بولۇڭلار دېدىم. ئېغىر
ئەمگەكلىرىڭلارنى، غۇربەت تۇرمۇشىڭلارنى، ئۆچ-
مىگەن ئۈمىدىنى كۆردۇم، ھېس قىلدىم.
مېھرىبانلار، مەن سىلەرنىڭ رەسىمىڭلارنى
قولۇمدىن كېلىشىچە سىزىمەن، تېخى،
گۈزەل سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا
بارىمەن. سىلەرنى ئادىل ئىنسانلارغا كۆر-
سىتىمەن...

مۇرادىل رەسىم سىزىۋەردى، سىزى-
ۋەردى...

نەشرگە تەييارلىغۇچى: دەريا ھەسەن. مەسئۇل مۇھەررىر: ئاسىمجان ئىسمايىل

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى 1989-يىلى 6-دېكابىردىن 8-دېكابىرغىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، يىغىندا رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل مۇھىم سۆز قىلدى.

يولداش جانابىل خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرىنى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورۇنلار خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرى خىزمىتىنى ئاڭلىق تۈردە ئۆزىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، چىڭ تۇتۇپ نەتىجە يارىتىشى كېرەك. خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرىنى ئىشلەش مەملىكەتنىڭ 7-بەش يىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات تۈرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ھەرقانداق ناھىيە، شەھەر (بىڭتۇەن دىۋىزىيىلىرى) نىڭ ئىشلىمەي تاشلاپ قويۇشىغا، كېچىكتۈرۈشىگە بولمايدۇ. چوقۇم ياخشى ئىشلەش كېرەك. بوشاڭ قالدۇرۇشقا، رەسمىيەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ.»

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن رەھبەرلىك گۇرۇپپا نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ئۇ ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئېتىبار بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تۇپلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تۈپ كاپالىتى، كەسپىي قوشۇننى تەربىيىلەپ، ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

يىغىندا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، قۇمۇل ۋىلايەتلىك خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرى ئىشخانىسى، غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئەدەبىياتى تۇپلام ئىشخانىسى، كېرىيە ناھىيىلىك خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرى ئىشخانىسى قاتارلىق 11 ئىلغار كوللېكتىپ، 38 نەپەر ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى. ھەممە مەملىكەت بويىچە خەلق ئەدەبىياتى خىزمىتىدە ئىلغار بولۇپ باھالانغان شىبە دېھقان گورگىيا ۋېنمىڭ (چاپچالدىن)، ئابدۇقادىر تۇرسۇن (كېرىيەدىن)، ئېلى ئىسمايىل (قۇمۇلدىن) قاتارلىق ئۈچ كىشىگە مەركەز بەرگەن مۇكاپات ۋە خاتىرە بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ سۆز قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى يولداش قەييۇم تۇردى يىغىن يېپىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ ئۆز سۆزىدە، تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن خەلق ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە تولۇق توپلىۋېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، خەلق ئەدەبىياتى تۇپلاملىرىنى ئىشلەشتە سۈپەت ئۆلچىمىنى چىڭ ئىگىلەش كېرەكلىكىنى، قولنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئەسەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىش، قىرقىش، سۈنئىي، ياسالما ئارىلاشمىلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشىدەك ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ساقلىنىشنى تەكىتلىدى.

△ قازاقىستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ سېكرېتارى قالاۋبېك تۇرسۇنقۇلوۋ بىلەن يازغۇچى، دراماتۇرگ شايىم شاۋايېۋ ئاتاقلىق يازغۇچى، دراماتۇرگ زۇنۇن قادىرنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن 1989-يىلى 26-دېكابىر ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدى. ئۇلار بىر ھەپتە ئىچىدە مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشقاندىن كېيىن، 1990-يىل 2-يانۋار مەملىكىتىگە قايتتى.

# زۇنۇن قادىرنىڭ ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر



زۇنۇن قادىر ياسىن خۇدابەردى.

تېيىپجان ئېلىيوۋ بىلەن بىللە.



زۇنۇن قادىر

ئەدىبلەر ۋە دېھقانلار ئارىسىدا.




زۇنۇن قادىر

بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىللە.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەر

مەرھۇمنىڭ ئائىلە ئالبومىدىن ئېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　　辑：《塔里木》编辑部
出　　　版：新疆人民出版社
印　　　刷：新疆新华印刷厂
发　　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 - يىل 2 - سان (348 - سان) 40 - يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：　1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن ،

邮政编码：830002　پوچتا نومۇرى :